# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى

3

1988

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى — 1988 - يىل 3 - سان

(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) ★ (ئومۇمىي 35 - سان)

پەسىللىك ژۇرنال — 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشىردىن چىقتى

# بۇ ساندا

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدا نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە ......
................ ۋۇشۇچىڭ، ۋېيشىڭخۇا، گاۋفاڭ، شىگۇاڭچىڭ، چېنشيەندا 1

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنىڭ
ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ................ ئابلىز ئىمىن، ئۆمەر بەكرى 22

خوجا باھائىددىن نەقشبەندى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى ................
................................ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن 33

ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ................ ئايشەم ھامۇت 44

ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى تەزكىرىچىلىك ئەنئەنىسى ......
................................ ئابلىمىت روزى 25

«تاجىك» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ...... شېرىن قۇربان 62

ئۇچۇر ۋە ئاخبارات ئىسلاھاتى ................ مۇختەر مەخسۇت 67

خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپ خانىلىق سانلارنى سېلىشتۇ-
رۇش ۋە تەرجىمە قىلىش ................ ئەخمەت يەھيا 74

سۇن جۇڭشەننىڭ شىنجاڭنى ئېچىش توغرىسىدىكى ئۇلۇغۋار پىلانى ......
................ دىڭشاۋخۇي (نىياز ئەھەت تەرجىمىسى) 79

ياڭ زېڭشىننىڭ بېكىنمىچىلىك ۋە خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىيا-
سىتىنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ................ چېن خۇيشېڭ
(ئىبراھىم ھەمدۇل تەرجىمىسى) 94

يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدىن خاتىرە ................
........«خاتىرە» يېزىش گۇرۇپپىسى ........ (ن. ئەخمىدى تەرجىمىسى) 111

ھىجرىيە ۋە مىلادىيە كالېندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى ............
................................ يۈسۈپ ئوربىلى 134

**新疆大学学报** 1988年第3期

（哲学社会科学维文版） （总35期）

# 目 录

社会主义初级阶段的理论探讨……………………………………吴树菁 卫兴华、高 放 奚广庆、陈先达

论社会主义初级阶段按劳分配的特点……………………………………阿不力孜·依明 乌买尔·百克尔

和卓巴哈依丁·那合西班迪与察合台文学……………………阿不都许库尔·买买提伊明

文学的民族特色……………………………………………………阿依夏木·哈木提

中亚，西亚和新疆的传记传统……………………………………阿不里米提·肉孜

“塔吉克”一词来源的初探……………………………………………西仁·库尔班

信息与新闻改革…………………………………………………木合塔尔·马合苏提

汉维语多位数的对比和翻译方法…………………………………艾合买提·叶合亚

孙中山关于开发新疆的宏伟计划 ………………………………………………邓绍辉

试论杨增新闭关自守和愚民政策的实质 ………………………………………陈慧生

新民主主义革命时期中国共产党在新疆的斗争纪事……………………《纪事》编写组

新疆古今 乌拉泊大城三角楼 ……………………………………………刘玉生(摄影)

### مۇشتەرىلەر دىققىتىگە

كەڭ پەن تەتقىقات خادىملىرى ۋە مۇشتەرىلەرنىڭ بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشىغا ئاز تولا ياردىمى بولار دېگەن مەقسەتتە، ئاسترونوم يۇسۇپ ئوربىلىنىڭ 1920-يىلى تۈزۈپ چىققان ھىجرىيە، مىلادىيە كالىندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ 1982-يىل 1-سانىدىن باشلاپ ئېلان قىلغان ئىدۇق.

بۇ جەدۋەل ھىجرىيە 1-يىل 1-ئاينىڭ 16-كۈنى (شەنبە) دىن، 1400-يىل 12-ئاينىڭ 17-كۈنى (سەيشەنبە) گىچە؛ مىلادى 622-يىل 7-ئاينىڭ 16-كۈنى (شەنبە) دىن، 1981-يىل 3-ئاينىڭ 17-كۈنى (سەيشەنبە) گىچە ھىجرىيە ھېسابىدا 1400 يىلنى، مىلادى ھېسابىدا 1359 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ جەدۋەل قولىڭىزدىكى ساندا ئاخىرلاشتى. ۋاقىپ بولۇپ قېلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

# سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدا نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە

تەھرىر ئىلاۋىسى:

پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدا، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى يېڭى نەزەرىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزدە، جۈملىدىن پۈتۈن دۇنيادا غايەت زور تەسىر قوزغىدى. مۇشتەرىلىرىمىزنى سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە ئۈستىدە بىر قەدەر سىستېمىلىق، ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش ۋە مۇھاكىمىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا جەلپ قىلىش مەقسىتىدە، «جۇڭگو خەلق داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان مۇھاكىمە يىغىنىدا بىرقانچىلىغان پروفېسسور ۋە تەتقىقاتچىلار بايان قىلغان پىكىرلەرنى ژۇرنىلىمىزغا باستۇق. مۇشتەرىلىرىمىزنىڭ پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىرقانچە مەسىلە

ۋۇشۇچېڭ

(جۇڭگو خەلق داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پروفېسسور)

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى تەتقىقاتتا، مېنىڭچە، ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مۇنداق بىرقانچە مەسىلە بار.

بىرىنچى، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى دەۋر بۆلۈنۈشى مەسىلىسى.

پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلاتتا، دۆلىتىمىزدە 50 - يىللاردا ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك جەھەتتىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسەن ئورۇندالغاندىن تارتىپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشقىچە ئاز دېگەندە 100 يىلچە ۋاقىت كېتىدۇ، بۇ ۋاقىت سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىغا مەنسۇپ بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى. يەنە: بۇ باسقۇچ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشقان باسقۇچتىن پەرقلىنىدۇ،

دەپ كۆرسەتمەلدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش «ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشقان» ۋاقىتتىن تارتىپ «ئەمەلگە ئاشقان» ۋاقىتقىچە، كەم دېگەندە يەنە نەچچە ئون يىللىق جەرياننى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدىغانىدەك تۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىن ھالقىپ چىققىچە، ھازىردىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ئېھتىمال، يەنە 100 يىلچە ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. چۈنكى، كونا جۇڭگودا سانائەتلىشىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تاۋارلىشىشى، ئىجتىمائىيلىشىشى ھەم زامانىۋىلىشىشىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان. بۇ ئىشنى ئەمدى سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ھالبۇكى، كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە ئاللىقاچان ئورۇندىلىپ بولغان سانائەتلىشىشنى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تاۋارلىشىشى، ئىجتىمائىيلىشىشى، زامانىۋىلىشىشىنى سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئەمدى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئۆلچىمى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا زور دەرىجىدە يۇقىرى بولۇپ كەتتى. شۇڭا ئۇ ھەم ئەنگلىيىنىڭ سانائەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكىگە ئوخشىمايدۇ، ھەم ياپونىيىنىڭ مېجى يېڭىلىقىدا كۆچۈش دەۋرىدىكىگە ئوخشىمايدۇ، شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك سانائەتلەشتۈرۈش ئەھۋالىغىمۇ ئوخشىمايدۇ. بىر تەرەپتىن، ئۆلچەم بەك يۇقىرى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەسلىدىكى سانائەت ئاساسىمىزمۇ ئىنتايىن ئاجىز. بۇ ئەھۋال سوتسىيالىزمىنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىدا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۈستقۇرۇلما ئەھۋالىدىمۇ تەبىئىي ھالدا پەيدىنپەي سۈپەت ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ تۇرىدى، بۇ ئەھۋال باسقۇچلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولدى. دېمەك، دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنى بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمىغان يەنە بىرقانچە دەۋرگە بۆلۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، مۇشۇنداق بىر ئۇزاق جەريان داۋامىدا، ئوبيېكتىپ جەھەتتە چوڭ-چوڭ ئەھۋاللارنىڭ يۈز بەرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، مەسىلەن، ئاساسىي جەھەتتىن كېيىم پۈتۈن، قورساق توق بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھازىرقى باسقۇچ بىلەن مۇشۇ ئەسىردە ئېرىشمەكچى بولغان ھاللىقراق سەۋىيىمىز ۋە كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەتمەكچى بولغان بايراق سەۋىيىدىكى باسقۇچ ئارىلىقىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى روشەن ھالدا ئۆزگىرىدۇ. نەتىجىدە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئۈستقۇرۇلمىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. تۆۋەن باسقۇچنى دەۋرلەرگە قانداق بۆلۈش كېرەك؟ دەۋرلەرگە بۆلۈشتە نېمىنى ئاساس قىلىش كېرەك؟ مانا بۇ، مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە مۇھاكىمە قىلىش ھازىرقى باسقۇچتىكى ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز

ئۈچۈنلا پايدىلىق بولۇپ قالماي، بەلكى نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە توسالغۇسىز ھالدا داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش نىشانىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز ئۈچۈنمۇ پايدىلىق.

ئىككىنچى، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىك مەسىلىسى.

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى جەھەتتىن ئالغاندا، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت، شۇڭا بۇ باسقۇچ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي بازىسقا ئاساس سېلىنمىغان ئۆتكۈنچى دەۋردىن پەرقلىنىدۇ. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ دۆلىتىمىز شارائىتىدا بېسىپ ئۆتۈش مۇقەررەر بولغان ئالاھىدە باسقۇچ بولۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش ئەمەلگە ئاشقان باسقۇچتىنمۇ پەرقلىنىدۇ، ئۇنىڭدا سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم تېخى كامال تاپقىنى ۋە مۇكەممەللىشىپ كەتكىنى يوق. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكنى، تەبىئىيكى، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ كامال تاپمىغان ۋە مۇكەممەللىشىپ كەتمىگەن تەرەپلەردىن مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. گەپ ئاشۇ كامال تاپمىغانلىق ۋە مۇكەممەللىشىپ كەتمىگەنلىكنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىنى قانداق تەھلىل قىلىشتا. بۇنى ھازىر كۆپرەك مەملىكىتىمىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىكى كۆپ خىل ئىگىلىك شەكلى، كۆپ خىل تەقسىمات ئۇسۇلى ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بىلەن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدىكى ئالاھىدىلىك قاتارلىق جەھەتلەردىن ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ زۆرۈر ئىزدىنىش ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. لېكىن تۆۋەن باسقۇچتىكى ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىك مۇشۇ بىر تەرەپ بىلەنلا چەكلىنىپ قويۇلسا، لوگىكا جەھەتتە مۇقەررەر ھالدا، تۆۋەن باسقۇچتىن ھالقىپ ئۆتىدىغان سوتسىيالىزم بىر خىللا شەكىلدىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بىلەن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئاساسىدىكى جەمئىيەتتىن ئىبارەت بولىدۇ، دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ. بۇ، ئېھتىمال سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەسلىكى مۇمكىن. پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلاتتىمۇ مۈلۈكچىلىك ۋە تەقسىمات جەھەتتە، سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ھەممىنى بىر خىل قىلىۋېتىشنى، مۇتلەق تەڭ تەقسىماتچىلىقنى تەلەپ قىلمايدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى. ھازىرقى تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرمۇ مۈلۈكچىلىك ۋە تەقسىمات جەھەتتە ساپ بولغان كاپىتالىزم ئەمەس. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىككە يات تەركىبلەر بىلەن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىغا يات تەقسىمات شەكىللىرىنىڭ ھەممىسىنى دەرھال بىكار قىلىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بىلەن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ساپ شەكىلدە ساقلاپ قېلىش ئاسان بولمىسا كېرەك. ئۇ چاغلارغا بارغاندا، باشقا خىلدىكى مۈلۈكچىلىك بىلەن باشقا شەكىلدىكى تەقسىماتنىڭ ئىجتىمائىي ئىگى-

لىكتىكى ئورنى ۋە رولى جەزمەن زور دەرىجىدە تۆۋەنلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مەزمۇنىدىمۇ خېلى زور دەرىجىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇنىمۇ ئالدىن مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. دېمەك، تۆۋەن باسقۇچتىكى ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكنى تەكشۈرگەندە، بىر تەرەپتىن، ئىگىلىكنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىككە ياتمايدىغان باشقا تەركىبلەرنىڭ ۋە تەقسىماتنىڭ باشقا شەكىللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكتىكى ئورنى بىلەن رولىنى، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى ئىگىلىككە ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەپلىرى بىلەن زىت كېلىدىغان تەرەپلىرىنى، تەقسىماتنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئاساسىي گەۋدە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بىلەن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنىڭ تۆۋەن باسقۇچتىكى خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تېخىمۇ تەپسىلىي تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۈچىنچى، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت مەسىلىسى.

پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلاتتا، ھازىرقى باسقۇچتا بىز دۇچ كېلىۋاتقان ئاساسىي زىددىيەت خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي مەدەنىي ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتۇر، دەپ كۆرسىتىلدى. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ئاشۇنداق بايان قىلىنىشى ئەلۋەتتە توغرا، لېكىن سوتسىيالىزم تەرەققىياتىنىڭ بىر ئالاھىدە باسقۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنى يەنىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. چۈنكى، ئېھتىياج بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى جەمئىيەت تەرەققىياتىدا باشتىن - ئاخىر ئاساسىي زىددىيەت بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن ئوخشاش بولمىغان تارىخىي باسقۇچتا، بۇ زىددىيەتنىڭ كونكرېت ئىپادىسى خېلى پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا، بولۇپمۇ ھازىرقى دەۋردە، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىلگىرى سۈرىدىغان مەبلەغ سېلىش ئېھتىياجى بىلەن ئىستېمال قىلىش ئېھتىياجىنىڭ ئېشىش ئىقتىدارى بىلەن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك قويۇۋېتىدىغان تەمىنلەشنى ئاشۇرۇش ئىقتىدارى ئوتتۇرىسىدا روشەن ھالدا ماس كەلمەسلىك مەۋجۇت. سوتسىيالىزم تەرەققىي قىلىپ بىر قەدەر يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەندە، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنىڭ جىددىي ئۆسۈشى ئارقىسىدا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ماس كەلمەسلىك زور دەرىجىدە ئازىيىشى مۇمكىن. دېمەك، تۆۋەن باسقۇچتىكى ئاساسىي زىددىيەتنى نەزەرىيە جەھەتتىن قانداق قىلىپ تېخىمۇ كونكرېت ئىخچاملاپ چىقىش يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

دۆلىتىمىزنىڭ يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، تۈپ ئاساسىدىن ئالغاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ قالاقلىقى بەلگىلىگەن. ئىشلەپچىقىرىش

كۆچلىرىنىڭ قالاقلىقى، پۈتكۈل سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاساسەن، سانائەتلەشتۈرۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى تاۋارلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنىڭ تېخى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ماددىي - تېخنىكىۋى ئاساسىنىڭ تېخى بىر قەدەر تولۇق راۋاجلاندۇرۇلمىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ۋە ئۈستقۇرۇلما جەھەتتە كامال تاپقان ۋە مۇكەممەللەشكەن دەرىجىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. بۇ، كاپىتالىزمدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان سوتسىيالىزمدەك يېڭى بىر ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ماس كەلمەيدۇ. دەل مۇشۇ مەنىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «گەرچە بىز سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتقان بولساقمۇ، لېكىن بۇ سوتسىيالىزم ئۆلچەمگە لايىق ئەمەس» دەپ كۆرسەتكەن («يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇھىم سۆزلىرى»، 1987 - يىل 2 - ئايدىن 7 - ئايغىچە، 23 - بەت)، مەملىكىتىمىزدە بەرپا قىلىنغان سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي — سىياسىي تۈزۈم بىلەن تېخى بەرپا قىلىنمىغان سوتسىيالىزمدا بولۇشقا تېگىشلىك ماددىي - تېخنىكىۋى ئاساس ئوتتۇرىسىدا روشەن زىددىيەت مەۋجۇت. بۇ زىددىيەت، بىر تەرەپتىن، بىزنىڭ سوتسىيالىزمىمىزنىڭ ناھايىتى ئۇزاق مەزگىلگىچە تۆۋەن باسقۇچتىن ھالقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، بەلگىلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشنى چىڭ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان ۋە پايدىلىق بولغان فاڭجېن - سىياسەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قوللىنىپ، بىرقانچە ئەۋلادقىچە ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىش لازىملىقىنى، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن مەملىكىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان باي - قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقالايدىغانلىقىمىزنى بەلگىلىگەن. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئاساسىي زىددىيەتلەرنى ئاشۇ نۇقتىدىن تەھلىل قىلىش مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلىنىڭ بىرىدۇر.

## سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى تۈپ ئالاھىدىلىك قايسى؟

ۋېي شىڭخۇا

(«جۇڭگو خەلق داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ باش مۇھەررىرى، پروفېسسور)

«مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى تۈپ ئالاھىدىلىك قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت» («قىزىل بايراق» ژۇرنىلى، 22 - سان، 10 -

بەت) دەيدىغان پىكىر ئوتتۇرىغا چىقتى. مېنىڭچە، بۇ كۆز قاراش سوتسىيالىزىمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى تۈپ ماھىيەتلىك بەلگىلىرىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. سوتسىيالىزىمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى تۈپ ئالاھىدىلىك ھەم سوتسىيالىزىمنىڭ ئومۇمىي ۋە تۈپ خاراكتېرلىك ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان بولۇشى، ھەم سوتسىيالىزىمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئالاھىدە ۋە تۈپ خاراكتېرلىك ئالامەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. سوتسىيالىزىمنىڭ ئومۇمىي ئالامەتلىرى بولمىسا، سوتسىيالىزىممۇ بولمايدۇ، يەنى «سوتسىيالىزم» نىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدا ئېغىز ئاچقىلىمۇ بولمايدۇ؛ سوتسىيالىزىمنىڭ ئومۇمىي ئالامەتلىرىدىلا بولۇپ، ئۇنىڭ تۆۋەن باسقۇچىغا دائىر ئالاھىدە ئالامەتلەر بولمىسا، ئۇنىڭ باسقۇچلۇقلىقىمۇ بولمايدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، سوتسىيالىزىمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى تۈپ ئالاھىدىلىك سوتسىيالىزىمنىڭ ئومۇمىي ۋە تۈپ ئالاھىدىلىكى بىلەن باسقۇچلۇقلىقى ۋە ئالاھىدىلىكلىكىنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. ھالبۇكى، «قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش» ھەرقانداق مەنا جەھەتتە سوتسىيالىزىمنىڭ ئومۇمىي ۋە تۈپ ئالاھىدىلىكىگە ئايلانالمايدۇ. ئۇنى سوتسىيالىزىمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنى ئۇنىڭدىن ئاۋالقى ھەرقانداق ئىجتىمائىي فورماتسىيەدىن ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدە باسقۇچلىرىدىن پەرقلەندۈرۈشنىڭ تۈپ ئالامىتى قىلىشقىمۇ بولمايدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى قالاق، قاتلاملىق ۋە تەكشىسىز ھالەتتە تۇرماقتا. بۇ، مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىزىمنىڭ تۆۋەن باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان تۈپ ئالاھىدىلىك ئەمەس، بەلكى سوتسىيالىزىمنىڭ تۆۋەن باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بەلگىلەيدىغان تۈپ شارائىتتۇر. «قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش» سوتسىيالىزىمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئاساسىي زىددىيەتنىڭ بىر تەرىپى. ئەگەر ئاساسىي زىددىيەت تۈپ ئالاھىدىلىك ھېسابلانمايدۇ دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئاساسىي زىددىيەتنىڭ بىر تەرىپى بولغان «قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش» نىڭ تۈپ ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ئاساسىي زىددىيەتنى ئاساسىي ئالاھىدىلىكنىڭ بىرى قىلىشقا بولىدۇ دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئاساسىي زىددىيەتنىڭ يەنە بىر تەرىپىنىمۇ، يەنى خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقان ماددىي، مەدەنىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش — ئورتاق باياشاتلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەرىپىنىمۇ تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، دەل مۇشۇ تەرەپ سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ماھىيىتى ۋە مەقسىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولغاچقا، سوتسىيالىزىمنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. «قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش» بولسا سوتسىيالىزىمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئالاھىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئەھۋالىنىڭ ئىپادىسىدىنلا ئىبارەت.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ قالاقلىقىنى سوتسىيالىزىمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلىش يولى بىلەن ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا،

ئۇنى سوتسىيالىزمنىڭ تېخى تولۇق تىكلىنىپ بولمىغان ماددىي - تېخنىكىۋى ئاساسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. نوقۇل ھالدىلا «قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش» نى ياكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ قالاقلىقىنى تىلغا ئېلىش بىلەن مەسىلە ھەل بولمايدۇ. ئۇنى «تۈپ ئالاھىدىلىك» دەۋالساق، ھەرگىز قائىدىگە سىغمايدۇ.

مېنىڭچە، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى تۈپ ئالاھىدىلىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى ئىقتىسادنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن ئىبارەت. مەيلى مەلۇم بىر ئىجتىمائىي فورماتسىيە ئۈچۈن بولسۇن، ياكى بىر ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ تۈرلۈك تارىخىي باسقۇچلىرى ئۈچۈن بولسۇن، مۈلۈكچىلىك ۋە ئۇنىڭ تۈزۈلمىسى ھامان ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ. ئاساسىي گەۋدە بولغان سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك سوتسىيالىزمغا خاس بولغان ئومۇمىي ۋە تۈپ خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى ئىقتىسادنىڭ كامال تاپمىغانلىقى، مۇكەممەللىشىپ كېتەلمىگەنلىكى ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى ئىقتىسادنىڭ پايدىلىق قوشۇمچىسى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى تۈپ ئەھمىيەتكە ئىگە ئالاھىدە ئالامەت، يەنى باسقۇچلۇق خاراكتېرىگە ئىگە ئالامەت ھېسابلىنىدۇ. باشقا ئالاھىدىلىكلەر، مەسىلەن، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ خىل تەقسىمات ئۇسۇللىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر ئاشۇ تۈپ ئالاھىدىلىكتىن كېلىپ چىققان.

بەزى ئەسەرلەردە، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى «ئوخشاش بولمىغان تۈرلۈك ئىجتىمائىي فورماتسىيەلەرنىڭ ھەممىسىدە مەۋجۇت»، بۇ «ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىغا ئەگىشىپ كېلىدىغان ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر خىل ۋاسىتە ۋە ئۇسۇل» («خەلق» گېزىتىنىڭ 1987 - يىل 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىكى سانى، 5 - بەت) دەپ قارالماقتا. بەزى يولداشلار ھەرقانداق ئىجتىمائىي فورماتسىيە ساپ بولمايدۇ، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەر بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەيدىغان ئاشۇنداق كۆز - قاراشنى چىقىش قىلىپ، ياكى سوتسىيالىستىك ئىقتىساد ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى ئىقتىسادنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ يۇغۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئىقتىسادىي سىستېمىدىن ئىبارەت دېگەن مەسىلىنى چىقىش قىلىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلار يەنە ھەممىشە ماركسنىڭ بەزى سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈش يولى بىلەن ئۆزىنىڭ كۆز قا-

راشلىرىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. مەسىلەن، «خەلق» گېزىتىگە بېسىلغان بىر پارچە ماقالىدا ماركسنىڭ سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلۈپ مۇنداق دېيىلگەن: «ماركسنىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئىجتىمائىي فورماتسىيىلەرنىڭ ھەرقاندىقىدا باشقا بارلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئورنىنى ۋە تەسىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىر خىل مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش بولىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ بارلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئورنىنى ۋە تەسىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. بۇ ھەممىنى يورۇتىدىغان بىر خىل نۇر بولۇپ، باشقا ھەممە تۈسلەر بۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ، بۇ نۇر ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ...،» ماركسنىڭ بۇ سۆزى پۈتۈنلەي خاتا چۈشىنىلگەن. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى ھەممە جەمئىيەتتە كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئىقتىسادىي تەركىب ھەممىنى يورۇتىدىغان بىر خىل نۇر بولۇپ، ئۇنىڭ باشقا ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئەمەس. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى ئىقتىسادىي كاتېگورىيىلەر كۆپ ھاللاردا مەلۇم جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلىنىڭ ئايرىم تەرەپلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ؛ ئاساسىي گەۋدىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلىنى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئالامەتلىرىنى ئىگىلەش سىياسىي ئىقتىسادنىڭ قىسىملارغا بۆلۈنۈشىدە «ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە» دېگەن كۆز قاراشنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەگەر تەتقىق قىلىنىدىغان ئاساسىي گەۋدە كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇنى يەر ئىجارىسى ۋە يەر مۈلۈكچىلىكى جەھەتتىن باشلاپ تەتقىق قىلىشقا بولمايدۇ، گەرچە يەر بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىرىكچىلىكنىڭ مەنبەسى بولسىمۇ. چۈنكى، سانائەت كاپىتالى ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە قىممەت ئىشلەپچىقىرىشى باشقا بارلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئورنىغا ۋە تەسىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئەگەر تەتقىق قىلىنىدىغان ئاساسىي گەۋدە قەدىمكى جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەت بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، «تېرىقچىلىق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇلاردا ھەتتا سانائەت، سانائەت تەشكىللىرى ھەم سانائەتكە مۇۋاپىقلاشقان مۈلۈكچىلىك شەكلىمۇ ئازدۇر - كۆپتۇر يەر مۈلۈكچىلىكى خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ؛...» («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 - توم، 187 - بەت). روشەنكى، ماركسنىڭ دېمەكچى بولغىنى، ئوخشاش بىر جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋە ئوخشاش ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي خاراكتېردىكى ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي تارماقلار ۋە كەسىپلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت. ھالبۇكى، بۇ مۇناسىۋەت سىياسىي ئىقتىسادنى قىسىملارغا بۆلۈش كاتېگورىيىلىرىنىڭ تەرتىپى جەھەتتىن تەكشۈرۈلىدۇ.

ئىجتىمائىي فورماتسىيىلەرنىڭ ھەممىسىدە كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ دېيىدىغان كۆز قاراشمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. ئۈچ مىليون

يىلىچە داۋاملاشقان ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كۆپ خىل ئىقتىسادنىڭ قانداق تەركىبلىرى بار ئىدى؟ كېلەچەكتىكى كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىدىمۇ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى ئىقتىسادنىڭ تۈرلۈك شەكىلدىكى تەركىبلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرامدۇ؟ مەسىلىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ دائىرىسى بىلەنلا چەكلىگەندىمۇ يەنە مەسىلە تۇغۇلىدۇ: ئەگەر يۇقىرى باسقۇچتىمۇ كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەر بولىدىغان بولسا، ئىقتىسادىي جەھەتتە سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىن ھالقىپ كېتىدىغان يەنە قانداق مەسىلە بولىدۇ؟ سوتسىيالىزمنى تۈرلۈك باسقۇچلارغا ئايرىشنىڭ يەنە نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ قالاقلىقى، كۆپ قاتلاملىقى ۋە تەكشىسىزلىكىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىدە ئەكس ئېتىدىغان توپ ئالاھىدىلىكى زادى قايسى؟

كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋاستە ۋە ئۇسۇل دېيىشمۇ ئىلمىي پىكىر ئەمەس. كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىب دېگەنلىك كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى ئىقتىسادنى كۆرسىتىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا ئاساسىي گەۋدە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى ئىقتىسادنى ۋاستە دېيىشكە بولامدۇ؟ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى خۇسۇسىي تىجارەتچىلەرنىڭ ئىقتىسادىنى، چەت ئەل كاپىتالى بىلەن مۇستەقىل باشقۇرۇلۇۋاتقان ئىقتىساد قاتارلىقلارنىمۇ ۋاستە دېيىشكە بولامدۇ؟ تۈرلۈك ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ ھەممىسى، ئادەتتە، سوتسىيالىستىك خاراكتېردە، كاپىتالىستىك خاراكتېردە، دۆلەت كاپىتالىزمى خاراكتېرىدە دېگەنگە ئوخشاش ئالاھىدە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي خاراكتېرگە ئىگە. كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى تاۋار ئىگىلىكى، بازار مېخانىزمى قاتارلىق «ۋاستە»لەر بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىب ئابستراكت مەنىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ، بەلكى ھەممىشە ئالاھىدە خاراكتېردىكى كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك شەكلىدە كونكرېت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

سوتسىيالىستىك ئىقتىساد كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ ئارىلاشمىسىنى ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى ئىقتىسادنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش دېگەنلىك سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش دېگەنلىكتۇر. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد ئاساسىي گەۋدە قىلىنىدۇ» («جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرايلى»، 38 ـ بەت) دەپ كۆرسەتكەن. بۇ سۆزدىن، تەبىئىيكى، قوشۇمچە قىلىنىدىغان غەيرىي سوتسىيالىستىك ئىقتىسادمۇ بار دېگەن مەنا كېلىپ چىقىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا يەتكەندە، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى ئىقتىساد يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىدۇ، غەيرىي سوتسىيالىستىك ئىقتىساد بولسا ئۆزىنىڭ پايدىلىق بولغان قوشۇمچە رولىنى يوقىتىپ، تارىخ سەھنىسىدىن چۈشىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ يۇقىرى باس-

قۇچى ساپ بولۇشىمۇ مۇمكىن، ساپ بولماسلىقىمۇ مۇمكىن، مەسىلەن، ئاز - تولا يەككە ئىگىلىك ياكى باشقا ئىقتىسادىي ئامىللارمۇ ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن كۆپ خىل ئىقتىساد بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئەھۋالى شەكىللەنمەيدۇ. 13 - قۇرۇلتايدا بېرىلگەن دوكلاتتا: «ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، ھەتتا خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا يول قويۇش سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى جەھەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلەنگەن» دەپ كۆرسىتىلدى. يەنە: «سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشى كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى. روشەنكى، بۇ يەردە كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ ئالاھىدىلىكى سۈپىتىدە بايان قىلىنغان. سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەر تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت بولىدىكەن، بۇ ھال سوتسىيالىزمنىڭ تېخى كامال تاپمىغانلىقىنى، يۇقىرى باسقۇچقا يەتمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئوبيېكتىپ ئالاھىدىلىك بىلەن سۇبيېكتىپ تەدبىر پەرقلەندۈرۈلۈشى كېرەك

گاۋ فاڭ

(خەلقئارا سىياسى فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى)

پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدا بايان قىلىنغان سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشىمىز ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى، ھەقىقىي مەۋقەيىمىز ۋە چىقىش نۇقتىمىزنى بەلگىلەپ بەردى، يەنى ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىكنى چىقىش قىلىپ، توغرا ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئەڭ ياخشى ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشىمىز لازىملىقىنى، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىكنى نامايەن قىلالايدىغانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ بەردى. بىراق، نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەر، جۈملىدىن بەزى مەشھۇر ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ ماقالىلىرىدا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە توختالغاندا، ھەممىسى دېگۈدەك، بىرىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ قالاقلىقىنى، ئىككىنچىدىن، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى، ئۈچىنچى-

دىن، تەقسىمات شەكلىنىڭ كۆپ خىللىقىنى تىلغا ئېلىۋاتىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ كۆز قاراشلاردا، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئىجتىمائىي ئوبيېكتىپ ئالاھىدىلىكلەر پارتىيىنىڭ سۇبيېكتىپ تەدبىرلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن، بۇنداق بولغاندا، قايسى نەرسىنىڭ تۆۋەن باسقۇچتىكى ئوبيېكتىپ ئالاھىدىلىك ئىكەنلىكىنى، قايسى نەرسىنىڭ پارتىيىمىز ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا قاراپ قوللانغان توغرا تەدبىرلەر ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالغىلى بولمايدۇ، نەتىجىدە سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ.

بىز سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىزنى ئاساس قىلدۇق. دۆلىتىمىز 2000 يىلدىن ئارتۇق فېئوداللىق جەمئىيەتنى، 100 يىلدىن ئارتۇق يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ مۇستەقىل تەرەققىياتىنى باشتىن كەچۈرمىدى؛ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەتتە يىللىق ئۆتكۈنچى دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈپ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە قەدەم قويدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە يەنە 20 نەچچە يىللىق «سول» چىللىق خاتالىقنى ئۆتكۈزدى. 80 - يىللارغا كەلگەندە ئاندىن دۆلىتىمىزنىڭ تېخى سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋالدۇق. بۇ چاغدىكى جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى قايسى؟ بىرىنچىدىن، زامانىۋىلاشقان بىر تۈركۈم يىرىك كارخانىلار بارلىققا كەلگەن ۋە ئاز سانلىق تەشكىل قىلىدىغان پەن - تېخنىكىمىز دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يەنىلا قالاق ھالەتتە تۇرماقتا، پەن - تېخنىكا سەۋىيىمىز ئومۇمەن يۇقىرى ئەمەس، بىر مىليارد ئاھالىنىڭ 800 مىليونى يېزىدا، ئۇلار ھېلىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن قول ئەمگىكى سايمانلىرى بىلەن قۇرساققا ئىشلەۋاتىدۇ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا ئىپتىدائىي ھالەتتىكى كونىراپ كەتكەن ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىۋاتىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى جەھەتتىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم تىكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ساناائەتلىشىش، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش، تاۋارلىشىش دەرىجىسى يەنىلا ناھايىتى تۆۋەن، ئىچكى بازار ئانچە تەرەققىي قىلمىغان، ناتۇرال ئىگىلىك بىلەن يېرىم ناتۇرال ئىگىلىك كۆپلەپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. شۇڭا، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى كېڭەيتىشكە ئامال بولمايۋاتىدۇ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنى ئاساس قىلىش كەم بولۇۋاتقان سوتسىيالىستىك مۈلۈكچىلىكنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكىمۇ ئامال بولمايۋاتىدۇ. ئۈچىنچىدىن، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈم ئورنىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن پارتىيىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش، ھوقۇقنى شەخسكە ئادەتتىن تاشقىرى مەركەزلەشتۈرۈۋېتىش، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلماي، ھوقۇق بىلەن ئىدارە قىلىش، قانۇنچىلىق مۇكەممەل بولماسلىق، كۆپ قىسىم ئادەمدە پۇقرالىق

ئېڭى ۋە دېموكراتىك سىياسىي تەجرىبە كەم بولۇش، فېئوداللىق مۇستەبىتچىلىك، ئائىلە باشلىقى شەكلىدىكى رەھبەرلىك ئىستىلى قاتارلىق ئەھۋاللار يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، دۆلەت ئورگانلىرىدا بيۇروكراتلىق ۋە چىرىكلىشىش ھادىسىلىرى ئېغىر دەرىجىدە ساقلىنىۋاتقاندا، خەلق ئاممىسى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى نازارەت قىلالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالدى. تۆتىنچىدىن، ماركسىزمنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچى ئورنى تىكلەنگەن ۋە سوتسىيالىستىك مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن «سول» چىل ئىدىيىنىڭ زەھىرى ناھايىتى چوڭقۇر، قاتماللىق ئىدىيىسى ئېغىر بولۇپ كەلمەكتە، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ يەنە بازىرى بار، ساۋاتسىزلار ۋە چالا ساۋاتلىقلار ئاھالىنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە بولغانلار ئاھالىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ، ھەر ئون مىڭ ئادەم ئىچىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئاران 11 نەپەرنى ئىگىلەيدۇ. زىيالىيلارنىڭ تەمىناتى ۋە مائارىپ خىراجىتى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىچىدە ئەڭ تۆۋەن قاتاردا تۇرىدۇ. بەشىنچى، ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار يوقىتىلغان، خەلقنىڭ تۇرمۇشى خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىمىز ئاجىز، ئاھالىمىز كۆپ، ئومۇمىي مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى جەھەتتە ھېلىھەم دۇنيا بويىچە ئارقىدا بولۇپ، 133 - ئورۇندا تۇرۇۋاتىمىز. يەنە بىر قىسىم جايلاردىكى ئاھالىلار كىيىم - كېچەك ۋە ئوزۇق - تۈلۈك مەسىلىسىنى تېخى ھەل قىلغىنى يوق. ئالتىنچى، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە بىرلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن دۇنيادا يەنە جاھانگىرلىك مەۋجۇت، دۇنيا تىنچلىقى يەنە خەۋپ ئىچىدە تۇرماقتا، دۆلىتىمىزنىڭ تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق رايونلىرى بىرلىككە كېلىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا، بۇ جايلارنىڭ مىللىي مەھسۇلات قىممىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 3 — 4 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن توغرا كېلىدۇ.

ئىلگىرى، بىز خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە، دۆلىتىمىزنىڭ بۇ ئاساسىي ئەھۋالىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇۋالالمىدۇق، سوتسىيالىزم، ماركسىزم - لېنىنىزم توغرىسىدىمۇ بىرمۇنچە خاتا چۈشەنچىدە بولۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا ۋە كوممۇنىزمغا ئۆتۈشكە ئالدىرىدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىر قاتار سول تەدبىرلەرنى قوللاندۇق. مەسىلەن، پەن - تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا سەل قاراپ، ئۇنى «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھەممىنى ھەل قىلىش نەزەرىيىسى» دەپ قالايمىقان تەنقىدلىدۇق؛ مۈلۈكچىلىك جەھەتتە چوڭ، ئومۇمىي، ئالىي ۋە ساپ بولۇشنى قوغلاشتۇق؛ تەقسىمات جەھەتتە تەڭ تەقسىماتچىلىقنى يولغا قويۇپ، چوڭ قازاننىڭ تامىقىنى يېدۇق؛ تاۋار ئىگىلىكىنى ئىنكار قىلىپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشقا چەك قويدۇق ۋە دۆ-

لەتنىڭ بۇيرۇق خاراكتېرىدىكى پىلاننى بىردىنبىر قانۇن دەپ بىلدۇق؛ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىلغاندىن كېيىنمۇ خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدا، پارتىيە ئىچىدە قالايمىقان ئادەم تۇتۇپ، ئۇلارنى سىنىپىي دۈشمەن دەپ قارىدۇق؛ دىكتاتۇرىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتۇق، دېموكراتىيە كەمچىل بولدى، قانۇنچىلىق تولۇق بولمىدى؛ ھوقۇقنى شەخسكە مەركەزلەشتۈرۈپ، شەخسكە چوقۇنۇشنى ئەۋج ئالدۇرۇۋەتتۇق؛ زىيالىلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ئىلىم - پەن دېموكراتىيىسى ۋە ئەركىنلىكىنى بوغدۇق؛ سىرتقا قارىتا بېكىنمىچىلىك قىلىپ، دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ بالدۇرراق غەلىبىگە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلدۇق ۋە باشقىلار. ئەمەلىيەت بۇنداق تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە تەڭ تەقسىماتچىلىق ئاساسىدىكى گاداي سوتسىيالىزمنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنى تارىختىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئاساسىي ئەھۋاللارنى يېڭىۋاشتىن تونۇپ يەتتى ۋە مەملىكىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى تۈزۈپ چىقتى. بۇ ئاساسىي لۇشيەننىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيىمىز بىر قاتار كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللاندى. بۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: بىرىنچى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى بارلىق خىزمەتنىڭ مەركىزى قىلىپ، كۈچنى توپلاپ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىش، ئالىي تېخنىكا تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇش، چەت ئەلنىڭ ئىلغار تېخنىكىلىرىنى پائال تۈردە كىرگۈزۈش، ئەنئەنىۋى سانائەت ئىنقىلابىنى ئۇقتىلىق ھالدا ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنيانىڭ يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىغا يېتىشىۋېلىش، تىرىشىپ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈپ، دۇنيادا پەرۋاز قىلىش. ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك بازار سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلەشتۈرۈش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، كۆپ خىل تەقسىمات شەكلىنى يولغا قويۇش. ئۈچىنچى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىنى بەرپا قىلىپ، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىش؛ پارتىيە ۋە ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرى بىلەن دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، دۆلەت ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىچكى پائالىيىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، مەركەز، جايلار ۋە ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تۈزۈملەش-

تۈرۈش، دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى تەربىيلەش، ئۆستۈرۈش، ئىشقا قويۇش ۋە شاللىۋېتىشنى تۈزۈملەشتۈرۈش، ئاساسىي قاتلاملارنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، ئىجتىمائىي مەسلىھەت ۋە سۆھبەتنى تۈزۈملەشتۈرۈش تەلىپىنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئادەم بىلەن ئىدارە قىلىشتىن قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشقا ئۆتۈپ، خەلق ئاممىسىنى ھەقىقىي خوجايىنغا ئايلاندۇرۇش. بولۇپمۇ پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى كېڭەيتىش يولى بىلەن خەلق دېموكراتىيىسىنى پەيدىنپەي ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇنى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئەمەلىي ۋە ئۈنۈملۈك تەدبىرى قىلىش. تۆتىنچى، ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى - ئەخلاقىي سۈپىتى بىلەن پەن - مەدەنىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش؛ پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، مەجبۇرىي مائارىپنى ئىمكان قەدەر تېز ئومۇملاشتۇرۇش، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ بىلەن ئالىي مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۆستۈرۈش، زىيالىيلارنىڭ خىزمەت شارائىتى ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ياخشىلاش؛ «ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىلىم - پەن ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ دوگماتىزم، قاتماللىق ئىدىيىسى ۋە ئۇچىغا چىققان سولچىللىقنىڭ قالدۇق زەھەرلىرىنى تۈگىتىش ھەم بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشتىن ساقلىنىش. بەشىنچى، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ ئالدىن بېيىشىغا پائال ئىلھام بېرىپ، پەيدىنپەي ئورتاق بېيىشقا يېتىش. بىرىنچى قەدەمدە، ئالدى بىلەن خەلقنىڭ كىيىمىنى پۈتۈن قىلىش، قورسىقىنى تويغۇزۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش؛ ئىككىنچى قەدەمدە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش؛ ئۈچىنچى قەدەمدە، كېلەر ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، زامانىۋىلىشىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇمىي مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنى ئوتتۇرا ھال تەرەققىي قىلغان مەملىكەتلەرنىڭكىگە يەتكۈزۈپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى بىر قەدەر باياشات قىلىش. ئالتىنچى، ھەرقايسى ئەللەر بىلەن تىنچ بىللە تۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈپ، تىنچلىق ۋە تەرەققىياتنى ھازىرقى دۇنيادىكى ئاساسىي مەسىلە قىلىش، «بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم» ئارقىلىق دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تەدبىرلەر دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئاساسىي ئەھۋالىغا ۋە ئوبيېكتىپ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن. چۈنكى، بىز تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ماركسىزم بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى بىرلەشتۈرۈلگەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى تېپىۋالدۇق. مېنىڭچە، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئوبيېك-

تىپ ئالاھىدىلىكى بىلەن پارتىيىمىزنىڭ سۇبيېكتىپ تەدبىرى پەرقلەندۈرۈلگەندىلا، ئاندىن بۇرۇنقى سىياسىتىمىزنىڭ خاتا بولۇشى ۋە ھازىرقى سىياسىتىمىزنىڭ توغرا بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالايمىز، شۇنداقلا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىكنىڭ تۈپ ئاساسى ئىكەنلىكىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش بولسا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى كۈرەش نىشانىمىز ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالايمىز. پارتىيىنىڭ سۇبيېكتىپ تەدبىرى جەمئىيىتىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلماقتا ۋە كەلگۈسىدىمۇ جەزمەن شۇنداق ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جەمئىيىتىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ ئالاھىدىلىكىمۇ كەلگۈسىدە زور دەرىجىدە ئۆزگىرىدۇ. مانا بۇ، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان سۇبيېكتىپ تەدبىر بىلەن سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە بولغان ئەكس تەسىرىدۇر.

## تۆۋەن باسقۇچتىكى ئىسلاھاتقا دائىر نەزەرىيىۋى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئوي - پىكىرلىرىم


شى گۇاڭچىڭ

(ماركسىزم - لېنىنىزم تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى، دوتسېنت)


يولداش جاۋ زىياڭ پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىغا كۆپ يىل بولۇپ قالغانلىقىنى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىغا دائىر نەزەرىيىۋى تەتقىقات ۋە تەشۋىق - تەربىيە ئىشلىرىنىڭ يەنىلا ناھايىتى ئاجىز بىر ھالقا بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. ھازىر ئىسلاھات داۋاملىق چوڭقۇرلاشماقتا، بۇ ھەقتىكى نەزەرىيىۋى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش ئىنتايىن چوڭ ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان جىددىي مەسىلە بولۇپ قالدى.

ئىسلاھاتقا دائىر نەزەرىيە تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئىدىيىۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئىلگىرى، بىزنىڭ ئىنقىلاب توغرىسىدىكى تەشۋىقاتىمىز ناھايىتى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلغانىدى، كۆپچىلىكنىڭ ئىنقىلابنىڭ رولى، ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى تونۇشىمۇ بىر قەدەر ئەتراپلىق ئىدى. لېكىن ئىسلاھاتقا كەلگەندە، بەزى يولداشلار ئۇنى ۋاقىتلىق تەدبىر دەپ قاراپ، ئۇنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئورنى ۋە رولىنى تولۇق مۆلچەرلىمەيۋاتىدۇ. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، ئىسلاھات — ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان تارىخىي ھەرىكەت.

بىر سىنىپ ئىنقىلاب ئارقىلىق كونا تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ يېڭى تۈزۈمنى ئور-
ناتقاندىن كېيىن، خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە داۋاملىق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش يولى
بىلەن، بۇ يېڭى تۈزۈمنىڭ ماھىيىتى ۋە تەلىپىنى نامايەن قىلىدىغان بىر قاتار
كونكرېت سىياسەت ۋە تۈزۈملەرنى ئورنىتىشى ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك، ئۇنداق
بولمىسا، يېڭى تۈزۈم مۇستەھكەملىنەلمەيدۇ ۋە تەرەققىي قىلالمايدۇ. بۇرژۇئازىيىمۇ
شۇنداق، پرولېتارىياتمۇ شۇنداق. بىزنىڭ تۆۋەن باسقۇچتىكى سوتسىيالىزمىمىز، ئالدى
بىلەن، كونا تۈزۈلمىدىن يېڭى تۈزۈلمىگە بۇرۇلۇشتىكى مۇشەققەتلىك ۋەزىپىلەرنى ئو-
مۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشى لازىم، ئۇنىڭ-
دىن كېيىن، يەنە داۋاملىق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئۈستقۇ-
رۇلما جەھەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن بولمىغان ئامىل-
لارنى تۈگىتىشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن پەيدىنپەي راۋاجلىنىپ كامال
تاپقان سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئايلىنالايدۇ. ئىسلاھات — سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن
باسقۇچىدىكى ئاساسىي ئەمەلىيەت، شۇنداقلا سوتسىيالىزمنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا
قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تارىخىي ھەرىكەت. شۇڭا بىز ئىسلاھاتقا
دائىر نەزەرىيىۋى تەتقىقات ۋە تەشۋىقات ئىشلىرىنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتنىڭ تارىخىي
ئورنىنى، تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ۋە يېتەكچى پرىنسىپىنى ئىلمىي ھالدا شەرھلىشى-
مىز، كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى ماركسىزملىق ئىلمىي ئىسلاھات نەزەرىيىسى بىلەن قورال-
لاندۇرۇشىمىز ۋە شۇ ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنى، پۈتۈن خەلقنى تېخىمۇ ئاڭلىق، تېخىمۇ
قەتئىي تۈردە ئىسلاھاتنى ئىلمىي يول بىلەن ئالغا سۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلى-
شىمىز لازىم.

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە ئىسلاھاتقا دائىر نەزە-
رىيىۋى تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىدىيىدە ئازاد بولۇشنى
تەلەپ قىلىدۇ. ئىلگىرى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە، بىز سوتسىيالىزمنىڭ نىسبە-
ئىكەنلىكىنى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى سەگەكلىك تونۇپ يېتەلمىگەنلىكىمىز
ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغىدىغان ۋە سوتسىيالىزمغا خاس
ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولمىغان بىر مۇنچە نەرسىلەرگە «سوتسىيالىزم پرىن-
سىپى» دەپ چىڭ ئېسىلىۋالدۇق؛ سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ
راۋاجلىنىشىغا ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تاۋارلىشىشى، ئىجتىمائىيلىشىشى، زامانىۋىلىشىشىغا
پايدىلىق بولغان بىر مۇنچە نەرسىلەرگە «كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈش» دەپ قارشى
تۇردۇق. شۇڭا، بەزى كىشىلەر ھازىرغىچە ئىسلاھاتقا گۇمان بىلەن قاراپ، خاتا چۈ-
شەنچىدە بولۇپ كەلمەكتە، ئىسلاھاتقا دائىر تەتقىقات ئىشىدىمۇ قول قوشتۇرۇۋېلىپ،
بىر ئىزدا تۇرۇۋالماقتا. ئىسلاھاتقا دائىر نەزەرىيىۋى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن،
بۇنداق ئاسارەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىدىيىدە داۋاملىق ئازاد بولۇپ، سانائەتلەشتۈرۈشنى

ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى تاۋارلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھاتقا دائىر نەزەرىيىۋى تەتقىقاتنى يۈرەكلىك ھالدا قانات يايدۇرۇشىمىز لازىم. مەسىلەن، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تاۋارلىشىشى، ئىجتىمائىيلىشىشى، زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ھەممە جەھەتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ باردى. XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، بۇرژۇئازىيە بىرىنچى قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابىدا بارلىققا كەلگەن يىرىك ماشىنا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئىشخانا قول سانائىتى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، زاۋۇت تۈزۈمىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ بولغان مېخانىزمنى بەرپا قىلدى؛ XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئىككىنچى قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابىدا بارلىققا كەلگەن زامانىۋى يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، بۇرژۇئازىيە يەنە پايچىكلار شىركىتى تۈزۈمىنى يولغا قويدى ۋە كارتېل، سىندىكات، كونسېرن قاتارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنى بەرپا قىلدى؛ ھازىرقى زاماندىكى ئۈچىنچى قېتىملىق پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ يېڭى شارائىتىدا، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ دۇنياۋى يېڭى تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، بۇرژۇئازىيە يەنە دۆلەت مونوپولىيىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەتتىن ھالقىغان شىركەتلەرنى ۋە خەلقئارا مونوپول تەشكىلاتلارنى راۋاجلاندۇرماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇرژۇئازىيە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن تۆرلۈك دەۋرلەردە، داۋاملىق تۈردە ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى ۋە ئېلىپ بارماقتا. مەسىلەن، ئاساسىي قانۇنلۇق ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ مۇكەممەللەشتۈردى، مەمۇرىي ئەمەلدارلار تۈزۈمىنى ئورناتتى ۋە ياخشىلىدى، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تۈزۈمىنى ئورناتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى ۋە باشقىلار. شۇنىڭ بىلەن، تاۋارلاشقان، ئىجتىمائىيلاشقان، زامانىۋىلاشقان كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۈزلۈكسىز تۈردە راۋاجلاندى. بىزنىڭ ئىسلاھاتىمىز سوتسىيالىستىك ئىسلاھات بولۇپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىسلاھاتىدىن ماھىيەت جەھەتتىن پەرق قىلىدۇ، بىز بۇرژۇئازىيىنىڭ تەجرىبىسى بويىچە ئىش كۆرەلمەيمىز ئەلۋەتتە. لېكىن، تاۋارلاشقان، ئىجتىمائىيلاشقان، زامانىۋىلاشقان ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەزى ئورتاق خاراكتېرگە ئىگە نەرسىلەرمۇ بار. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئىسلاھاتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىدىيىدە ئازاد بولۇشىمىز، بۇرژۇئا ئىسلاھاتىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم.

تۆۋەن باسقۇچتىكى ئىسلاھاتنى تەتقىق قىلىشتا يەنە بىر مۇھىم مەسىلە بار،

ئۇ بولسىمۇ ئىسلاھاتنىڭ يېڭىچە تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن ھەرىكەت ئۇسۇلىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئىبارەت. ئىسلاھات بىلەن ئىنقىلابنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مۇھىتى ئوخشاش ئەمەس، ئۇلارنىڭ كونكرېت ۋەزىپىسى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئوخشاش ئەمەس. شۇڭا ئۇلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن ھەرىكەت ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. لېنىن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئىنقىلاب — كونا شەيئىلەرنى بۇزۇپ تاشلاشتىكى ئەڭ ئاساسىي ۋە ئەڭ تۈپ ئۆزگەرتىش، ئىسلاھات بولسا كونا شەيئىلەرنى ئېھتىيات بىلەن پەيدىنپەي ئۆزگەرتىپ بارىدۇ، دېگەن. 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز ئىسلاھات دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، سوتسىيالىستىك يېڭى تۈزۈلمىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشىدىغان تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن خىزمەت ئۇسۇلىنى بەرپا قىلىپ، بوران - چاپقۇنلۇق ئاممىۋى ھەرىكەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، قاتمال تۈزۈلمە شارائىتىدا شەكىللەنگەن بۇرۇنقى تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش لازىملىقىنى قايتا - قايتا شەرھلىدى. لېكىن مەسىلە ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش، ھەممىنى بىر قېلىپقا سېلىش، بىراقلا قوزغىلىش، ئالدىراقسانلىق قىلىش، ئاددىي ۋە قوپال ئۇچىدا ئىشلەش، ھازىرقى ھالەت بىلەن قانائەتلىنىپ قېلىش، كونا قائىدىگە يېپىشىۋېلىش، ئەندىزىچىلىك - دورامچىلىق قىلىش قاتارلىق كونا پەدىگە دەسسەشتە بولىۋاتىدۇ. بۇ ھال بىرمۇنچە كىشىلەردە بىر خىل تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن ئادەت شەكلىگە ئايلىنىپ قېلىپ، ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا توسالغۇ بولىۋاتىدۇ. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ كونا تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ۋە ئادەتلىنىپ قالغان خىزمەت ئۇسۇلىنى ھەقىقىي تۈردە تۈگىتىشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئىسلاھاتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ئىسلاھات جەريانىدىكى تۈرلۈك ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ، ئىسلاھاتقا ئىلمىي يېتەكچىلىك قىلىش پرىنسىپلىرىنى شەرھلەش ۋە تەشۋىق قىلىش، ئىسلاھاتنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن ھەرىكەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش لازىم. بۇ خىزمەت ياخشى ئىشلەنسە، ئىسلاھاتنى تېزلىتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا زور پايدىسى بولىدۇ.

## ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئۆلچىمى

چېن شيەندا

(پەلسەپە فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور)

ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىدە، ئاز ساندىكى يولداشلار، چىڭ تۇرسا تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولمايدۇ، تەرەققىي قىلدۇرسا، چىڭ

توغرىلى بولمايدۇ، دەيدىغان ئانتىنومىيىلىك كۆز قاراشقا يېتىپ قالدى. پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۈۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ پۈتۈنلەي يالغاندىن ئويدۇرۇلغان زىددىيەت، ئەمەلىيەتتە، چىڭ تۇرۇش بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تامامەن بىرلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ تۈۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە بىزگە چىڭ تۇرۇش بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئۈلگىسىنى يارىتىپ بەردى.

سوتسىيالىزمنىڭ تۈۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە فرىيېدىزمنى، مەۋجۇدىيەتچىلىكنى ياكى قانداقتۇ باشقا بىر ئېقىمنى ئەمەس، بەلكى ماركسىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلغان نەزەرىيىدۇر. بۇ نەزەرىيە جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ماتېرىيالىستىك تارىخ قارىشى نەزەرىيىسىگە ئاساسلىنىپ، هازىرقى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىمىزنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى، بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەپىدىن بەلگىلەنگەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش سەۋىيىسىنى ۋە بۇنداق تېخى مۇكەممەللىشىپ كەتمىگەن ۋە كامال تاپمىغان ئىقتىسادىي تۈزۈم تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئۈستقۇرۇلما ئەھۋالىنى ئىلمىي هالدا تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن مەملىكىتىمىزنىڭ يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ تۈۋەن باسقۇچىدا تۇرىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خۇلاسىنى چىقاردى. بۇ نەزەرىيە قوللانغان مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇل ۋە ئۇ ئاساسلانغان پرىنسىپلارنىڭ هەممىسى پۈتۈنلەي ماركسىزملىقتۇر.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بارلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى هەل قىلغۇچ كۈچى هېسابلىنىدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئۈستقۇرۇلما ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىقلاشقاندىلا، ئاندىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ: سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى، سوتسىيالىزمنىڭ بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا قاراپ ئىلگىرىلىشى ۋە كوممۇنىزمنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ دېگەن نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ هەممىسى ماركسىزمنىڭ ئەڭ ئومۇمىي، ئەڭ ئاساسىي قائىدىسى ئەمەسمۇ؟ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ماركسىزمنىڭ ۋاقتى ئۆتكىنى يوق. ئەمەلىيەت بۇ ئاساسىي نەزەرىيىنىڭ ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىنىشى بىلەنلا غايەت زور نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي كۈچ هاسىل بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

هازىرقى غەرب ئەللىرىدىمۇ هەر خىل - هەر رەڭدىكى ئىجتىمائىي نەزەرىيىلەر بارلىققا كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىلھاملاندۇرۇش خاراكتېرىدىكى بەزى كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ هېچقايسىسى ماركسىزمنىڭ ئورنىنى بېسىپ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئىلمىي يوسۇندا تەھلىل قىلىپ بېرىدىغان يېتەكچى ئىدىيىگە ئايلانغىنى يوق، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيان، بولۇپمۇ 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، غەربتىكى هەر خىل ئىدىيىۋى ئېقىملار ئايلانما پانۇسنەك گاھ پەيدا بولۇپ،

گاھ غايىپ بولۇپ تۇردى. ئەكسىچە، ماركس ـ ئېنگېلس بۇنىڭدىن 100 نەچچە يىل ئىلگىرى كەشىپ قىلغان ماتېرىيالىستىك تارىخ قاراشى پرىنسىپلىرى شۇنچە ئۇزاق يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزلۈكسىز تۈردە ئۆزىنىڭ ئاغدۇرۇلماس ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

بىراق، ماركسىزم تەرەققىي قىلىشى شەرت. دەل سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە ماركسىزمنى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئۈلگىسىدۇر. بۇ نەزەرىيە ئاۋالقىلارنىڭ تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن يەنىلا خىيالىي ئامىللاردىن خالىي بولالمىغان ئايرىم ھۆكۈملىرىنى بىكار قىلىپ، ماركسىزم توغرىسىدىكى دوگمىلارچە چۈشەنچىلەرنى ۋە ماركسىزمغا ئاتاقتا قوشۇلۇپ قالغان خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى ئىجادىي يوسۇندا تەرەققىي قىلدۇردى. 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋەكىللىكىدىكى ھازىرقى زامان جۇڭگو ماركسىزمچىلىرى سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش جەريانىدا، پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزم قاتارلىق ساھەلەردە بىر قاتار ئىلمىي نەزەرىيەلەرنى جارى قىلدۇردى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى.

ماركسىزم زادى ئەسقاتامدۇ، يوق! بۇنى تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. دوگماتىزمچە ماركسىزم ئەسقاتمايدۇلا ئەمەس، بەلكى زىيانلىق. مەملىكىتىمىزنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب تەجرىبىلىرى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش دەۋرىدىكى تەجرىبىلىرى بۇنى ئىسپاتلىدى. لېكىن ئىجادىي ماركسىزمنىڭ كۈچى چەكسىز بولىدۇ. ماۋزېدۇڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مۇنداق دېگەن: «ئاساسىي رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىمىزگە ئالغانلىقىمىز نۇقتىئىنەزەرىدىن ئېيتقاندا، ئەگەر پارتىيىمىزدە ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى چالا ـ بۇلا ئەمەس، بەلكى سىستېمىلىق، قۇپ ـ قۇرۇق ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ئۆگەنگەن 100 دىن 200 گىچە يولداش بولسا ئىدى، پارتىيىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقى زور دەرىجىدە ئاشقان ۋە ياپون جاھانگىرلىكىنى يېڭىش ئىشىمىز چاپسانلىغان بولاتتى.» («جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي ئۇرۇشتىكى ئورنى») سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىمۇ بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلىدى. ئۇزۇن قېتىملىق ئەگرى ـ توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى پۈتۈن پارتىيىمىزنى بىردىنلا سەگەكلەشتۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى توغرا تونۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى تېپىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدىمۇ دۆلىتىمىزدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى توققۇز يىل داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز شۇنى كۆرسەتتىكى، ئىجا-

دىي ماركسىزمنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ھەرقانداق بىر كونكرېت پەننىڭ نەزەرىيىسىگە سىڭدۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

يولداش جاۋ زىياڭ پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا: «ماركسىزم — ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدىغان پەن. ماركسىزم يېڭى، زور تەرەققىياتقا مۇھتاج، بۇ ھازىرقى دەۋرنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى» دەپ كۆرسەتتى. بۇ، ماركسىزمنىڭ ھازىرقى دەۋر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئىلمىي يەكۈن.

دەرۋەقە، دۇنيادا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە بەزى يېڭى ئالاھىدىلىكلەر مەيدانغا كەلدى. سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. تېز راۋاجلىنىۋاتقان پەن - تېخنىكا ئىنقىلابى نۇرغۇنلىغان يېڭى مەسىلىلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۆزگىرىش ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان دۇنيا ئالدىدا ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل پوزىتسىيە مەۋجۇت.

بىر خىلى، ئۆزگىرىشكە ئۆزگەرمەسلىك بىلەن تاقابىل تۇرۇش پوزىتسىيىسى. بۇ پوزىتسىيە كۆرۈنۈشتە ماركسىزمدا چىڭ تۇرغان ۋە ئۇنى قوغدىغان قىياپەتتە تۇرغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ماركسىزمنى دەپسەندە قىلىدۇ ۋە تۈگەشتۈرىدۇ. قائىدە ناھايىتى ئاددى: ماركسىزم ئۆلۈك دوگمىغا ئايلانسا، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلسا، رېئاللىق ئوتتۇرىغا قويغان ھەرقانداق مەسىلىگە جاۋاب بېرەلمەيدۇ، ئۇ ھالدا، ئۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالامدۇ؟ ياق، تۇرالمايدۇ. ئۇ جەزمەن غايىپ بولىدۇ. شۇڭا بىز، ماركسىزمغا دوگمىلارچە مۇئامىلە قىلىشنىڭ زىيىنى بىۋاسىتە ھۇجۇم قىلغاندىنمۇ چوڭ بولىدۇ، دەيمىز. ماركسىزمغا قىپ - يالىڭاچ چىقىپ قارشى تۇرۇلسا، ئۇنى ئاسانلا سېزىۋالغىلى بولىدۇ، ئەمما ماركسىزمنى دوگمىلارچە پوزىتسىيە قورشاپ تۇنجۇقتۇرۇۋەتسە، كۆپىنچە ھاللاردا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدۇ. بۇنى «خۇشاللىق بىلەن دەپنە قىلىش» دەپ ئوخشىتىشقا بولىدۇ.

يەنە بىر خىلى، زامان بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، ماركسىزمنى ئىجادىي ھالدا ئالغا سىلجىتىش. بۇ، ماركسىزمنىڭ ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاشنىڭ ئاچقۇچى. ماركسىزمنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، ئايرىم ھۆكۈمەتلەرنىڭ ماركس - ئېنگېلسنىڭ ئەسلى ھۆكۈمەتلىرىگە ئوخشىماي قېلىشى تۇرغان گەپ، ھەتتا ئەكسىچە، شەكىل جەھەتتە، «يولدىن چىققان» دەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە، ماركسىزمغا بولغان ئەڭ چوڭ ھۆرمەت ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ، ماركسىزمنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىغا تۈپتىن رىئايە قىلغانلىق بولىدۇ. بىزنىڭ ماركسىزمنىڭ ئايرىم ھۆكۈملىرىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى جاكالاشقا جۈرئەت قىلىپ، كونا قائىدىلەرنىڭ ئورنىغا يېڭى قائىدىلەرنى دەسسەتكەنلىكىمىزنىڭ ئۆزى ئودۇمسى جەھەتتىن ماركسىزمنىڭ ئىلمىيلىقى بىلەن ئىنقىلابىيلىقىنى قوغداپ قالغانلىقىمىز بولىدۇ.

# سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

ئابلىز ئىمىن، ئۆمەر بەكرى

ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىن ھەمدە كوممۇنىستىك جەمئىيەتتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇھىم بىر بەلگە. يولداش جاۋزىياڭ پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن سىياسىي دوكلاتىدا: «بىز چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىك پرىنسىپ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساس، باشقا تەقسىمات ئۇسۇللىرىنى قوشۇمچە قىلىش»① دەپ كۆرسەتتى. دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت يەنە كېلىپ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولغان، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى بىلەن كۆپ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى ھەمدە تاۋار ئىگىلىكى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان دۆلەت. شۇڭا «ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئاساسىي گەۋدە

---

جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى تونۇش جەھەتتىن ئالغاندا، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ئىككىنچى قېتىملىق سەكرەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ، ئەمەلىيەتتىن بىلىشكە قاراپ سەكرىگەنلىك، شۇنداقلا نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش تەجرىبە - ساۋاقلىرىمىزنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى يۈكسەلدۈرۈلۈشىدۇر. بۇ نەزەرىيىنى ئەمدى قانداق قىلىپ ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاپ، ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەمدە بۇ جەرياندا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئەھۋاللارنى، زىددىيەتلەرنى، ئۆزگىرىشلەرنى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى چوڭقۇر تونۇپ، بۇ نەزەرىيىنى بېيىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرماقتا. بۇ بىزگە ئوخشاش نەزەرىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىزدۇر.

«جۇڭگو خەلق داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 - يىل 2 - سانىدىن ئېلىندى.

قەييۇم قۇربان تەرجىمىسى

---

① جاۋزىياڭ: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئالغا باسايلى» جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكەتلىك 13 - قۇرۇلتىينىڭ ھۆججەتلىرى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 53 - بەت.

قىلىنغان كۆپ خىل تەقسىمات ئۇسۇلى ۋە توغرا تەقسىمات سىياسىتىنى يولغا قويۇش»① زۆرۈر. لېكىن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ رېئال ئىقتىسادىي شارائىتى ماركس پەرەز قىلغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يۇكسەك تەرەققىي قىلغان، بىر خىل ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بەرپا قىلىنغان يەنى مەھسۇلات ئىگىلىكىنى ئاساس قىلمىدىغان شارائىتتىكى ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش بىلەن سېلىشتۇرغاندا نۇرغۇن ئوخشىماسلىقلارغا ئىگە. بىز بۇ ماقالىدا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

## 1

ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش سىياسىي ئىقتىساد تارىخىدا تۇنجى قېتىم خىيالىي سوتسىيالىزمچىلارنىڭ مۇھىم ۋەكىلى سىن. سىموندى (1760-1825) تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. سىن. سىموندى شەخسىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنى شەخسنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشىغا قاراپ ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ تۆھپىسىگە قاراپ تەقسىم قىلىش كېرەك، دەپ ھېسابلىغان. كېيىن ئۇنىڭ مۇرىتلىرى بۇ قاراشقا ئاساسەن «ئىقتىدارىغا قاراپ ھەق ھېساپلاش، تۆھپىسىگە قاراپ ئىقتىدارىنى بەلگىلەش» يەنى «قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش» نى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەينى ۋاقىتتا ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇ قاراشقا تالانتلىق ئىدىيە دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنى ئىلمىي ئەمەس بەلكى خىيالىي دەپ تەنقىدمۇ قىلغان.

ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت ئىلمىي تەلىمات ماركس بىلەن ئېنگېلس 1857-1858-يىلى يازغان «سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدىگە دائىر ئوچېرىك» تا تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. كېيىن «كاپىتال» دا تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلدى. 1875-يىلى يېزىلغان «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىد» تە تېخىمۇ تەپسىلىي شەرھلەندى. ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ نەزىرىدە ئەمگەك-تەقسىماتنىڭ ئۆلچىمى.

بىرىنچى، ماركس مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئىشلىتىپ ئەمگەك قىلىدىغان ئەركىن كىشىلەر بىرلەشمىسى دەپ پەرەز قىلساق... ئەمگەك ۋاقتى ئىشلەپچىقارغۇچى شەخسلەرنىڭ ئورتاق ئەمگەكتىن ئىگىلەيدىغان ئۈلۈشىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم، شۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقارغۇچى شەخسلەرنىڭ ئورتاق مەھسۇلاتنىڭ شەخسىي ئىستېمال قىلىدىغان قىسمىتىنى ئىگىلەيدىغان ئۈلۈشىنىمۇ ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم»②. ماركس بۇ يەردە سوتسىيالىستىك ئىشلەپ-

① يۇقىرىدىكى كىتاب 53-بەت.

② ماركس: «كاپىتال» 1-توم، خەنزۇچە نەشرى، 95-96-بەت.

چىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق بولغان ئەركىن كىشىلەر بىرلەشمىسى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكى ۋە ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەركىن كىشىلەر بىرلەشمىسى-بىرلەشمە ئەمگەك تەشكىلاتى دېمەك. ئۇ باشقا ھەرقانداق ئەمگەككە ئوخشاش ئەمگەكچى بىلەن ماددىي ۋاستىلارنىڭ بىرلىشىشى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەمگەك بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ بىرلىشىشىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرلىشىشى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، ئۇ ئىپتىدائىي كوللېكتىپ ئەمگەككە ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار ۋاستىچى بولىدىغان ئەمگەككە ئوخشاش بولمىغان بىرلەشمە ئەمگەكتۇر. بۇنداق بىرلەشمە ئەمگەك سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى. ھالبۇكى، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاساسىي بەلگىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش بىرلەشمە ئەمگەكنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ ھەم بىرلەشمە ئەمگەك تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولىدۇ. ماركس: «ئىستېمال ۋاستىلىرىنىڭ ھەرقانداق تەقسىماتى ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنىڭ ئۆزىنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنىڭ نەتىجىسىدىنلا ئىبارەت. ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنىڭ تەقسىم قىلىنىشى بولسا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنىڭ ئۆز خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدۇ»①، «ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىشنىڭ مۇئەييەن شەكلى تەقسىماتنىڭ ئالاھىدە شەكلىنى ... بەلگىلەيدۇ»② دەپ كۆرسەتتى. بىرلەشمە ئەمگەكنىڭ ئەزالىرى جەمئىيەت ياكى كوللېكتىپنىڭ ئومۇمىي ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئومۇمنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن تەقسىمات شەكلى پەقەت ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشلا بولىدۇ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىگە بولىدىغان ئۈلۈشى بولسا ئۇلارنىڭ بارلىق ئەمگەك مېۋىسىگە باراۋەر بولمايدۇ.

ئىككىنچى، ماركس ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى بايان قىلغاندا مىللىي دارامەتنى تەقسىم قىلىش ۋە تەقسىماتتا ئەمگەكنى ئۆلچەم قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى مەسىلىنى كۆرسىتىپ بەردى. چۈنكى «ئۆزگەرگەن مۇھىتتا ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەكلىرىدىن تاشقىرى ھېچكىم باشقا ھېچقانداق نەرسە قوشالمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن شەخسنىڭ ئىستېمال ۋاستىلىرىدىن تاشقىرى ھېچقانداق نەرسە شەخسنىڭ مۈلكى بولمايدۇ»③ شۇڭا ئىستېمال ۋاستىلىرىنىڭ تەقسىم قىلىنىشىدا ئەمگەك مىزان قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ شەخسىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى خىل تەقسىماتنىڭ توغرا بىرلەشتۈرۈلۈشى ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى.

ئۈچىنچى، ماركس ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ئوس-

① ماركس: «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىد»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 25 - بەت
② ماركس: ««سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدىگە دائىر»غا سۆز بېشى ۋە مۇقەددىمە» ئۇيغۇرچە نەشرى، 36 - بەت.
③ ماركس: «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىد»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 21 - بەت.

ئىدە توختالغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ھەر بىر ئىشلەپچىقارغۇچى تۈرلۈك تۇتۇپ قېلىنىشلاردىن كېيىن جەمئىيەتتىن دەل ئۆزى جەمئىيەتكە بەرگەن ھەممىنى قايتۇرۇۋالىدۇ... ئۇ بىر خىل شەكىلدە جەمئىيەتكە بەرگەن ئەمگەك مىقدارىنى يەنە بىر خىل شەكىل بىلەن تامامەن قايتۇرۇۋالىدۇ»، «ئىستېمال ۋاستىلىرىنىڭ ھەرقايسى ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىشىغا كەلسەك بۇ يەردە ئاقىدىغىنىمۇ تاۋار تەڭ قىممەتلىكى نەرسىلەر ئالماشتۇرۇلۇشىدا ئاقىدىغان ئوخشاش بىر پىرىنسىپتىن ئىبارەت. يەنە بىر خىل شەكىل مۇئەييەت مىقداردىكى ئەمگەك باشقا بىر خىل شەكىل تەڭ مىقداردىكى ئەمگەك بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ»①. بۇ يەردە ماركس «تەڭ مىقداردىكى ئەمگەك بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ» دېگەننى ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى ۋە ئاساسىي تەلىپى دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا باشلىنىپ تەقسىمات جەريانىدا تاماملىنىدۇ، «تەڭ مىقداردىكى ئەمگەك بىلەن ئالماشتۇرۇش» بىۋاسىتە جانلىق ئەمگەكنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى بولۇپ، بۇنداق ئالماشتۇرۇشقا پەقەت ئەمگەكچىلەرلا قاتنىشىدۇ. بۇ خىل ئالماشتۇرۇش پەقەت بىرلەشمىلەردىلا مەۋجۇت بولىدۇ. ئەمگەكچىلەرنىڭ تەقسىمات ئارقىلىق ئىگە بولىدىغان مۇئەييەن مىقداردىكى ئەمگەك مىقدارى بولسا پەقەت ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا بىر خىل شەكىلدە چىقىم قىلغان ئەمگەك مىقدارىغا مۇناسىپ بولىدۇ. بۇ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى، بۇ تەلەپنى گەۋدىلەندۈرگەن تەقسىمات سوتسىيالىزمنىڭ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پىرىنسىپى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ماركس ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشتا ئەمەلىيەتتە تەڭسىزلىك مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى «ئۇ خۇددى ھەرقانداق ھوقۇققا ئوخشاش بىر خىل تەڭسىزلىك ھوقۇق»② ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. بۇنداق تەڭسىزلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى ئەمگەك ئىقتىدارى جەھەتتىكى پەرق ئەمەلىي يۈكى ئوخشاش بولماسلىق ۋە ماددىي ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ئوخشاش بولماسلىق قاتارلىق نۇرغۇن سەۋەبلەردىن بولىدۇ، ماركس نۇقتىلىق ھالدا ئەمگەك مىقدارى جەھەتتىكى پەرقنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا قارىتا ئېيتقاندا تەڭ ھوقۇق، «ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ھوقۇقى ئۇلار قوشىدىغان ئەمگەك بىلەن توغرا تاناسىپ بولىدۇ. ئەمگەك بولسا ئوخشاش بىر ئۆلچەم ئەمگەك بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقىدا»③ لېكىن «بۇنداق تەڭ ھوقۇق تەڭ دەرىجىدە بولمىغان ئەمگەك ئۈچۈن ئېيتقاندا، تەڭسىز ھوقۇق بولىدۇ»④، چۈنكى، «تەڭ دەرىجىدە بولمىغان شەخسىي تۇغما قابىلىيەتنى ئۈن-تۈنسىز ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ دەرىجىدە بولمىغان خىزمەت قابىلىيىتىنىڭ تۇغما ئىمتىياز ئىكەنلىكىنىمۇ ئۈن-تۈنسىز ئېتىراپ قىلىدۇ»⑤. «بىر

①②③④⑤ ماركس: «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىد»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 20-21-22-23-بەت.

كىشى جىسمانىي ياكى ئەقلىي جەھەتتىن باشقا بىر كىشىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، شۇڭا ئوخشاش بىر ۋاقىت ئىچىدە كۆپرەك ئەمگەك قىلىدۇ، ياكى كۆپرەك ۋاقىت ئەمگەك قىلالايدۇ»① شۇڭا ئۇ بىر قەدەر كۆپرەك بولغان ئەمگەك ھەققىگە ئىگە بولىدۇ، ئۇ باشقا بىر شەخسكە نىسبەتەن باياشاتىراق بولىدۇ. شۇڭا ماركس ئەمگەك پەرقى تۈپەيلىدىن دارامەت جەھەتتىمۇ پەرقتىن خالى بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

يولداش جاۋ زىياڭ «ماركسىزم-ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدىغان پەن. ماركسىزم يېڭى، زور تەرەققىياتقا موھتاج، بۇ ھازىرقى دەۋرنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى، دۇنيادا غايەت زور ئۆزگىرىش بولماقتا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۈچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىشلىرىدا يېڭى مەنزىل نامايەن بولماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماركسىزمچىلارنىڭ كۆز قارىشىنى يېڭىلاپ، يېڭى ئىدىيىنى ئالغا سۈرۈپ، يېڭى مەنزىلگە قەدەم قويۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.»② دەپ كۆرسىتىدۇ، ماركسنىڭ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى تەسەۋۋۇر قىلغان ئىقتىسادىي شارائىت دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

## 2

ماركسىزم تەرەققىيات تارىخىدا لېنىن «ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش» قا نىسبەتەن چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى «قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش» بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويالمىغان. ستالىن: «ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش» بىلەن «قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش» نى بىرلەشتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما لېنىن بىلەن ستالىن ماركسنىڭ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش تەلىماتىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئىزاھلاش بىلەن چەكلەنگەن.

ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يۈكسەك تەرەققىياتقا ئېرىشكەن، جەمئىيەت بىر خىل ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى يولغا قويغان، تاۋار ئىگىلىكى بولمىغان، مەھسۇلات ئىگىلىكى شارائىتىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. بۇنداق شارائىت، دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن خېلى كۆپ پەرق قىلسىمۇ بۇنىڭ بىلەن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىزمنىڭ تەقسىمات پرىنسىپىنى ئىنكار قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

بىرىنچى، ماركسنىڭ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدىن قارىغاندا، دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكى خېلى پۇختا ئاساسقا ئىگە بولدى. ئۇنىڭ كونكرېت قوللىنىلىشىدا يېڭى ئەھۋاللار مەيدانغا

① «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىد»، 22-بەت.

② جاۋ زىياڭ: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئالغا باسايلى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 9-بەت

كەلدى. جۈملىدىن ئەمگەك ئۇسۇلىدىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. بۇ ئىلگىرىكى
مەركەزلەشكەن ئەمگەكنى تارقاق، مۇستەقىل بولغان ئەمگەككە ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ،
ئۇ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئىنكار قىلمايدۇ، چۈنكى، شەخسىي ئەمگەك بىر-
لەشمىسىنىڭ ئومۇمىي ئەمگىكىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش ياكى بولماسلىقىغا
ھۆكۈم قىلىشتا ئاساسلىقى شەخسىي ئەمگەكنى بىرلەشمىنىڭ ئىدارە قىلىش ياكى قىل-
ماسلىقىغا قاراش لازىم. ئائىلىلەر كۆتۈرە ئالغاندىن كېيىن، يەر ۋە باشقا ئاساسلىق
ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى يەنىلا كوللېكتىپنىڭ ئىلكىدە، كۆتۈرە ئالغان ئائىلىلەر ئىگ-
لىك باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىدە خېلى چوڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولسىمۇ،
پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىدىن قارىغاندا، ئۇ كوللېكتىپنىڭ ئىدارە
قىلىشىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا مەھسۇلاتقا باغلاپ كۆتۈرە ئېلىش بىرلەشمە ئەمگەكنىڭ
خۇسۇسىيىتىنى ھازىرلاپ، بىرلەشمە ئەمگەكنىڭ بىر خىل شەكلىگە ئايلىنىدۇ. ئىشلەپ-
چىقىرىش تەقسىماتىنى بەلگىلەيدۇ، مەھسۇلاتقا باغلاپ كۆتۈرە ئېلىش سوتسىيالىستىك
ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئىكەن، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ تەقسىمات شەكلىمۇ
ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە بولغان بولىدۇ.

ئىككىنچى، ماركسنىڭ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنىڭ مەزمۇنىدىن
قارىغاندا، ماركس ھەر خىل تۇتۇپ قېلىشلاردىن كېيىن ئاندىن ئەمگەكنى ئىستېمال
ۋاسىتىلىرىنى تەقسىم قىلىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. دۆلىتىمىز
يېزىلىرىدا ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىپ تەقسىم قىلىشتا «دۆلەتكە تولۇق تاپشۇرۇش،
كوللېكتىپقا تولۇق قالدۇرۇش، ئاشقىنىنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ بولۇش» ئۇسۇلى قول-
لىنىلغاندى. بۇنىڭدىكى ئالدىنقى ئىككى خىلى «مىللىي دارامەتنىڭ تەقسىم قىلىنىشى»
غا كېيىنكى بىر خىلى بولسا «شەخسىي ئىستېمال بويۇملىرىنى تەقسىم قىلىش» قا بارا-
ۋەر بولۇپ، مەھسۇلاتقا باغلاپ ھەق ھېسابلاش تەقسىمات شەكلىمۇ مىللىي دارامەت-
نىڭ تەقسىم قىلىنىشى بىلەن شەخسىي ئىستېمال ۋاسىتىلىرىنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ئورگا-
نىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنى، بۇ سوتسىيالىزمنىڭ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش
پرىنسىپىنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، ماركس ئەمگەكنى ئۆلچەم قىلىپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى تەكىت-
لەپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى (ئەم-
گەكنى ئۆلچەش ئۇسۇلىنى) مۇجەسسەملەنگەن شەكىلدىكى ئەمگەككە بىرلەشتۈرەلمىگە-
نىدى. چۈنكى، ئەمگەكتە مىقدار پەرقى بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈپەت
پەرقىمۇ بولىدۇ. شۇڭا ۋاقىت بىلەنلا ئەمگەكنى ئۆلچەش ئاقمايدۇ. دۆلىتىمىز يېزا
ئىگىلىكىدە خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە نومۇر ئارقىلىق ھېسابلاشنى يولغا قويغان. بۇ
ئەمگەك ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن-قىسقا بولۇشىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بولسىمۇ، ئوخشاش
ۋاقىت ئىچىدە ئەمەلىي چىققىم قىلىنغان ئوخشىمىغان ئەمگەك مىقدارىنى ئىپادىلەپ بې-

رەلمەيلا قالماستىن، ئەمگەكنىڭ سۈپىتىنىمۇ ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن. ئۇ مەھسۇلات مىقدارىغا باغلاپ ھەق ھېسابلاش شەكلىي بولمىغاچقا، مەھسۇلات مىقدارى بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ شەخسىي ماددىي مەنپەئەتى زىچ بىرلەشتۈرۈلمىگەن. شۇڭا، ئەمگەكچىلەرنىڭ تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادكارلىقى تولۇق جارى قىلدۇرۇلماي ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىغا، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە تەسىر يەتكۈزگەن. 30 نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت بۇ تۈزۈمنىڭ دۆلىتىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، بىر قەدەر ئۈنۈملۈك بولغان ھەق ھېسابلاش شەكلىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويدى. «نورمىلۇق مەھسۇلات مىقدارى» ئەمگەك مىزانى بىلەن ئەمگەكنى ئۆلچەش ئۇسۇلىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ ھەم ئەمگەكنىڭ سۈپىتىنى ئۆلچەيدىغان، ھەم ئەمگەكنىڭ مىقدارىنى ئۆلچەيدىغان رولنى ئوينىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنىڭ ئالاھىدە ئۈنۈملۈك شەكلىگە ئايلاندى.

تۆتىنچى، ماركسنىڭ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ماركس ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشتا تەڭسىزلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. مەھسۇلاتقا باغلاپ كۆتۈرە ئىشلەش كەڭ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا باياشاتچىلىقنىڭ دەرىجىسىدە پەرقلەر مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن بەزىلەر بۇ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتتى. ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنىڭ تەلىپىگە خىلاپ دەپ قاراشتى. بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس؛ چۈنكى، (1) كۆتۈرە ئالغان ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باياشاتلىقنىڭ ماددىي شارائىتى ئومۇمەن ئوخشاش، تېز بېيىغان ئائىلىلەر تېخىمۇ ياخشى بولغان شارائىتقا تايىنىپ باي بولغان بولماستىن بەلكى ئەمگەككە تايىنىپ باي بولغان. (2) كۆتۈرە ئالغان ئائىلىلەردە يەنىلا «يۇقىرىغا تاپشۇرۇش»، «ئۆزىگە قالدۇرۇش»، ھەر خىل تۇتۇپ قېلىش پرىنسىپى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. «يۇقىرىغا تاپشۇرۇش»، «ئۆزىگە قالدۇرۇش»تىن كېيىن ئىستېمال ۋاسىتىلىرىنى تەقسىم قىلىش جەھەتتىكى پەرقنىڭ كېلىپ چىقىشى پەقەت كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىشى، ئاز ئىشلىگەنلەر ئاز ئېلىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇنداق پەرق تەڭ مىقداردىكى ئەمگەكنىڭ ئالماشتۇرۇلۇش پرىنسىپىنىڭ تەلىپى. (3) كۆتۈرە ئالغان ئائىلىلەرنىڭ باياشاتلىق دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ئومۇمەن ئۇلارنىڭ ئەمگەك مىقدارىنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشى، تېخنىكا جەھەتتە يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى ۋە ئەمگەك پوزىتسىيىسى جەھەتتە ياخشى، يامان بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەھسۇلاتقا باغلاپ ھەق ھېسابلاش كەلتۈرۈپ چىقارغان پەرق ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇنداق پەرق ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. ھازىرقى باسقۇچتا

بۇنداق پەرقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىش ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشقا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق.

بەشىنچى، ماركسنىڭ ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش جەريانى ئالدى بىلەن جەمئىيەت ياكى كوللېكتىپ مەھسۇلاتىنى ئىگىلەيدىغان، زورلۇق تۇتۇپ قېلىشلاردىن كېيىن ئاندىن ئەمگەكچىلەرگە تەقسىم قىلىنىدىغان جەريان. ئەمما دۆلىتىمىز يېزا ئىگىلىكىدە يولغا قويۇلغان مەھسۇلاتقا باغلاپ ھەق ھېسابلاشتىن ئىبارەت تەقسىم قىلىشتا بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئاۋال ئەمگەكچىلەر بىۋاسىتە ئەمگەك مەھسۇلاتىنى ئىگىلەيدۇ، ئاندىن كېيىن توختام بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن دۆلەت ۋە كوللېكتىپقا باج تاپشۇرىدۇ ۋە ئۆزىگە قالدۇرىدۇ. بۇنداق تەقسىمات جەريانىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تارقاق ئەمگەكنىڭ خاراكتېرى كەلتۈرۈپ چىقارغان. چۈنكى، كۆتۈرە ئېلىش ئەمگىكى مۇستەقىل تارقاق ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەھسۇلاتقا تەبىئىي يوسۇندا ئەمگەكچىلەر ئىگە بولىدۇ. ئەمما، بۇنداق تارقاق، مۇستەقىل بولغان ئەمگەك يېزا ئىگىلىكىدىكى بىرلەشمە ئەمگەكنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە بىرلەشمە گەۋدە تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدۇ، شۇڭا باج تاپشۇرالايدۇ، ئۆزىگە قالدۇرالايدۇ، دېمەك، تەقسىمات جەريانىنىڭ ئۆزگىرىشى ئەمگەك جەريانىنىڭ ئالاھىدە شەكلى بىلەن مۇناسىپ بولۇشى شەرت. مەھسۇلاتقا باغلاپ ھەق ھېسابلاش تۈزۈمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش جەريانى «بىر پۈتۈنلۈك» بىلەن «قىسمەنلىك» نىڭ مۇناسىۋىتى بولۇپ، تەقسىمات جەريانىمۇ «پۈتۈنلۈك» بىلەن «قىسمەنلىك» بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن، ئۇ ھەم ئاددىي ھەم مۇۋاپىق بولغاچقا دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرگە پايدىلىق.

ئالتىنچى، ماركس ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىشنىڭ يادروسى تەڭ مىقداردىكى ئەمگەكنىڭ ئالماشتۇرۇلۇش پرىنسىپى دەپ قاراپ ئۇنى چوڭقۇر تەھلىل قىلغان. ھەمدە تەڭ مىقداردىكى ئەمگەكنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇشنى قاتتىق پەرقلەندۈرگەن. ماركس مۇنداق دەيدۇ: «بىر خىل شەكىل دىكى مۇئەييەن مىقداردىكى باشقا بىر خىل شەكىل، تەڭ مىقداردىكى ئەمگەك بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ»①. بۇ ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدا تىرىك ئەمگەكنى بىۋاسىتە ئالماشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق تىرىك ئەمگەكنىڭ ئالماشتۇرۇلىشى پەقەت بىرلەشمە ئەمگەكنىڭ ئورتاق گەۋدىسىدە يەنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تەقسىمات جەريانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەۋجۇت بولىدۇ، شۇڭا، بۇنداق ئالماشتۇرۇش ئەمگەك مەھسۇلاتىنى ئالماشتۇرۇش بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش بولسا ئۇنىڭغا ئوخشاش بولمايدۇ، ئۇ ئوخشاش بولمىغان ماددىي ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدىكى ئەمگەكنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى بولۇپ تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ماددىيلاشقان ئەمگەكنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى بولغاچقا ئۇ ئوخشىمىغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ئوتتۇرىسىدا بول-

① ماركس: «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىد» ئۇيغۇرچە نەشرى، 21 - بەت

دىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تەقسىمات جەريانىنىڭ تاشقىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. دۆلەتنىڭ هازىرقى باسقۇچىدىكى بىرلەشمە ئەمگەك ماركس تەسەۋۋۇر قىلغان بىرلەشمە ئەمگەككە ئوخشىمايدۇ، ئۇ بىر تەرەپتىن پۈتكۈل جەمئىيەت دائىرىسىدىكى بىرلەشمە ئەمگەك، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ قىسمەن دائىرىدىكى بىرلەشمە ئەمگەك بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. يېزا-كەنتلەر بولسا دەل مۇشۇنداق بىرلەشمە ئەمگەك بولۇپ مۇستەقىل ئورنى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەمگەك، ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە ماددىي ئىشلەپچىقىرىش جەھەتلەردە بىر-بىرىگە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتى تاۋار سۈپىتىدە ئىشلەپچىقىرىلىدۇ ۋە ئالماشتۇرۇلىدۇ. مەھسۇلاتى ئىجتىمائىي تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغانلار ئالماشتۇرۇشتا قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىسا، ئۇلارنىڭ ئەمگەك ھەققىگە تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. شۇڭا تەڭ مىقداردىكى ئەمگەكنىڭ ئالماشتۇرۇلىشى جەزمەن تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈلىشى، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇشى لازىم. ماركس: تەڭ مىقداردىكى ئەمگەكنىڭ ئالماشتۇرۇلىشى «گەرچە پرىنسىپ بىلەن ئەمەلىيەت بۇ يەردە ئەمدى ئۆزئارا زىت بولمىسىمۇ» يەنى تاۋار ئالماشتۇرۇشتەك بولمىسىمۇ، «تەڭ قىممەتتىكى نەرسىلەرنىڭ ئالماشتۇرۇلىشى ھەربىر ئايرىم ئورۇندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماستىن پەقەت ئوتتۇرىچە سان ئىچىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ»① دەيدۇ. لېكىن، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ياكى ئەمگەك سۈپىتىدە پەرق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەھۋالدا، تەڭ مىقداردىكى ئەمگەكنىڭ ئالماشتۇرۇلىشى يەنىلا بۇيۇم ئارقىلىق (يەنى مەلۇم ئوتتۇرىچە سان ئارقىلىق) ئەمەلگە ئاشىدۇ. هازىر يېزا ئىگىلىكىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان «نورمىلۇق مەھسۇلات مىقدارى» ئەنە شۇ نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. مەھسۇلاتقا باغلاپ ھەق ھېسابلاش تۈزۈمى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ يەردە ئېيتىلغان تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش ئىلگىرىكى مەنىدىكى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇشقا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، بىرلەشمە ئەمگەك شارائىتىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىش، ياللانما ئەمگەك شارائىتىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوخشاشمايدۇ. ئەمما تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش تەڭ مىقداردىكى ئەمگەكنىڭ ئالماشتۇرۇلىشى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھال ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشتىكى تەڭ مىقداردىكى ئەمگەكنىڭ ئالماشتۇرۇلۇش پرىنسىپى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى جەھەتتىكى پەرق، ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەكنىڭ تەلىپى، باھا بىلەن قىممەتنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلىشى تاۋار ئىگىلىكى مەۋجۇت بولغان شارائىتتىكى ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىغا مەلۇم تەسىر كۆرسىتىدۇ.

يەتتىنچى، ماركس تەڭ مىقداردىكى ئەمگەكنىڭ ئالماشتۇرۇلىشى بىلەن تەڭ قىممەتتە

① ماركس: «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىد» ئۇيغۇرچە نەشرى، 21 - 22 - بەت.

ئالماشتۇرۇشنى پەرقلەندۇرۇشنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇنىڭدا ماركسنىڭ ئاساس قىلغىنى تەرەققىي تاپقان سوتسىيالىستىك دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭدا بىرلەشكەن ئەمگەك پۈتكۈل جەمئىيەت دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، جەمئىيەت ئەمگەك بىلەن ماددىي ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان مەھسۇلاتنى بىۋاستە ئىدارە قىلىنىدۇ. تاۋار ئىشلەپچىقىرىش تاۋار ئالماشتۇرۇش، پۇل ۋە قىممەت كاتېگورىيىسى مەۋجۇت بولمىغانلىقتىن بۇ يەردە تەڭ مىقداردىكى ئەمگەكنىڭ ئالماشتۇرۇلىشى بىلەن تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش مەسىلىسى مەۋجۇت بولمىغانلىقتىن، «ھەربىر ئەمگەكچى تۈرلۈك تۇتۇپ قىلىشلاردىن كېيىن جەمئىيەتتىن دەل ئۆزى جەمئىيەتكە بەرگەننى ئالىدۇ، ئۇنىڭ جەمئىيەتكە بەرگىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي ئەمگەك مىقدارى......جەمئىيەتتىن قانچىلىك ئەمگەك قىلغانلىقىنى (ئۇنىڭ جەمئىيەت فوندى ئۈچۈن قىلغان ئەمگىكى چىقىرىۋېتىلىدۇ) ئىسپاتلايدىغان گۇۋاھنامە ئالىدۇ، ئۇ بۇ گۇۋاھنامىغا ئاساسەن ئىجتىمائىي زاپاس ئىچىدىن بىر ئۈلۈش ئىستېمال ۋاستىلىرىنى ئالىدۇ»① دېمەك پۇلنى ۋاستە قىلماي تەقسىم قىلىشنى ئېلىپ بارىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا بولسا، ئەمگەكچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك مەھسۇلاتىنى بىر-بىرى بىلەن ئالماشتۇرۇش پۇل ياكى قىممەت شەكلىنى ئالىدۇ، ئاندىن شەخسىي ئەمگەك بىۋاستە ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەمگەكنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولالايدۇ، تاۋار ئىگىلىكى ئايرىم ئەمگەكنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەكنى ئېتىراپ قىلىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش تاۋاردا مۇجەسسەملەنگەن ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىنى ئاساس قىلىدۇ، دېمەك پۇلنى ۋاستە قىلىپ تەقسىم قىلىشنى ئېلىپ بارىدۇ.

## 3

يولداش جاۋزىياڭ: «ماركسىزمنىڭ ئاممىي روھىنى ۋە ئىجادىي ھاياتىي كۈچىنى ئىرىشىپ جارى قىلدۇرۇش، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش، جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇش كېرەك، بۇ نەزەرىيىمىزنىڭ ۋە ئىشلىرىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ بېرىشىنىڭ ئۈمىدى ئەنە شۇنىڭدا»② دەپ كۆرسەتتى. دۆلىتىمىزنىڭ يېزىلىرىدا كەڭ يولغا قويۇلغان مەھسۇلاتقا باغلاپ ھەق ھېسابلاشتىن ئىبارەت تەقسىمات شەكلى ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئالاھىدە ئۈنۈملۈك شەكلى بولۇپ ئۇ نەزەرىيە جەھەتتە ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى راۋاجلاندۇرۇپلا قالماستىن بەلكى دۆلىتىمىزنىڭ شەھەرلەرنى مەركەز قىلغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا غايەت زور مەدەت بەردى. ماركس بىلەن لېنىننىڭ

① يۇقىرىدىكى كىتاب 2 ـ بەت.

② جاۋ زىياڭ: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئالغا باسايلى» 99 ـ بەت.

ئەمگەك مىۋىسىگە ئاساسەن ئەمگەكنى ھېسابلاش توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرى رېئاللىققا ئايلاندى. جانلىق ئەمگەكنى ھېسابلاشتىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ مەسىلە ئەمەلىي يۇسۇندا ھەل بولدى. ئىلگىرى مەھسۇلات مىقدارى ياكى مەھسۇلات قىممىتى بويىچە ھەق ھېسابلاش تاۋار ئالماشتۇرۇش بىلەن ئوخشاش، ئۇ ھەرگىزمۇ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئەمەس دەپ قارالغانىدى. «نورمىلۇق مەھسۇلات مىقدارى» بىلەن «نورمىلۇق مەھسۇلات قىممىتى» نىڭ مەيدانغا كېلىشى بۇ خىل قاراشنى تۈزەتتى، بۇ نەزەرىيە جەھەتتىكى بىر سەكرەش. مەھسۇلاتقا باغلاپ ھەق ھېسابلاش تارقاق ئەمگەك شارائىتىدىكى تەڭ مىقداردىكى ئەمگەكنىڭ ئالماشتۇرۇلۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئىلگىرى تەڭ مىقداردىكى ئەمگەكنىڭ ئالماشتۇرۇلىشى پەقەت ھەمكارلاشقان ئەمگەك جەريانىدىلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ دەپ قارالغانىدى. «نورمىلۇق مەھسۇلات مىقدارى» نىڭ مەيدانغا كېلىشى تارقاق ئەمگەك بولغان تەقدىردىمۇ تەڭ مىقداردىكى ئەمگەكنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇمۇ نەزەرىيە جەھەتتىكى بىر بۆسۈش. مەھسۇلاتقا باغلاپ ھەق ھېسابلاش تەقسىمات شەكلى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئېلىپ بېرىلغاچقا تەڭ مىقداردىكى ئەمگەكنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىدا تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش ئامىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. نۆۋەتتە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نۇقتىسى يېزىلاردىن شەھەرلەرگە يۆتكىلىپ داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلماقتا. شۇڭغا ئىشىنىش كېرەككى يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلىك نەتىجىلەرنىڭ بىرى بولغان مەھسۇلاتقا باغلاپ ھەق ھېسابلاش شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا تېگىشلىك ئىجادىي رولىنى جارى قىلدۇردى. نۆۋەتتە ئۇ، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى يېزا ئىگىلىك كەسپىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئېقىلغا مۇۋاپىق بولۇشى، يېزا-ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تاۋارلىشىشى، زامانىۋىلىشىشى ۋە ئىجتىمائىيلىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلىتىمىز يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئازاد بولۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ يول ئېچىپ بەرگۈسى.

# خوجا باھائىددىن نەقشبەندى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىن

تەرىقى نەقشبەندى ئاڭلادىم زىبا رەۋىشلىكدۇر،
كۆڭۈل مەستى ئىلاھى ئەل كۆزىدە پارسا بولماق.
زەلىلى يار ئىلە خوبلاشقانىدا تۇرفە يىغلايدۇ،
نە قاتتىق كۈن ئىكەن بىر ياخشىدىن ئۆلمەي جۇدا بولماق.
— مۇھەممەت سىدىق زەلىلى

## 1 - سوپىزملىق پىكىر ئېقىمى ۋە خوجا باھائىددىن نەقشبەندى

سوفىزىم (تەسەۋۋۇپ). بىر خىل پىكىر ئېقىمى سۈپىتىدە قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى قەدىمكى گرېتسىيە بىلەن ھىندىستاندا شەكىللەنگەن، بۇددىزىم ئىدىيىلىرىدە ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئۇندۇرمىلىرىنى ئىپادىلىگەن. بىز پىلاتون ئىدىيالىزمى، خۇسۇسەن يېڭى پىلاتونىزم نامايەندىلىرىنىڭ «ئىدىئال چۈشەنچە»، «مۇتلەق ئالەم روھى»، «رېئال دۇنيانىڭ ئىدىئال دۇنيادىن جۇش ئۇرۇپ (تەجەللى) چىققانلىقى» توغرىسىدىكى روھانىيەتچىل مونىستىك قاراشلىرىدىن، ئارىستوتېلنىڭ (گەرچە ئۇ قەدىمنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى بولسىمۇ) ئالەم ئەقلى ۋە ئىنتىلىش («ئىنتېلېخىيە») قاراشلىرىدىن، بولۇپمۇ بۇددىزملىق «ئادەم» (يوقلۇق) — سونياتا قاراشلىرىدىن سوپىزملىق پىكىر ئېقىمىغا مۇجەسسەملەنگەن دۇئالىزملىق (ئىككى مەۋجۇدىيەت، ئىككى دۇنيا، ئىككى ھەقىقەت)، تەركى دۇنياچىلىق، روھىيەتكە سىغىنىش ئالامەتلىرىنى تولىمۇ روشەن سېزىمىز.

قەدىمكى كۇسەننىڭ مەشھۇر بۇددا مۇتەپەككۇرى كۇمراجىۋا (344 — 314) ئۆزىنىڭ «ئون تەمسىل» ناملىق شېئىرىدا بۇ خىل «قۇرۇق - يوقلۇق» (سونياتا) سوفىزمنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

«تۇنجى تەمسىلى قۇرۇقتىن ئەيلەدىم مەن ئىپتىدا،
تەبىرى ئالەم ئۇچۇن تەمسىل قۇرۇقلۇق جايىدا.
سۆز بىلەن ھەرمەنىنى قىلسامۇ ئىزھار قانچىلىك،
مەنىمۇ چەكسىز ئەمەس، ئۇمۇ تۈگەر بىر ۋاقتىدا.

ئەۋلىيالىق تون كىيىپ، دەرۋىش بولۇپ باسساڭ قەدەم،
كۆرۈنۈپ تۇرغان قونالغۇ بولمىغاي دەرگاھ ساڭا.
جىلۋىلىك تۇرغان جاھاننىڭ تەكتىگە سالساڭ نەزەر،
ھادىسى ئالەمدە يوق بەربات ۋە يا بولماق بىنا.»

قارا خانىلار دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا زاھىد ئۇدغۇرمىشنىڭ تەسەۋۋۇپ قاراشلىرىنى 3341، 3344، 3380، 3386، 3394، 3520، 3521، 2522، 3525، 3540، 3586، 3793، 4739، 4839، 5189 بېيىتلار ئارقىلىق تىلغا ئالىدۇ ۋە 3417، 3419، 3793، 4739، 4839، 5189 — بېيىتلار ئارقىلىق مۇنداق بايان قىلىدۇ. ئۇدغۇرمىش مۇنداق دېگەنىدى:

«ئىشەنچىسىز ئىرۇر بۇ جاپاچى جاھان،
ۋاپاسىز ۋە گۇستاخ ۋە پەيلى يامان.» (4839 - بېيىت)
«بۇ دۇنيانى بىلگىن بىر مەڭگۇ ماكان،
يۈزۈڭنى ئۇڭا قىل، قويۇپ بۇ جاھان.
قويۇپ ئارزۇ، ھوزۇر، تىلە مەڭگۈلۈك،
بۇ مەڭگۇ ھوزۇرچۇن جاپا چەككۈلۈك. (5189، 4190 - بېيىت)

سوفىزم ئىسلامىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە XI - VII ئەسىرلەردە رەسمىي ئىدىيىۋى ئېقىم بولۇپ مەيدانغا چىقتى ۋە ئۆزىنىڭ بىر قاتار نامايەندىلىرىنى ياراتتى.

سوپىزم ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى تۆت ئاساسىي پاكىتنى، يەنى شەرق - غەرب روھانىيەتچىل ئىدىيىلىرىنىڭ سىنكرېتىك - ئارىلاشما ھالەتكە كەلگەنلىكىنى، ئىسلام كالامىزمىنىڭ دەسلەپكى پارچىلىنىشى، مۇتەززىلىزم ۋە بىر قەدەر ئەركىن پىكىر ئىنتىلىشلىرىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى؛ فېئودالىزمغا قارشى دېموكراتىك ۋە گۇمانىستىك پىكىر ئېقىملىرىنىڭ، ئاخىر تەبىئەت پەلسەپىسى كۆز قاراشلىرىنىڭ ئۆزىنى تەسەۋۋۇپ نىقابىغا يوشۇرۇپ تۇرۇپ، ئىش ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى؛ ئىسلام ئېتىقادىنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىش، ئۇنى مەنتىقىلەشتۈرۈش، پەلسەپىلەشتۈرۈش ۋە مۇتلەقلەشتۈرۈش ئۇرۇنۇشلىرىنى ئىپادىلىدى. بۇ ھال سوپىزىمنىڭ رەڭگا - رەڭ تەلىماتلار ۋە كۆز قاراشلاردىن تەركىب تاپقانلىقىدىن ئىبارەت تولىمۇ مۇرەككەپ، زىددىيەتچان راۋاجلىنىش مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈردى. ئەگەر نوقۇل «سوپىزم» ئاتالمىسى بىلەن ئۇنىڭ مۇرەككەپ تارىخىي مەزمۇنىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدىكەنمىز، سوفىزمدىن ئىبارەت مۇرەككەپ مەنىۋى ھادىسىنى توغرا چۈشەندۈرەلمەيمىز.

دەرۋەقە، «سوپىزم» ئاتالمىسى «سوپى» سۆزىنى ئۆزەك قىلغان بولۇپ، مەيلى «ئۆچكە» تېرىسى دېگەن ئەرەبچە سۆزگە، مەيلى دەسلەپكى سوپىلار قوي تېرىسى ياكى تېۋىتتا ئىشلەنگەن تون كىيىشنى رەسىم قىلغان بولۇشىغا قارىماي، بىرىنچى

نۆۋەتتە گرېك تىلىدىكى «سوفىيە» (sofia) — (ئەقىل) دېگەن ئىبارىگە ئاساسلانغانلىقى شۈبھىسىز. بىز سوپىزملىق پىكىر ئېقىمى «سوپى»، «سوپىزم» ئاتالغۇسىدىن كېيىن شەكىللەنگەن دەپ قارىمايمىز. شۇنداقتىمۇ «سوپى» ئىبارىسى «ئاللا»، «خۇدا»، «يازدان»، «بايات»، «تەڭرى» ئاتالمىسىغا قارىغاندا «ئالەم ئەقلى» ۋە ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۇنىڭغا ئىنتىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىنسان بىلەن ئىلاھ، كونكرېت دۇنيا بىلەن «ئابستراكت دۇنيا» نىڭ زىددىيەتلىك قۇتۇپلىرىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، ئىسلام كالامىزمىغا پەلسەپىلىك سىرلىق تۈس كىرگۈزدى. ئۇ ئىسلام كالامىزمىنىڭ شۇنداق كاتتا بىرلىك سېپىنى شەكىللەندۈردىكى، بىر تەرەپتىن ئۇ تېخىمۇ كۆپ كىشىنى ئۆزىگە رام قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن كالامىزملىق رەسمىي ئېقىمغا مۇخالىپ كوپلىگەن مۇتەپەككۇر ۋە ئەدىبلەر ئۇنى مۇددىھىش ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا ئۇنىڭغا قارشى يالقۇنلۇق پىكىرنىڭ نىقابى قىلىپ ئىشلەتتى. سوپىزملىق پىكىر ئېقىمىنىڭ مۇندىن باشقا راۋاجلىنىش يولى يوق ئىدى.

ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، سوپىزملىق قاراشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نامايەندىسى ئايال رۇپەش رابىيە-لەبىرئەدۋىيە (717 — 801) بولۇپ، ئۇ چۈشىدە مۇھەممەد پەيغەمبەرنى كۆرگەن ۋە ئاللا بىلەن «ئەلۋىسال» (قوشۇلۇش) ھالىتىدە بولغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىبراھىم ئىبن ئەدھەم بىلەن جۇنەيد ئەل-باغدادى سوپىزمنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى بولۇپ تونۇلغان.

سوپىزم تارىخىدا ئەبۇل مۇغىس ئەل ھۇسەيىن ئىبن مەنسۇر ئىبن مۇھەممەد ئەل بەيدەۋى ئەل ھەللاجى (858 — 922) ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان. ئىسيانكار مۇتەپەككۇر — تەسەۋۋۇپچى مەنسۇر ھەللاجى ئاتەشپەرەسلىك دىنىدىكى كىشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، 873 - 789 - يىللىرى باغداتتا جۇنەيد ئەل-باغدادىنىڭ سوپىلىق گۇرۇھىغا قاتناشقان. ئۇ كېيىن دەرۋىش-جاھانكەش سۈپىتىدە ئىران، ھىندىستان، خۇراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئايلىنىپ، ئاخىرى مەككە ئارقىلىق 908 - يىلى باغداتقا قايتقان. ئۇ ھىندىستاندا مەشھۇر پەيلاسوپ ئەر-رازى بىلەن كۆرۈشۈپ گرېك پەلسەپىسى بىلەن تونۇشقان ئۇ خەلىپە مۇقتەدىر (908 — 932) زامانىدا باغداتتا ئۆزىنىڭ ئىنسان بىلەن تەڭرىنىڭ بىرلىكى تەلىماتىنى سۆزلەپ، غايەت زور نوپۇز تىكلىگەن. ئۇ دىنسىزلىقتا ئەيىپلىنىپ 922 - يىلى 26 - مارت خەلىپە مۇقتەدىرنىڭ ئەمرى بىلەن باغدات چوڭ مەيدانىدا دارغا ئېسىلىپ، ئۆلۈكى كۆيدۈرۈلۈپ، كۈلى توزۇتۇۋېتىلگەن. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، مۇنداق قىسمەت سوپىزم تەرەپدارلىرىدىن بايەزىد، تەيخۇر ئەل بەستانى، بابارەھىم مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭمۇ بېشىغا چۈشكەن، ئىمادىدىن نەسىمىنىڭ تېرىسى سويۇپ ئېلىنغان.

مەنسۇر ھەللاجى ئىسلام شەرقىدە ئىسيانكار سوفىزملىق پىكىرنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۇنىڭ نامى ھەتتا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ تەكرارلىنىپ، ئەسلىدىكى ھەللاجى قاراشلىرىدىن يارقىن ئوبراز ۋە ياڭراق ئەكس سادا پەيدا قىلدى. مەنسۇر ھەللاجىدىن

كېيىن بابا كۇھى (؟ — 1050)، ئابدۇللا ئەنسارى (1002 — 1088)، زەينىددىن مۇھەممەد غەززالى (1058 — 1111)، ئابۇلمەجىد سانائى (؟ — 1150)، خوجا ئەھمەد يەسەۋىي (؟ — 1166)، پەرىدىددىن ئەتتار (1148 — 1222)، ئىبن ئەل ئەرەبى (1165 — 1240)، شەمسىددىن تەبرىزى، جالالىددىن رۇمى (1207 — 1273)، شەيخ سەئدى (1202 — 1291) قاتارلىق سوپىزم پىكىر ئېقىمى ۋە سوپىزم ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان مايىللىقتا ۋە خاراكتېرگە ئىگە بولۇشتى.

مەنسۇر ھەللاجنىڭ بىردەكلىك (ۋەھدەت) قاراشلىرى بويىچە بارلىقنى، تەبىئەت ۋە ئىلاھىيات، پانىي دۇنيا دەپ ئىككىگە بۆلمەسلىك ئەكسى ھالدا ئۇنى تەڭرى ئاساسىدا بىر پۈتۈن دەپ قاراش ھەقىقەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىر قىسىم قاراشلىرى پەرىدىددىن ئەتتار، جالالىددىن رۇمى، شەيخ سەئدى، خوجا ھاپىز شىرازى قاتارلىقلار تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلدى. بۇ ئېقىمغا رۇمىنىڭ سوپىزملىق قامۇسى ھېسابلانغان «مەسنەۋى رۇمى» دىۋانى ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئېقىم شەرىئەت، تەرىقەت مەرىپەت، ۋەھدەت قاراشلىرىدا ئۆزىنىڭ تەڭرى بىلەن بىر پۈتۈنلىكىنى ئىزچىل ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنىڭچە، ئۆزىنىڭ تەڭرى بىلەن بىر ماھىيەتتە ئىكەنلىكىنى بىلىش مەرىپەت بولۇپ، مۇنداق مەرىپەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن تەرىقەت ـ تەركى دۇنياچىلىق يالىكى خىلۋەت ياشاش بىلەن شۇغۇللىنىپ جاپا چېكىش لازىمىدى. جالالىددىن رۇمى «ئىنجىل ۋە قۇرئان مەنمەن»، «ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراق مەنمەن»، «مەن شاھنىڭ قۇلى ۋە دۇنيانىڭ شاھى»، «مەن بىرلىك ۋە كۆپلۈكمەن»، «مەن چۈشەنگۈچى (سۇبيېكت) ۋە چۈشىنىلىۋاتقان (ئوبيېكتىپ) نەرسە»، «مېنىڭ بەلگۈم نىشانسىز، مېنىڭ جايىم ماكانسىز»، «ئىككى دۇنيا بىردۇر» دېگەن قاراش بىلەن ئىدېئالىستىك، ئېنىقراقى ئوبيېكتىپ ئىدېئالىستىك ئالەم بىر پۈتۈنلىكى قارىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەنسۇر ھەللاجنىڭ «ئەنەلھەق» تەلىماتىنى كونكرېتلاشتۇرىدۇ. ئۇ «تەڭرى مەركەز» قاراشلىرى بىلەن «ئىنسان مەركەز» قاراشلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىلاھىيەتچىل، دوگماتىزملاشقان ئانتىروپولوگىزملىق پىكىرنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇ ئىنساننى خارلاشنى نۇقتا قىلغان دىنىي ئىلاھىيەتچىلىك ۋە فېئودال ھاكىم مۇتەئەسسىپلىق قاراشلىرىغا نىسبەتەن، ئىنساننى ئىلاھ سايىسى ۋە ئالەم بىرلىكى قاراشلىرى ئاساسىدا قوغدىغانلىق بولۇپ، مۇئەييەن گۇمانىستىك ئامىلغا ئىگە ئىدى، ئەمما، بۇ ئېقىمدىكىلەر تەركى دۇنياچىلىقنى، جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ خىلۋەتتە ئىستىقامەت قىلىشنى تەكىتلەپ، ئىنساننى ئىلاھي شەرىئەتنىڭ قۇربانى قىلىۋەتكەنىدى.①

زەينىددىن مۇھەممەد ئىمام غەززالى سوپىزم بىلەن كالامىزمنى بىرلەشتۈرۈش،

① بۇ ھەققىدە گېگېلنىڭ «پەلسەپە قامۇسى»، گېيوتېنىڭ «شەرق ـ غەرب دىۋانى» ناملىق ئەسەرلىرىدە خاراكتېرىستىكا بېرىلگەن.

سوپىزمنى كالامىزمغا خىزمەت قىلدۇرۇش يولىدا كۆچەپ ئۆرۈنغان يەنە بىر خىل ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلدى. غەززالى ئاللەنىڭ مونىستىك - پانتېستىك بىردەكلىكى ھەققىدىكى قاراشقا قارشى ھالدا تەڭرى بىلەن تەبىئەتنى، جان بىلەن بەدەننى، بۇ دۇنيا بىلەن ئۇدۇنيانى بىر-بىرىدىن ئايرىپ بىر-بىرىگە زىت قىلىپ ئىزاھلىدى. ئۇ خۇدا «ۋاجىبۇل ۋۇجۇد» (مۇتلەق مەۋجۇدىيەت)، تەبىئەت «مۇمكىنۇل ۋۇجۇد» (مۇمكىنلىك مەۋجۇدىيەت) جان تەڭرىدىن قىسقا ۋاقىت ئايرىلىپ چىققان مۇتلەق تەركىب بولۇپ، بەدەن جاننىڭ قەپىزى، قۇللۇق زەنجىرى دەپ تەرغىپ قىلدى. غەززالى جان روھىيەتكە مەڭگۈلۈك بىرلەشكەندىلا ئالەم ئازاۋىدىن قۇتۇلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن دىن يولىغا بېرىلىش، «ئىلمى زاھىر» (تەبىئەت ئىلىملىرى)نى مەرىپەتنىڭ دۈشمىنى، تەسەۋۋۇپنىڭ تورالغۇسى دەپ بىلىش، «تىرىكلىكتە ئۆلۈپ»، مەڭگۈ ئۆلمەسلىكنىڭ يولىنى تېپىش لازىم دەپ قارايدۇ. غەززالىنىڭ ئۇچىغا چىققان سوپىياتا - ماھايانا بۇددىزمغا ئوخشاپ كەتكەن بۇ خىل قاراشلىرىدا ئىنسان ھاقارەتلەنگەن ۋە كەمسىتىلگەن، ئىلاھىيەتچىلىك ۋە دەرۋىشلىك (ئاسكىتىزم) دەۋەت قىلىنغان.

ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ جەھرىيە - قادىرىيە دەپ ئاتالغان يەسسەۋىچىلىك سوپىزمى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ۋە شېئىرىي شەكىلگە ئىگە بولسىمۇ، ئۇنىڭدا غەززالى سوپىزمىغا ئوخشاش رېئال دۇنيا خۇنۈكلەشتۈرۈلۈپ، كەلگۈسى - باقى دۇنيا گۈزەللەشتۈرۈلىدۇ. ئۇ، خۇنۈك، زۇلمەتلىك، ۋاپاسىز، ئۆتكۈنچى، جىنايى دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقىي ئىجاد يولى شەرىئەت، تەرىقەت، مەرىپەت ۋە تەڭرى بىلەن قوشۇلۇش كۆرسى بولغان ھەقىقەتتىن ئىبارەت. ئۇنىڭچە رېئال دۇنيادىكى گۈزەللىك ۋە بەخت - سائادەت كىشىنى «ئىشقى ئىلاھىيە»دىن ئازدۇرىدىغان قاباھەتتىن ئىبارەت. ئەھمەد يەسەۋىنىڭ غەززالىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تەركى دۇنياچىلىق، ئىلاھىيەتچىلىك سوپىزىملىق قاراشلىرى ئۇنىڭ رېئاللىققا قارشى ئەسەبىلىكلىرىنى قوزغىغان، ئۇ مۇنداق يازغان:

«دۇنياپەرەس ناچىنىسلاردىن بويۇن تاۋلا،
بويۇن تاۋلاپ دەريا بولۇپ تاشتىم مانا.»

ئەلۋەتتە، خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ ۋە دىنىي تون كىيىنىۋالغان تەييار تاپلارنىڭ بىر قىسمىنى پاش قىلغانلىقى، بەزىدە ئۆزىنى مەنسۇر ھەللاجىنىڭ مۇرىتى دەپ جاكالىغانلىقى، راۋان ئۇيغۇر تىلىدا يالقۇنلۇق سوپىزملىق ھۆكمەت يازغانلىقى بىلەن غەززالىدىن قىسمەنلىك جەھەتتە ئاجرىلىپ تۇراتتى. يەسسەۋىي سوپىزمىنى ئۇنىڭ شاگىرتلىرى — سۇلايمان بەقىرغانى، سەئىد ئاتا، بابا ماچىن قاتارلىقلار ئىزچىللاشتۇردى.

سوپىزملىق پىكىر ئېقىمى تەرەققىياتىغا يېڭى تۈس كىرگۈزگەن روھانىيەتچىل مۇتەپەككۇر — خوجا باھائىدىن نەقشبەندى (1314 — 1388) دىن ئىبارەت. «نەقشبەندى» (نەقش سالغۇچى) تەخەللۇسى، «بالاگەردان» (ئاپەت يوقاتقۇچى) نا-

مى بىلەن شۆھرەتلەنگەن بۇ مۇتەپەككۇرنىڭ ئەسلى ئىسمى سەئىد مۇھەممەد ئىبن جالالىددىن مۇھەممەد فازىل بۇخارى بولۇپ، بۇخارا يېنىدىكى قەسرى ئارىفان دېگەن جايدا تۇغۇلغان ۋە شۇ جايدا قازا قىلغان خوجا باھائىددىن نەقشبەندى مەشھۇر سوپى مىرسەئىد ئەمىر كۇلالىدىن تەلىم ئالغان.

خوجا باھائىددىن نەقشبەندى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى — كېپەكخان (1318 — 1326)، تارمار شىرىنخان (1326 — 1334)، ئەمىر خازاغان خان (1346 — 1358) دەۋرىدە، تۆمۈرلەڭ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ماۋرا ئۇننەھرىدىكى ئەمىرى بولغان ۋە تۆمۈر ئىمپېرىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن ۋاقىتلىرىدا ياشىدى، بۇ ئۆزگىرىۋىشچان يىللار بولۇپ، كېپەكخان غايەت زور مەمۇرىي ۋە مالىيە-پۇل ئىسلاھاتچىسى سۈپىتىدە تونۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ماۋرا ئۇننەھرنى ھاكىمىيەت تالاشلىرى قاپلاپ كەتكەنىدى. نەتىجىدە تۇغلۇق تۆمۈرخان ئاقسۇدىن قوشۇن باشلاپ 1360-يىلى ئوتتۇرا ئاسىيانى تىنجىتىپ قەشقەر دەريا ۋادىسىغىچە بېسىپ بېرىپ، خوجا بارلاس ئورنىغا تۆمۈرلەڭنى (1336 — 1405) ئەمىرلىككە كۆتەرگەن. تۆمۈرلەڭ 1369-يىلى ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان چاغلاردا باھائىددىن نەقشبەندى 50 ياشتىن ھالقىغانىدى.

خوجا باھائىددىن نەقشبەندى زامانىدىشى خوجا ھاپىز شىرازى (1320 — 1389) بىلەن بىللە ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا-يېقىن شەرقتە مەيدانغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان ئاخىرقى فېئودالىق مەدەنىيەت گۈللىنىشى — كەنجى رېنېسسانس ھادىسىسىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقانىدى. باھائىددىن نەقشبەندىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر قاراشلىرى پۈتۈن چاغاتاي ئەدەبىياتىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى.

## 2 - نەقشبەندىيە سوپىزمىنىڭ ئاساسىي ئالامەتلىرى

خوجا باھائىددىن نەقشبەندىنىڭ سوپىزىملىق قاراشلىرى نوقۇل سوپىزملىق پىكىر تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، ئىجتىمائىي-تارىخىي ئەمەلىيەت، پانتېزملىق ئىدېئولوگىيە، بىر قاتار گۇمانىستىك پىكىرلەر ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بىز نەقشبەندى قاراشلىرىدىن ئىبن سىنانىڭ پانتېزملىق ۋە تىبابەتچىلىك قاراشلىرى تەسىرىنى، «قۇتادغۇبىلىك»دە سۆزلەنگەن ئۆگدۈلمىش ئوبرازىدىكى رېئال دۇنيا ۋە ئىجتىمائىي بەخت-سائادەت قاراشلىرى تەسىرىنى، ئوبۇل قاسىم فىردەۋسى (940 — 1020)، ئۆمەر ھەييام (1040 — 1120)، نىزامى گەنجىۋى (1141 — 1203)، شەيخ سەئىدى (1202 — 1291) قاتارلىق گۇمانىزم نامايەندىلىرىنىڭ پانتېزملىق قاراشلىرى تەسىرىنى، ئەينى زاماندىكى ئىسلاھات، ئەمگەك ۋە تەرەققىياتقا بولغان ئىجتىمائىي ئىنتىلىشلەر تەسىرىنى كۆردۇۋالالايمىز.

خوجا باھائىددىن نەقشبەندى ئالدى بىلەن سوپىزمىنىڭ مەنسۇر ھەللاجى ۋە جالالىددىن رۇمى تەرىپىدىن ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدېئالىستىك مونىزملىق — روھانىيەتچىل پانتېزملىق پرىنسىپلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تەڭرىنىڭ — تەبىئەتنىڭ بىردەكلىكىنى

تەڭرىنىڭ تەبىئەت ۋە كۆرۈنىدىغان نەرسىلەرگە يوشۇرۇنغانلىقىنى، دۇنيانىڭ بىرلا رېئال دۇنيا ئىكەنلىكىنى، دۇنيادا بىرلا ھايات بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

خوجا باھائىددىن نەقشبەندى ئۆز پېشۋالىرىدىن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەركى دۇنياچىلىقنى، رىيازەت چېكىش ۋە خىلۋەتتە سۇلۇك تۇتۇش ۋاستىلىرىنى ئىنسانىڭ تەڭرى بىلەن «ۋەسلى ئىلاھىيە» كە رىسىغا يېتىشىنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى ھەتتا ئاساسلىق ۋاستىسى دەپ قارىمايدۇ. ئۇ خۇددى ناۋايىي «نەسائىمۇل مۇھەببەت» ناملىق سوپىزم تەزكىرىسىگە بېغىشلانغان كىتابىدا تىلغا ئالغىنىدەك، ئادەم سىلسىلە① بىلەن ھېچ يەرگە بارالمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

خوجا باھائىددىن نەقشبەندى سوپىزم قائىدىلىرىنى ئىنسانىيەتكە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە (ئەنجۇمەن)، رېئال دۇنيادىكى ئىنسانى ھاياتقا يۆتكەپ، گۇمانىستىك ۋە رېئالىستىك (دۇنياۋى) پىكىرنىڭ نوپۇزىنى تىكلەشكە تىرىشىدۇ، ئۇ خۇددى ئابدۇراخمان جامىنىڭ «نەفەھاتۇل ئۇنىس»، ناۋايىنىڭ «نەسائىمۇل مۇھەببەت» ناملىق ئەسەرلىرىدە قەيت قىلىنغاندەك «باتىندا (ئىچكى كۆڭۈلدە) ھەق (تەڭرى) بىلەن»، «زاھىردا (سىرتقى جەھەتتە، ئەمەلىيەتتە) خەلق بىلەن» بولماقنى شەرت قىلىدۇ.

خوجا باھائىددىن نەقشبەندىنىڭ سوفىزملىق تەشەببۇسلىرى يوقىرىقى پەلسەپىۋى - پانتېئىزملىق قاراش ئاساسىدا تۆۋەندىكى تۆت ئاساسى پىرىنسىپتا گەۋدىلەندۈرۈلگەن:

ئۇنىڭ بىرىنچى پىرىنسىپى «خىلۋەت دەر ئەنجۇمەن» (جەمئىيەتتە، ئادەملەر ئارىسىدا خىلۋەت سۈرمەك).

باھائىددىن نەقشبەندىچە، جەمئىيەت - خەيرىيەتلىكتۇر. ئۇ، ئىنسانلار بىلەن بىللە ياشاشنى، ئىنسانلارنى تەرك قىلىپ، تەركى دۇنيادا خىلۋەت سۈرەككە قارشى قويىدۇ. ئۇ بۇ نۇقتىدا «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۇدغۇرمىشقا قىلغان نەسىھەتلىرىنى تەكىتلەيدۇ.

باھائىددىن نەقشبەندىچە، كىشى، بولۇپمۇ سوپى ھالال ئەمگەك مېۋىسىگە يۆلىنىپ ياشىمىقى لازىم. ئۇ خۇددى ئەبۇل ھەسەن مۇھەممەد باقىر بىننى مۇھەممەد ئەلىنىڭ «مەقاماتى نەقشبەندى» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغىنىدەك، ئىبادەتنىڭ توققۇزى ئۆز ئەمگىكى بىلەن ھالال ھايات كەچۈرۈش، دېگەنىدى. ئۇ «دىلى بەيارۇ، دەست بەكار» (كۆڭۈل يار بىلەن، قول ئىش بىلەن بولسۇن) دېگەن. ئۇ يەر تېرىپ، مېتالغا نەقىش چېكىش (چىكانكا) بىلەن شۇغۇللانغان، ھېكايە قىلىنىشىچە، ھىرات پادىشاھى مالىك ھۈسەيىن ئۇنىڭ ئۆيىگە زىياپەتكە چاقىرغاندا، ئىلاجىسىز بارغان بولسىمۇ، ھېچ نەرسە يېمىگەنمىش. پادىشاھ بۇ ھەقتە سورىغىنىدا، بۇ يەردىكى يېمەكلىكلەر ھەققىزلىق بىلەن كەلتۈرۈلگەچكە، ھالال ئەمگەك مېۋىسى ئەمەس دەپ جاۋاب

① سىلسىلە ـ زەنجىر، ئىزچىللىق تەرتىپ، بۇ يەردە ئىستىقامەت كۆرسىتىلگەن

بەرگەن، بۇ پەقەت موھتاجلارغىلا ياردەم بېرىش، ساخاۋەت قىلىشنى يوللۇق بىلگەن، دېھقانچىلىقتىكى ھالال ھەمكارلىق، لاپقۇتلاشماقنى تەشەببۇس قىلغان.

ئۇنىڭ ئىككىنچى پرىنسىپى «سەفەر دەرۋەتەن» (ۋەتەننى زىيارەت قىلماق).

باھائىددىن نەقشىبەندىچە، بىر يەرنى خىلۋەتگاھ قىلىۋېلىپ، ئۇزلەتتە① ئولتۇرۇۋېلىش پايدىسىز بولۇپ، ساياھەت قىلىش، ھايات ئالىمىگە كەڭ ۋە پىكرەن چۆكۈپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش لازىم. ئۇ، تەبىئەت گۈزەل، ئۇندا كىشى لەززەتلىنىدىغان نۇرغۇن نەرسەلەر بار؛ دۇنيا غۇربەتخانا، غەمخانا ئەمەس؛ گۈزەل دۇنيادا پەقەت غەمدە، خىلۋەت-يالغۇزلۇقتا، بىرلا ئۇزلەتتە ياشاش خۇدا ئالدىدا نان كورلۇق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. نەقشىبەندىچە پەقەت سەپەر-زىيارەت بىلەن دۇنيادىن خەۋەردار بولغاندىلا، دۇنيانىڭ قەدرىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈچىنچى پرىنسىپى «نەزەر دەر قەدەم» (ھەر بىر قەدەم، ھەر بىر ئىشنى تەپەككۇر بىلەن ئورۇندىماق).

باھائىددىن نەقشىبەندىچە، دۇنيا پۈتۈنلەي ئازاب دېگىنى ئەمەس، ھەر خىل سەۋەن، يېڭىلىش بەختسىزلىكتىن خالىي بولۇش ئۈچۈن ھەر بىر قەدەمنى پۇختا ئويلاپ باسماق لازىم. ئۇ، ئومۇمەن ئىنسانغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، خۇشاللىق يەتكۈزىدىغان قەدەمنى توغرا قەدەم، ئەكسى نەتىجە بېرىدىغان قەدەمنى ناتوغرا قەدەم دەپ، ئىنساننىڭ ئەمەلىي مەنپەئىتىنى ئۆلچەم قىلغان. ئۇ ھەر قانداق مەنپەئەتلىك قەدەم مۇمكىنلىكلىرىنى غەنىمەتلىك دەپ قارىغان. ئۇ تەجرىبە قىلىپ كۆرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسەتكەن.

ئۇنىڭ تۆتىنچى پرىنسىپى «خۇش دەر دەم» (ھاياتنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزمەكلىك).

باھائىددىن نەقشىبەندىچە، تەبىئەت ۋە رېئال دۇنيا نازۇ نېمەت، گۈزەللىك ۋە لەززەت ماكانى بولۇش بىلەن بىللە، ھەر بىر شەخسنىڭ بۇندىكى ھاياتى ۋاقىتلىق، چەكلىك. ئىنسان ئۇنىڭدىن بەھرىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە ۋە شۇ سەۋەبلىك يارىتىلغان. ناۋائىي سۆزى بىلەن ئىپادىلىگەندە «تەڭرى جەزبەسىدىن بىر جەزبە ئىنسان بۇ سائادەتكە مۇشەررەفتۇر».

باھائىددىن نەقشىبەندىچە، تەبىئەت ناز قىلىدۇ، چاقچاق قىلىدۇ، قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ئىنسان بۇنىڭغا ئۆز قابىلىيىتىنى سۇندۇرماي، كۈچ سەرپ قىلىپ (كۈرەش قىلىپ — ئاپتور)، ئۇنىڭدىن بەھرىلىنىشى كېرەك. نەقشىبەندى، ھەر نەپەس غەنىمەتلىك، ئۇنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزمەسلىك، غەمكىن قىلىۋېتىش نادانلىق، ئۆزىنى ۋە دۇنيانى چۈشەنمەسلىك، ھەر قانداق ھاياتنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشكە قارشى زىت سۆز، ئەلىم، ھەتتا پەيغەمبەر سۆزىسى بولسىمۇ ئۇنىڭغا قۇلاق سالماسلىق لازىم.

باھائىددىن نەقشىبەندىي بەدەننىڭ ساغلاملىقىنى، مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىشىنى، ھەر

① ئۇزلەت — كىشىلەردىن چەتنەپ ئىستىقامەت قىلماق.

خىل زەئىپلەندۈرىدىغان ھەرىكەتتىن چەتلىشىشنى ۋە ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىشنى ھاياتنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشتىكى ئالدىنقى شەرت دەپ كۆرسەتكەن.

خوجا باھائىددىن ئۆزىنىڭ يوقىرىقى تۆت پرىنسىپى بىلەن سوپىزىمنى گۇمانىزملىق ۋە راتسىئونالىزملىق قاراشلارغا يېقىنلاشتۇرۇپ، دۇنياغا ۋە رېئال ھاياتقا ئۇمىدۋارلىق بىلەن قاراپ، ھاياتنى پاك نىيەت، ھالال ئەمگەك مۇۋاپىق روزىغار بىلەن ئۆتكۈزۈش، ئادىل بولۇش، خەلقنى سۆيۈش قاتارلىق ئىلغار ئىدىيىلەرنى ئالغا سۈردى. نەقشبەندى روھانىلار تەرىپىدىن تەقىب قىلىنىپ، يۇرتىدىن قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ھەتتا ئۇ ھەقتە تۆھمەتلەر (مەسىلەن، قايسى پادىشاھ سارىيىدا جاللاتلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپتۇ، دېگەندەك) تارقالدى.

باھائىددىن نەقشبەندى روھانىيەتچىلىكىنىڭ مىستىك سوپىزملىق ئىدېئالىزمدىن سوپىلىق قائىدىلىرىدىن خالاس بولغان ئەمەس. ئۇ يەنىلا ئىلاھىيەت، ئىلاھىيەت ئىرپانچىلىقى، ئىشقى ئىلاھىيە ۋە مۇرىتچىلىك قاراشلىرىنى ئىزچىللاشتۇرغان. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئىدىيىلىرى مۇھەممەد غەززالى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىككى ئەسىردىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغان يەسسەۋىچىلىك سوپىزمىغا خاتىمە بېرىپ، ئەركىن پىكىر ۋە دۇنياۋى — رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىغا كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشتى.

3 - نەقشبەندىچىلىكنىڭ چاغاتاي ئەدەبىياتىغا تەسىرى

نەقشبەندىچىلىك سوپىزمى تېز ئارىدا كەڭ تارقالدى ۋە قوبۇل قىلىندى. ئۇ ئەينى زامان روھىيىتىدە كالامىزم ۋە يەسسەۋىچىلىك كىشەنلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە بۇزۇپ تاشلاشقا پايدىلىق بولغان. بولۇپمۇ تۆمۈرىلەر ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە يېڭىدىن ھاسىل قىلىنغان ئارىلاشما مەدەنىيەت تەسىرىدە شەكىللەنگەن ئاخىرقى باسقۇچتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت گۈللىنىشى مۇھىتىدا بۇ خىل پىكىر ئېقىمىنىڭ مۇخلىسلىرى تېخىمۇ كۆپەيدى. ھەتتا خوجاباھائىددىن ئۇلۇغ ئەۋلىيا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىش ھەج ساۋابى بىلەن باراۋەر دېگەن قاراش شەكىللەندى. كەمبەغەل ئاھالە ئارىسىدا نەقشبەندىنى پىر تۇتۇش ئۇدۇمى مەيدانغا چىقتى.

شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، نەقشبەندىچىلىك ئوتتۇرا ئاسىيانى، ئېنىقراقى سەمەرقەند، ھىرات، ئەنجان ۋە يەركەننى مەركەز قىلغان كەنجى فېئوداللىق رېنېسسانس ھادىسىنى، ئۇنىڭ ئۇتۇقلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگىنى يوق، بەلكى بۇ ھادىسە ۋە ئۇتۇقلارغا رېئالىزملىق، گۇمانىزملىق ھۆسۈن قوشتى، خالاس.

ئۇ ئىنساننىڭ خارلانغان ئورنى، تەرىقەت جەبىرۇ-جاپاسىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئىشقنى تەڭرىگە (ئىشقى ئىلاھىيە) ۋە ئىنسانغا (ئىشقى مەجازى) بېغىشلىدى. زاھىد-خودبىنلىك نامىدا مەسخىرە ئوبيېكتى بولۇپ قالدى، مەرىپەت — ھەم ئىلاھىيەتلىك ھەم بىلىش خاراكتېرلىق مەنىگە ئېرىشتى.

خوجا باھائىددىن نەقشبەندىنىڭ مەۋلانە نىزامىددىن، سەئدىددىن قەشقەرى.

مەۋلانە نۇرىددىن، ئابدۇراخمان جامى قاتارلىق سوپىزىملىق ئالىپتا مۇرىد-ۋارىسلىرى بولغان. ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرى ھەققىدە ئەبۇل ھەسەن مۇھەممەد ئەلىشىنىڭ «مەقاماتى نەقشبەندى»، ئابدۇراخمان جامىنىڭ «نەفەھاتۇل ئۇنىس»، ناۋايىنىڭ «نەسىمۇل مۇھەببەت» قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلىرى يېزىلادى.

چاغاتاي ئۇيغۇر (كېيىنچە ئۇيغۇر ئۆزبېك) ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى مۇھەممەد خارازمىنىڭ «نامە» ژانىرىدىكى «مۇھەببەتنامە» ناملىق داستانى يەسسەۋىچىلىك تەسىرىنى يېڭىپ، نەقشبەندى قاراشلىرىغا مۇۋاپىق ئىنسانىي گۈزەللىك ۋە ئىنسانىي مۇھەببەتنى كۈيلىگەن مۇھىم سەمەرە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ:

«ئايا نا مېھرىۋان، ئەھلى ۋاپاسىز،
جاھان يەلدەك، ئۆمۈر گۈلدەك باقاسىز.»
«تالىم گۈلچېھرە نەرگىس كۆزلىرىڭ بار،
شەكەر دۇرداغى شېرىن سۆزلىرى بار.»
«قەدەم دەرنەھ، كى دەر ئىشقى مەجازى،
بە مەقسۇدى رەسى، گەر پاكبازى.»
(مەجازى مۇھابەتكە قەدەم قوي! پاك ۋە
سادىق بولساڭ بۇ يولدا مەقسەتكە يېتىسەن.)

دېگەن مىسرالىرى يېڭى دۇنياۋى يۈزلىنىشنى گەۋدىلەندۈرگەن چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كۈيىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەبەيدۇللا ئۇتېپنىڭ:

«ئابىھايات دۇنيادا بار ئولسا، لەلىڭ ئول.»
«بۇرقەنى① كۆتەر، تەڭرى ئۈچۈن، ئەل سېنى كۆرسۇن،
بۇ ھۆسنى مالاھەت② يەنە قايسى كۈن ئۈچۈندۇر.»

مەۋلانە گادائىنىڭ:

«كېرەكمەس تەڭلەغى پىردەۋسى رىزۋان،
سېنىڭدەك چۈن، بېگىم دىلخاھىمىز بار.»

ئاتائىنىڭ:

«ئول سەنەمكىم، سۇ ياقاسىدا پەرىدەك ئولتۇرۇر،
غايەتى نازۇكلىقىدىن سۇ بىلەن يۇتسە بولۇر.»

سەككاكىنىڭ:

«ئىشق ئىشىن سەككاكى ئەۋۋەل بىلمەدى ئاسان كۆرۈپ،
ئاخىرى ئۆز جانىنىڭ ئىشىنى دىشۋار ئەيلەدى.»

① بۇرقە—پەردە، نىقاب
② مالاھەت—گۈزەللىك.

دېگەن مىسرالىرى مۇشۇ يېڭى يۈزلىنىشنىڭ مىسال قەترىسىدۇر، خالاس.

ئابدۇراخمان جامى مەۋلانە سەئدىدىن مۇھەممەد قەشقەرى تەسىرىدە نەقشبەندىچىلىك قاراشلىرىنى تىكلىدى. ئۇ ھەتتا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە سەئدىدىن قەشقەرىنىڭ مەشھەتتىكى قەبرىسىگە شەيخلىق قىلىپ، ئاخىرى ئۆزىمۇ شۇ جايغا دەفنە قىلىندى.

ئەلشىر ناۋايى ياشلىقىدا پەرىدىدىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەيىر» داستانى تەسىرىدە سوپىزملىق كۆز قاراشقا ئىگە بولغانىدى. ئۇ ئابدۇراخمان جامىنىڭ تەسىرىدە تېزلا نەقشبەندى قاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى.

خوجا باھائىددىن نەقشبەندى قاراشلىرى ئەلشىر ناۋايى قاراشلىرى بىلەن تەڭداش ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ، نەقشبەندىچىلىك سوپىزمىنىڭ ناۋايى لىرىكىسىغا كۈچلۈك تەسىر قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ:

«مۇساپىر بول، ئەمما ۋەتەن ئىچرە بول،
تىلە خىلۋەتنى، ئەنجۇمەن ئىچرە بول.»

دەپ يازغانىدى.

بىز سۇلتان سەئىدخان، ئابدۇرەشىت خان غەزەللىرىدىن، بابا رەھىم مەشرەپ، بولۇپمۇ مۇھەممەد سىدىق زەلىلى شېئىرىيىتىدىكى ماجازى مەزمۇنلاردىن نەقشبەندىچىلىك تەسىرىنى، ھەتتا نەقشبەندى نامىغا بېغىشلانغان جۈملىلەرنى كۆرەلەيمىز. مەلۇم مەنىدە بۇ خىل تەسىر تاكى چاغاتاي — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرىگىچە داۋام قىلغان دېيىش مۇمكىن. زەلىلى مۇنداق يازغانىدى:

«گوھەنەلەنگەرى ئالەم، كارۋان ئېرۇر ئادەم،
دەم ئېلىپ ئۆتەر بىردەم، سەن بۇ دەم غەنىيمەت تۇت.»
«سەن ئۆزگە بۇگۈن تاماشا قىل،
ھەر ئەجايىپكى باردۇر ئادەمدە،
ئەقلى كامىل تەنىڭدە جەيھۇندۇر،
نەتىلەرسەن سۇ قەترەئى نەمدە.
ئەرغۇنۇنىڭ سەداسىدىن كۆيدۇم،
شۆ ئىلە تاشلايدۇ زىر ئىلە بەمدە.
قايدا ئېسا كەبى مەسىھايى،
كۆرگەي ئەسرارى ھەقنى مەريەمدە...»

خوجا باھائىددىن نەقشبەندى سوپىزمى ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە ئىدىيە تارىخى، ئەدەبىيات تارىخىدا سالماقلىق تەسىر قىلغان. ئۇنى ھەر تەرەپلىمە مۇلاھىزە قىلماي تۇرۇپ، ئىدىيە ۋە ئىجادىيەت تارىخىنىڭ مۇرەككەپ مەنزىرىسىنى روشەنلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

# ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى

ئايشەم ھامۇت

ئەدەبىيات ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ھەربىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىك شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولۇپ، ئۇ شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىنى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىن روشەن ھالدا پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، تىل يېزىقى، ئۆرپ-ئادىتى، جۇغراپىيە شارائىتى ۋەھاكازالاردا روشەن پەرق بولۇپ كەلدى. بۇنداق پەرقلەر، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىياتىدا ئوخشاش بولمىغان تارىخىي، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ۋە ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىمۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى كونكرېت ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ، ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان. ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر شۇ مىللەت ھاياتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭگەن بولۇپ، ئۇ كونكرېت ھالدا شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئىچكى دۇنياسى يەنى مەنىۋى قىياپىتى، ئوي-پىكرى ۋە مەقسەتلىرىدە، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ مىللىي روھىي قىياپىتىدە ئەكس ئېتىدۇ. بىرەر مىللەتنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا خاس بولغان ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، پەلسەپە، ئەخلاقىي قاراشلىرى، دىنىي ئېتىقادى، جۇغراپىيىلىك ئورنى، ياشاش شارائىتى، تىل يېزىقى، شۇنىڭدەك پىكىر ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرى مىللىي روھنى شەكىللەندۈرىدىغان ئامىللار ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىيات ئەنە شۇ مىللىي روھ ۋە مىللىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزىگە خاسلىقى بىلەن مەزمۇنى ئۆزگىچىلىكىنىڭ روشەن ئالامەتلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئۇنى ئوبرازلىق ھالدا كونكرېت گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەندىلا، ئاندىن ئۇ، يارقىن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولالايدۇ. بۇنداق ئەدەبىيات يالغۇز شۇ مىللەتنىڭ ئۆز ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى باشقا مىللەت خەلقلىرى ئارىسىدىمۇ دۇئەييەن ئىجتىمائىي قىم-

مەتكە ئىگە بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى بايلىقىغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق ئەدەبىيات يېڭى ۋە قىزىقارلىق تۇرمۇش مەنزىرىسىنى يارىتىپ ۋە ئوبرازلىق سەنئەتنىڭ ئالاھىدە فورمىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. دەل مۇشۇ نەرسە باشقىلارنىڭ بۇ خىل ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋەس ۋە ئىشتىياقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ شۇ ئەدەبىياتنى ياراتقۇچى خەلققە بولغان چۈشەنچە ۋە مۇھەببىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ئەدەبىياتتا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئاپتورنىڭ ئۆزى ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇشنى كۆزىتىشى ۋە باھالىشىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. رۇسىيىنىڭ XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن تەنقىدىي رېئالىست يازغۇچىسى گوگول: «ئەدەبىي ئەسەرلەردە مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ بولۇش بولماسلىقىنىڭ ئاچقۇچى ئاپتوردا مىللىي روھنىڭ بولۇش بولماسلىقىدا» دەپ كۆرسەتكەن، ئۇ يەنە «ھەقىقىي مىللىي خۇسۇسىيەت دېھقان ئاياللارنىڭ يەڭسىز ئۇزۇن كۆينىكىنى تەسۋىرلەشتە ئەمەس، بەلكى مىللىي روھقا ئىگە بولۇشتا. شائىر ھەتتا ئۆزىگە يات بولغان بىر ئەلدىكى دۇنيانى تەسۋىرلىگەندىمۇ، شائىر ئۇ دۇنيانى پەقەت ئۆز مىللىتىگە خاس خىسلەت نەزەرى بىلەن، پۈتۈن مىللەتنى كۆزدە تۇتۇش نەزەرى بىلەن كۆزىتەلىسە ۋە پەقەت شائىرنىڭ ھېس-تۇيغۇسى ۋە ئۇنىڭ دېگەن گەپلىرى ئۆز قېرىنداشلىرىنى خۇددى ئۆزلىرى شۇنداق ھېس قىلىۋاتقاندەك ۋە ئۆزلىرى شۇنداق دەۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرەلىسە، ئۇ ھالدا، ئۇ تەسۋىرلىرىنى مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلالىشى مۇمكىن» دېگەن ئىدى.① پەيلاسوپ تەنقىدچى بېلىنىسكىي گوگولنىڭ بۇ گېپىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولغان ھالدا پۇشكىننىڭ ئەسەرلىرىنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆز كۆز قاراشلىرىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «پۇشكىننىڭ كۆپلىگەن لىرىك شېئىرلىرى، ھەتتا ئۇنىڭ بىر قانچە پارچە داستانى بارۇننىڭ ‹دون جوئان› غا ئوخشاش مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن پۈتۈنلەي ياۋروپا پۇرىقىغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي روھىنىڭ ۋەكىلى بولغانلىقى، شەيئىلەرنى ئۆز مىللىتىنىڭ نەزەرى بىلەن كۆزەتكەنلىكى، ئۇنىڭغا ئۆز تامغىسىنى باسقانلىقى ئۈچۈن ئۇ يەنىلا رۇسلارنىڭ مىللىي شائىرى بولۇپ قېلىۋەرگەن، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى بايرون، گېيوتې، شىللېرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويمىغان».② دەرۋەقە، يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىدىكى مىللىي روھ، پىسخىك ھالەت، خىسلەت، خاراكتېر قاتارلىق جەھەتلەردىكى مىللىي خۇسۇسىيەتنى ھامان مىللەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلى.

ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى خەنزۇ،

---

① بېلىنىسكىي «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، خەنزۇچە نەشرى 79 - بەت

② بېلىنىسكىي «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، خەنزۇچە نەشرى 77 - بەت.

رۇس، فرانسۇز، ياپون ئەدەبىياتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا (ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا) ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنى، يارىتىلغان پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى، ئىپادىلەنگەن ئۆرپ-ئادەت، تەسۋىرلەنگەن تەبىئىي مۇھىتلارنىڭ ھەرقايسىسى روشەن مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن «غۇنچەم» دراممىسىدا تەسۋىرلەنگەن ئىجتىمائىي ھايات مەنزىرىسى، دېھقان تۇرمۇشىنىڭ ئايرىم ۋە ئالاھىدە كۆرۈنۈشلىرى، پېرسوناژلارنىڭ ۋەقە-ھادىسىلەرگە بولغان تونۇش ۋە چۈشەنچىلىرى، ئۆزىگە خاس تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى، ئوي-پىكىر، مىجەز-خۇلق، ئادەت ۋە خاراكتېرىدە ئىپادىلەنگەن ئىندىۋىدۇئاللىقلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي ئۆزگىچە. ئۇنىڭدا مىللىي تۇرمۇشنىڭ پۇرىقى ئالاھىدە ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئەسەر قەھرىمانى نۇرۇم ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇش مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن، فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بېسىم ۋە خورلىقى بىلەن ھاقارەتلەنگەن ئۇيغۇر دېھقىنى، ئۇ دەل مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن فېئوداللىق يەر ئىگىدارچىلىق تۈزۈمىنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى دەستىدىن بوغۇلۇپ ھالىدىن كەتكەن خەنزۇ دېھقىنى روگتو① بىلەن ئا O دىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ مەيلى قايسى مىللەت كىتابخانلىرىنىڭ قەلبىگە كىرىپ سىڭمىسۇن، ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدە بارلىققا كەلگەن پۈتۈنلەي يېڭى ۋە ئالاھىدە بولغان مىللىي پېرسوناژ بولۇنىچە قالىدۇ. زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن كۈچلۈك يەرلىك پۇراق ئۇلار ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك تەرەپلىرىنىڭ بىرى. ئۇلارنىڭ قايسى ئەسەرلىرىدە بولمىسۇن، مىللىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزىگە خاس ماھىيەتلىك تەرەپلىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ. ئۇلار ياراتقان پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت پائالىيىتى، ئاڭ-پىكرى، تونۇش ۋە چۈشەنچىسى، غايە ۋە ئارزۇلىرىدا مىللىي تۇرمۇشنىڭ روشەن بەلگىلىرى چاقنايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ساھەدىكى ئىجادىي ئىزدىنىشلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى مېۋىلىرى بولغان «ئىزدىنىش»، «كۈرەشچان يىللار»، «ئىز» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىكى ھەر بىر كۆرۈنۈش، تەپسىلات ۋە ھەرقانداق بىر ۋەقە ئۇيغۇر تۇرمۇشىغا خاس بولغان روشەن ئالاھىدىلىكلەر ھەمدە مىللىي روھ ۋە مىللىي پىسخىكىغا تەبىئىي سىڭىشكەن كۈچلۈك ئىچكى مەزمۇن بىلەن تولۇپ تاشقان.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مىللىي روھ ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان يازغۇچى ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ھەقىقىي يازغۇچى بولۇشى كېرەك. ئۇ ئۆز خەلقىنى سۆيۈشى، ئۇنىڭ تارىخى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، رېئال تۇرمۇش ئەمەلىيىتى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى، غايە ۋە ئارزۇلىرىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان بولۇشى، شۇنداقلا ئۆز خەلقىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇرغۇپ تۇرغان مىللىي روھ، ۋەتەنپەرۋەرلىك - ئىنقىلابىي جا-

① روگتو - لۇشۈننىڭ «يۇرتۇم» ھېكايىسىدىكى پېرسوناژ.

سارەت، دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولغان قۇدرەتلىك ئىچكى دۇنياسىنى قىزغىن مەدھىيىلىشى، ئۆز خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا يۈز بېرىۋاتقان يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى مۇناسىۋەتلەرنى دەل، توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ يۈكسىلىشىگە مۇناسىپ تۆھپە قوشۇشى كېرەك. ئۆز ئىجادىيىتىدە، مىللىي ئالاھىدىلىكنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان يازغۇچى ئۆزىنىڭ ھەممە زېھنىي كۈچىنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي تۇرمۇش بىرلىكى ئۈستىگە يىغىشى، ئۆز مىللىتىنىڭ كۈرەش ۋە تۇرمۇشىنى پىششىق بىلىشى لازىم. بۇ، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەر يارىتىشنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتى.

ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ئاساسەن مەزمۇن بىلەن شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. XIX ئەسىردىكى فرانسىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبزورچىسى دانا، لاتىن مىللەتلىرى ئەدەبىياتى بىلەن ئەرمەن مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتىنى سېلىشتۇرۇپ، مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «لاتىن مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىياتىدا، ھېچبولمىغاندا ئىتالىيە، ئىسپانىيە، فرانسىيەلەرنىڭ رومان، دراممىلىرىدا كۆپىنچە شەھۋانىي ھەۋەس ئاساسىي گەۋدە قىلىنىدۇ، شەھۋانىي ھەۋەسنىڭ رايىغا بېقىپ خالىغانچە ئىش قىلىنىدۇ. شەھۋانىلىققا ھېسداشلىق قىلىنىدۇ»، بۇنىڭ ئەكسىچە، «ئەنگلىيە رومانلىرىدا ھەقىقىي ـ ساپ مۇھەببەت تەسۋىرلىنىدۇ، نىكاھلىنىشىپ توي قىلىش مەدھىيىلىنىدۇ، گېرمانىيىدە ھاۋايى ـ ھەۋەس ئىشق ـ مۇھەببەت ئانچە شەرەپلىك ئىش ھېسابلانمايدۇ.» نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ؟ دانا بۇ مەسىلە ئۈستىدە خېلى ئىزدەنگەن، ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇنىڭ سەۋەبى «لاتىن ئەللىرىدە ئىشق ـ مۇھەببەت، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە كەڭچىلىك قىلىنىدىغانلىقى ياكى يول قويۇلىدىغانلىقى، ھەتتا بەزىدە مەدھىيىلىنىدىغانلىقى» دىن بولغان؛ ئەرمەن مىللەتلىرىدە بولسا، ئەقىل ـ ئىدرەك ھېسسىياتتىن ئەلا بولۇپ، «ئۇلارنىڭ ئىددىيىسى سەزگۈ ئورگانلىرىنىڭ ھوزۇرلىنىشىنى كۆزلەپ، بىردەملىك ھاياجاننى، تاشقى گۈزەللىكنى دەپ ئاسانلىقچە توغرا يولدىن چىقىپ كەتمەيدىغانلىقىدىن بولغان.»①

ئوبزورچى دانانىڭ ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئەخلاق ۋە مىللىي ئۆرپ ئادەت بويىچە چۈشەندۈرۈشىدە، گەرچە مەلۇم ئاساس بولسىمۇ، ئامما ئۇ، بۇنداق ئەخلاق ۋە ئۆرپ ـ ئادەتنى بەلگىلەيدىغان تۈپ مەسىلىگە توغرا جاۋاب بېرەلمىگەن، ماركسىزمچىلار دانانىڭ ئەخلاق ۋە ئورپ ئادەتنى ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ ئاخىرقى سەۋەبى دەۋالغانلىقتىن ئىبارەت مۇنداق كۆز قارىشىنى خاتا دەپ قارايدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەخلاق ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ ئوخشاشمايدىغانلىق سەۋەبلىرىنى پىسخىك ھالەتكە يىغىنچاقلاپ قويماستىن، بەلكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، تارىخى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، جۇغراپىيە شارائىتى ۋە تىلى قاتارلىقلاردىن ئىزدەش كېرەك. بىرەر يازغۇچى ئۆز مىللىتىنىڭ

① دانا، «سەنئەت پەلسەپىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 154 - 158 - بەتلەر.

سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەنىۋى تۇرمۇشىنى، جەڭگىۋار كۈرەش تارىخىنى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا يۈز بېرىۋاتقان يېڭى زىددىيەت، يېڭى مۇناسىۋەتلەرنى، ئالاھىدە سىياسىي، ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە بولغان يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز ئەسەرلىرىدە چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس يولىنى كونكرېت ئېچىپ بەرگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئەسىرى مەزمۇن جەھەتتىن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مانا شۇ ئىجتىمائىي مەزمۇن ئۇنىڭدا يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلاردا تېخىمۇ يارقىن ۋە كونكرېت ئەكس ئېتىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئالاھىدىلىكى جانلىق، كونكرېت ئوبرازلار ئارقىلىق ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىجتىمائىي تورمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتىن، يەنى ئايرىم ئوبرازلار ئارقىلىق ئومۇمىي شەيئىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بەدىئىي ئوبراز قانچىكى توغرا، روشەن، جانلىق بولسا، بۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى شۇنچىلىك تولۇق ئىپادىلىنىپ، كىتابخانلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىغا تەسىر قىلالايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى يازغۇچىلارنىڭ مۇھاكىمىسى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى يازغۇچى ياراتقان ئوبراز ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. يازغۇچى تىپىك ئوبرازلارنى يارىتىشتا ھامان پۈتۈن كۈچ بىلەن ئايرىملىق ئارقىلىق ئومۇمىيلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە، جانلىق، روشەن بولغان ئايرىم بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ماھىيىتىنى ئىپادىلەشكە، خاسلىققا ئىگە بولغان پېرسوناژلار ۋە كونكرېت زىددىيەت، توقۇنۇشلار ئارقىلىق مۇئەييەن دەۋردىكى مەلۇم بىر سىنىپ، تەبىقە ياكى مەلۇم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئورتاق ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. يازغۇچى ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇش ۋە كۈرەشلىرىنى، ئوي - پىكىر، ھېس - تۇيغۇلىرىنى، ئادەت ۋە كۆز قاراشلىرىنى ئىنچىكىلەپ ئۆگىنىپ، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان جانلىق بەدىئىي ئوبرازلارنى، يەنى ئالاھىدە خىسلەتكە ئىگە بولغان تىپىك خاراكتېرلارنى يارىتىدۇ. تىپىك مىللىي خاراكتېر پېرسوناژنىڭ مىللىيلىكىنى تەمىن قىلىدىغان مىللىي روھنىڭ كونكرېت گەۋدىلىنىشى بولۇپ، ئۇ، ئوبرازنىڭ تۈپ مەزمۇنىدىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇڭا يازغۇچى ئوبرازنىڭ مىللىيلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ئۇنىڭ تۇرمۇش ۋە مۇناسىۋىتىنىڭ نورمال تەرەپلىرىگە، ئەھمىيەتسىز، ئادەتتىكى كۆرۈنۈشلىرىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى روشەن، كونكرېت گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان ماھىيەتلىك تەرەپلىرىگە، ئۇنىڭ تۇيغۇ ۋە كەچۈرمىشلىرىگە، مىللىي پىسخىك ھالىتىنىڭ نازۇك ۋە ئىنچىكە تەرەپلىرىگە دىققەت قىلىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ بولۇش بولماسلىقى «ئاپتوردا مىللىي روھنىڭ بولۇش - بولماسلىقىدا» (گوگول)، «ئاپتورنىڭ ئۆز مىللىتى مىللىي روھنىڭ ۋەكىلى بولۇش - بولماسلىقىدا» (بېلىنىسكىي) ئىپادىلىنىدۇ. مىللىي روھ دېگىنىمىز بىر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى-

ھېسسىي پائالىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ، مۇئەييەن شارائىتتا ماددىغا، ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنيانى يارىتىدىغان قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنىدۇ. مۇبادا يازغۇچى مىللىي روھنىڭ مەھسۇلى بولغان ماددىنى، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئادەتتىكى ھالىتىنى، ھاياتنىڭ نورمال تەرەپلىرىنى تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ يارىتقۇچىسى بولغان خەلقنىڭ ماھىيىتىنى تەسۋىرلىمىسە، ئۆز مىللىتىنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھى دۇنياسىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرەلمىسە، ئۇنىڭ ئەسىرى ئەھمىيەتسىز تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ئادەتتىكى ۋەقە - ھادىسىلەرنىڭ شەكلەن كۆچۈرمىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. تەبىئىيكى مۇنداق ئەدەبىي ئەسەرنى روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ھەقىقىي ئىجادىي ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى مەزمۇن بىلەن ئوبرازلاردىن باشقا يەنە شەكىلدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق تۇرمۇش مەزمۇنى مۇئەييەن مىللىي شەكىل ئارقىلىقلا ئەكس ئېتىدۇ. شۇڭا ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەبىيات ئەنئەنىسى، ئەدەبىيات شەكلى، پىكىر - ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنىڭ ئالاھىدە ئۇسۇللىرى ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇھىم ئامىلى. مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان، شۇ مىللەتنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان بۇنداق «ئەدەبىيات شەكلى» ئەدەبىياتنىڭ مىللىي شەكلى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ مىللىي شەكلى ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەدەبىي ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھىرى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ پىشىپ يېتىلىپ راۋاجلانغانلىقىنىڭ مۇھىم بىر ئالامىتى. ئەدەبىياتنىڭ مىللىي شەكلىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسىي ئامىللار: بىرىنچىدىن تىل، ئىككىنچىدىن ئەدەبىياتنىڭ شەكلىنى تەشكىل قىلغۇچى باشقا ئامىللار، مەسىلەن، قۇرۇلما، ژانىر، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن ئىبارەت.

تىل - ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى مۇھىم قورال، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشى، جۇغراپىيىلىك شارائىتى، ئۆرپ - ئادەت ۋە باشقا تەرەپلىرى بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئىدىيە، ھېسسىياتنى ئالماشتۇرىدىغان تىلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىلى، تىل تاۋۇشلىرى، گىرامماتىكا، لېكسىكا ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىقلارمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغان بۇنداق مىللىي تىللار مىللىي تۇرمۇش، مىللىي خاراكتېر ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى جانلىق، كۈچلۈك، تەسىرلىك ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا ئۇنى ھەر مىللەتنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسى تولۇق چۈشىنىدۇ ۋە قوبۇل قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مىللىي تىل ئەدەبىياتتىكى مىللىي شەكىلنىڭ بىرىنچى ئامىلى ھېسابلىنىدۇ. بىرلىككە كەلگەن مىللىي تىل بولمىسا، شۇ مىللەتتىن بولغان كەڭ خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان مىللىي شەكىل، مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە ئەدەبىياتنى يارىتىش مۇمكىن ئە-

مەس. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدا ئىپادىلەنگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقتىن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى ژانىر، قۇرۇلما ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىمۇ ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ۋە ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات يولىغا ئىگە. مەسىلەن، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بىلەن خەنزۇ شېئىرىيىتى كونكرېت شەكىل ـ ئەندىزە، جۈملە ـ ئىبارىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، قاپىيە، ۋەزىن، شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئەدەبىياتنىڭ شەكلى جەھەتتىكى ئامىللار شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇش مەزمۇنى بىلەن بىرلىشىپ، كونكرېت ئەدەبىي ئەسەر ھاسىل بولغاندا، ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ پرولېتارىيات ئەدەبىياتى ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئىدىيىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى ئەدەبىيات بولۇپ، ئۇ، ئىدىيىۋى جەھەتتە ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئەدەبىياتتىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. لېكىن بۇ يېڭى ئەدەبىيات مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرىنى، بولۇپمۇ ئەدەبىياتنىڭ شەكلى جەھەتتىكى ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرىنى كېرەك قىلمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەردىكى ھەرقايسى مىللەتلەردە، ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق ئىدىيە، سوتسىيالىستىك مەزمۇن پەقەت مىللىي شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەندە، ئاندىن ھەرقايسى مىللەتلەردىن بولغان كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئۇنى چۈشىنىدۇ ۋە قوبۇل قىلىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا، كونا دەۋرنىڭ ئەدەبىيات سەنئىتىدىن قېپقالغان پاسسىپ، قالاق ئامىللارنىڭ خەلق ئاممىسىدىكى تەسىرىنى تازىلاشتا، پاسسىپ يوسۇندىلا مەنئى قىلىش، بىكار قىلىش بىلەن مەسىلە ھەل بولمايدۇ. بەلكى مەزمۇنى سوتسىيالىستىك، شەكلى مىللىي بولغان ئىنقىلابىي يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، كونا نەرسىلەرنىڭ ئورنىغا يېڭى نەرسىلەرنى دەسسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەگەر ئۆزىنىڭ مىللىي شەكلىنى يېتىلدۈرۈۋالمىسا، مەزمۇنى ھەر قانچە ياخشى بولغان بىلەنمۇ، مىڭلىغان، يۈز مىڭلىغان خەلقنىڭ كاللىسىدىكى كونا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەسىرىنى يوقىتىۋېتەلمەيدۇ. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى فېئودالىزم، بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك، چۈشكۈن ئەدەبىياتىنى چەكلىمىلەيدىغان ھەتتا ئۇنى بېسىپ چۈشىدىغان قىلىشتا، ئەدەبىياتنىڭ مىللىي شەكلىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. پەقەت مىللىي ئۇسلۇپ ۋە مىللىي خىسلەتكە ئىگە بولغانلىقى ئەدەبىي شەكلىنى كەڭ خەلق ئاممىسى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ ۋە ياقتۇرىدۇ. ئۇ ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىنقىلابىي مەزمۇنلارمۇ خەلق ئارىسىدا تېز ۋە ئۈنۈملۈك تۈردە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە مىللىي ئۇسلۇب، مىللىي خىسلەت ئەنئەنىلىرىدىن چەتنىگەن، قالايمىقان، زورمۇ ـ زور كۆچۈرۈپ كېلىنگەن غەيرى ئەدەبىي شەكىلنى خەلق ئاممىسى ئالقىشلىمايدۇ. ئەدەبىياتنىڭ مىللىي شەكلىگە ئەھمىيەت

بەرگەنلىك، ھېچقاچان ئەنئەنىۋى كونا ئەدەبىي شەكىللەرنى ئۆلۈك ھالدا ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىشنى تەشەببۇس قىلغانلىق ئەمەس. ئەدەبىيات مىللىي شەكلىنىڭ ئۆزى بىر تارىخىي چۈشەنچە بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتىغا، ئەدەبىيات مەزمۇنلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، مۇقەررەر ھالدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ئۆزگىرىپ بارىدۇ. سوتسىيالىستىك يېڭى مىللىي ئەدەبىيات سوتسىيالىستىك رېئال تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتىدىكى بۇرۇندىن بار بولغان ئېسىل ئەنئەنىۋى شەكىللەرگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، يېڭىلاش ۋە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك مەزمۇنلارنى ئىپادىلەشكە باپ كېلىدىغان، خەلق ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان يېڭىچە مىللىي شەكىللەرنى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىجاد قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مىللىي شەكلىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە، كۆپلىگەن يازغۇچى، شائىرلىرىمىز نۇرغۇن ئىزدىنىش ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. مىللىتىمىز كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، يېڭىچە شېئىرىي شەكىللەرنى ياراتتى، خەنزۇ ۋە چەت ئەل ھېكايە - رومانلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىش، قوبۇل قىلىش، ئۆزگەرتىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا يېپ - يېڭى پروزا شەكىللىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇنىڭدا تىلىنىڭ مىللىيلىشىشى، ئاممىۋىلىشىشى، قۇرۇلمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئوبرازلارنىڭ يارىتىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردە، مىللىتىمىزنىڭ كونىچە ئەدەبىي شەكىللىرىگە قارىغاندا، ناھايىتى زور تەرەققىياتلار بولدى. قىسقىسى خەلقىمىز ئۆز يازغۇچى شائىرلىرىدىن ئەدەبىياتىمىزنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ۋە مۇكەممەل گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ مەزمۇن ۋە شەكلىدە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىشىنى، مىللىي روھ، مىللىي خاراكتېرگە ئىگە بولغان جانلىق بەدىئىي ئوبرازلارنى كۆپلەپ يارىتىپ، مىللىتىمىزنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھى دۇنياسىنى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر ئېچىپ بېرىشنى ئۈمىد ۋە تەلەپ قىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچى ۋە شائىرلاردا ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي تۇرمۇشىغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە ئالاھىدە بەدىئىي ماھارەت ۋە بەدىئىي دىت بولۇشى شەرت. يازغۇچى، شائىرلار بۇ مەقسەتكە ئۈزلۈكسىز تىرىشىش، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە ئىجاد قىلىش ئارقىلىقلا يېتەلەيدۇ.

# ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى تەزكىرىچىلىك ئەنئەنىسى

ئابلىمىت روزى

(1)

ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ئىران، تۈركىيە، ئافغانىستان (قەدىمكى خوراسانىنىڭ بىر قىسمى)، شىمالىي ھىندىستان (كېيىنكى پاكىستان، بېنگال)، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى ئارىسىدا ئوتتۇرا ئەسىردىن قالغان خېلى بىر تۈركۈم «تەزكىرە» ئەسەرلىرى ساقلانماقتا. ئۇيغۇر ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى ئارىسىدىمۇ «تەزكىرە» دېيىلگەن بۇ خىل باسما ياكى يازما ئەسەرلەر خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ.

«تەزكىرە» — ئەرەب تىلىنىڭ «تەپ — ئىلا» ۋەزنىدىكى ھەرىكەت نامىنى بىلدۈرىدىغان مەستەر (مەسدەر) پېئىلى بولۇپ، «ئەسلىمەك»، «يادلىماق»، «خاتىرىلىمەك» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. بەزىدە ئىسىم ئورنىدا «ئەسلىمە»، «يادنامە»، «خاتىرەنامە» قاتارلىق مەنىلەردىمۇ قوللىنىلىدۇ. «تەزكىرە» ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىران، خوراسان، ئوسمانلى تۈرك سۇلتانلىقى، تۆمۈرىلەر خاندانلىقى، شىنجاڭدا XV ئەسىردىن كېيىنكى يەركەن خانلىقى دەۋرلىرىدە تۈرلۈك مەنىلەردىمۇ قوللىنىلغان. مەسىلەن، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن توختامنامە، يول يۈرگۈچىلەرگە بېرىلگەن تونۇشتۇرۇش، خىزمەتكە تەيىنلەنگەن كىشىلەرگە بېرىلگەن يارلىق - گۇۋاھنامە، ئىسپات قەغىزى، ئوردىلاردىكى نوپۇس دەپتەرلىرىمۇ «ئىسناد تەزكىرىسى» (خىزمەتكە ئۆستۈرۈش)، «مورۇر تەزكىرىسى» (يولدىن ئۆتۈش)، «نوپۇس تەزكىرىسى» (تىزىم، جەدۋەل) دەپ ئاتالغان، ھەتتا خان، ۋەزىر، ھاكىم، بەگ ئوردىلىرىدىكى يېزىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنىمۇ «تەزكىرە خان»، «تەزكىرىچى موللا»، «تەزكىرىچى كاتىپ ئاخۇنۇم» دەپ ئاتاشمۇ ئادەت بولغان.

قىسقىسى، «تەزكىرە» فىرانسۇز ئەدەبىي تىلىدىكى مېمۇئار (MemuaR) يەنى يازغۇچى، ئالىم، ئاپتورلارنىڭ ئۆزى قاتناشقان ياكى كۆرگەن ۋەقەلەرنى ئەسلەپ يازغان «ئەسلىمە»، «ئەستىلىك» ئەسەرلىرى ياكى يۇنان تىلىدىكى «ئانتخوس لىگو —

«Anthos lego» ئاتالغۇسىدىن رۇس تىلى ئارقىلىق تىلىمىزغا كىرگەن «ئانتالوگىيە» (Антология) يەنى شائىرلارنىڭ تاللانغان ئەسەرلىرىدىن، توپلام دېيىلگەن ئەسەرلەر بىلەن ئوخشاش مەنىدە بولۇپ، پارسچىدا «تەزكىرەئى ئەشئار» دەپ ئاتالغان. «تەز-كىرە» نىڭ كۆپلىكى «تەزاكىر» بولۇپ، «ئەسامىلەر»، «يادنامىلەر»، «خاتىرات»، «خاتىرەلەر» مەنىلىرىدە كەلگەن. «تەزكىرە» ئاتالغۇسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئۆتكەن ئەسىرلەردىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئەسەرلەرنىڭ نامى بو-لۇشتىن تاشقىرى «يەر نامى تەزكىرىسى» (خەنزۇچىدا 地名志)، «غەربىي رايون تەز-كىرىسى» (西域志)، «يېزا-كەنت تەزكىرىسى» (乡村志)، «مەكتەپ تەزكىرىسى» قاتار-لىق شەكىللەردە قوللىنىلماقتا.

ھازىرقى كۈندىكى قۇمۇل خەلقىنىڭ جانلىق تىلىدا «جۇرۇڭقا» دېگەن ئاتالغۇ بولۇپ، خەلق ئارىسىدا «مەسچىتنىڭ جۇرۇڭقىسى»، «ۋەخپى يەرنىڭ جۇرۇڭقىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىرەر ھۆججەت، ۋەسىقىنى بىلدۈرمەكتە. بۇ ئېھتىمال قەدىمكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر تىلىدىكى «تەزكىرە» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ بولسا كېرەك. بۇنى يەنە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

(2)

تەزكىرىلەر ئوتتۇرا ئەسىردە ئاساسەن ئىككى خىل مەزمۇن، ئىككى خىل شەكىلدە يېزىلغان. ئۇلارنىڭ بىر خىلى ئىسلام دۇنياسىدا تونۇلغان مەشھۇر ئادەملەر، بىرەر غايە، بىرەر مەسلىنى تەرغىپ قىلىش ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدا غايەت زور تەسىر، ئىناۋەتكە ئېرىشكەن شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى ۋە قىلىپ ئۆتكەن ئىشلىرى، نەسەبى شەجەرىسى، خەلق ئارىسىدىكى ئىززەت-ئەتىۋارى قاتارلىقلارنى ئەسلەپ يېزىلغان ياد-نامىلەر. مەسىلەن، «تەزكىرات-ئەل-ئەۋلىيا» (ئوقۇلىشى «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا») يەنى «ئەۋلىيالار تەزكىرىسى»، «تەزكىرەئى ئەبۇنەسىر سامانى»، «تەزكىرەئى جۇنەيد-ئەل-باغدادى»، «تەزكىرەئى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان»، «تەزكىرەئى ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا» دېگەنلەردەك. بۇنداق ئەسەرلەر بەزى ئەرەب مەملىكەتلىرىدە خېلى كۆپ سانىنى ئى-گىلەيدۇ. ئەمما شىنجاڭدا بولسا، پۈتۈن رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ناھىيە، يېزا-كەنت-لىرىدە يۇلتۇزدەك چېچىلغان ماشايىخلارنىڭ مازار-قەۋرىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەيخ-مۇتەۋەللىرىدە ساقلانغان بىرەردىن تەزكىرىسى بار، مۇشۇ جەھەتتىن «تەزكىرە» ئا-ساسەن تارىخ قاتىرىدا كىرگەن يەنى تارىخ كىتابلىرى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلغان.

ئوتتۇرا ئەسىر ئىراندا يېزىلغان بەزى تارىخچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە باشتا ياكى ئاخىرىدا بىرمۇنچە شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى «ئەسامە» خاراكتېرىدە بېرىلگەن.

ئىرانلىق ئالىم ئارۇزى (1156-يىل) نىڭ «چاھارماقالە» (تۆت ماقالە) ناملىق ئەسىرىدە ئۆز دەۋرىدىكى «پەيلاسوپ، شائىر، مۇنەججىم، كاتىپ» قاتارلىق تۆت خىل كەسىپ ئىگىسى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى

بىرىش بىلەن بىللە ئەسەرلىرىدىن پارچىلار كۆرسىتىلگەن. بۇ ئەسەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا تەتقىقاتچىلارنىڭ خېلى دىققەت ئېتىۋارىنى قوزغاپ ئاپتور ياشىغان دەۋر، زاماندىشلىرى ۋە شۇ دەۋرنىڭ مەلۇم ۋەقەلىرىنى تەپسىلىي چۈشىنىشتە ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىيال دەپ تونۇلغان.

بۇنداق ئەھۋال ئۇيغۇر ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. تارىخچى ئالىم موللامۇسابىننى ئەيسا سايرامى (1836 — 1917 - يىللار) نىڭ 1903 - يىلى قازاندا تاتار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تارىخ ئەمنىيە» ناملىق ئەسىرى ۋە 1908 - يىلى قايتىدىن تۈزۈتۈپ يازغان «تارىخ ھەممىدىيە»① ناملىق ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىدىن باشقا 1221 - يىلى چىڭگىزخان تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ قارا بالغا سۈرگۈن قىلىنغان بۇخارانىڭ مەشھۇر ئىسلام ئۆلىماسى ئىمام ھەپىس بۇخارىنىڭ نەسلى - نەسەبى، سەرگۈزەشتىسى، ئوغلى جالالىدىن، نەۋرىسى ئەرشىدىن ۋە تاكى «1867 - يىلى 6 - ئايدا ياقۇببەگ قوشبېگى تەرىپىدىن كۇچادا ئۆلتۈرۈلگەن راشىدىن خان غوجىغا قەدەر بولغان بىرقانچە ئەۋلادىنىڭ»② نەسەپ شەجەرىسى بىلەن بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. بۇ يەردە ئۇ راشىدىن خان غوجا بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشقان مەزگىلدە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان پاجىئەلىك ۋەقەلەرنى ئەسلەپ چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ئادىل باھا بېرىپ ئۆتىدۇ. بۇ كىتابتا يەنە تۇرپان، قۇمۇل، كۇچا قاتارلىق يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئالاھىدىلىكى تەرىپ — تەۋسىپلىرىنى بايان قىلىپ كىتابخانلار دىققىتىگە نۇرغۇن مەسىلىلەرنى تەقدىم قىلىدۇ.

تەزكىرىلەرنىڭ ئىككىنچى خىل مەزمۇندىكىسى، ئاساسەن شائىرلارنىڭ تەرجىمىھالى، ئەسەرلىرىدىن پارچىلار نەقىل كەلتۈرۈلۈپ يېزىلغان بولۇپ، بۇنداق، تەزكىرىلەر «ئەدەبىيات تارىخى» ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل تەزكىرىچىلىك تولاراق ئوتتۇرا ئەسىردە ئىران، خوراسان، تۈركىيە، تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى خارەزىمدە ۋۇجۇتقا كەلگەن بىر تۈرلۈك ئەنئەنە بولۇپ، ئۇنىڭ شۇ جايلاردا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن قىممەتلىك يادىكارلىقلىرى بار.

(3)

ئىراندا تەزكىرىچىلىك ئاساسەن «ئەدەبىي ئەسلىمە» تەرزىدە بارلىققا كېلىپ، ئەڭ ئاۋۋال ئىرانلىق ئاپتور مۇھەممەد ئەۋفى (مىلادىيە 1171 — 1233) تەرىپىدىن باشلانغان. ئۇنىڭ 1221 - يىلى پارس تىلىدا يازغان «لۇباب — ئەل - ئەلباب» ناملىق تەزكىرىسى ئىراندا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقان

① بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتور قوليازمىسى بىرىنچى قېتىم 1986 - يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

② «تارىخ ھەممىدىيە» بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 187 — 190 - بەت

ۋاقىتتىن تاكى ئاپتور ياشىغان دەۋرگىچە قەدەر ئۆتكەن شائىرلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار نەقىل كەلتۈرۈلۈپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەسەر XVII — XVIII ئەسىرلەردىلا تەتقىقاتچىلارنىڭ خېلى دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغاپ پارس ئەدەبىياتىنى چۈشىنىشتە خېلى مۇھىم مەنبە ھېسابلانغان. كېيىنكى يىللاردا ياۋروپادا بىرقانچە خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان ۋە 1953-يىلى لوندوندا «Persian Literature» («پارس ئەدەبىياتى») نامى بىلەن ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنغان.

پارس تىلىدا يېزىلغان يەنە بىر ئەڭ شۆھرەتلىك، كلاسسىك ئەسەر سەمەرقەندلىك دۆلەتشاھ (1431 — 1495) تەزكىرىسى بولۇپ، ئاپتور ئۇ ئەسەرنىڭ نامىنى «تەزكىرە — ئەل-شۇئەرا» (تەزكىرە تۇش-شۇئەرا) دەپ ئاتىغان. بۇ تەزكىرە ئاپتورنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى ئىران، خوراسان، تۈركىيەدە يېزىلغان بارلىق تەزكىرىلەر ئۈچۈن ئۈلگىلىك ئەسەر ھېسابلانغان. شۇنىڭدەك بۇ ئەسەر ئىلىم ساھەسىدە ئاپتورنىڭ ئۆز زامانداش شائىرلار ھەققىدىكى بىلىمىنىڭ كەڭلىكى، توپلىغان ماتېرىياللىرىنىڭ ھەققىي ۋە مۇكەممەللىكى بىلەن ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە بولغان. دۆلەتشاھنىڭ بۇ مەشھۇر تەزكىرىسىنى دەسلەپ تۈركىيىلىك فەھىم سۇلايمان ئەپەندى 1843-يىلى «سەفىنات-ئەل-شۇئەرا» (سەفىنەتۇش-شۇئەرا) نامى بىلەن، كېيىنرەك نىجاتى لوگەل تەرىپىدىن «تەزكىرەئى دولەتشاھ» نامىلىرى بىلەن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان. بۇ تەزكىرىنىڭ «سەفىنات-ئەل-شۇئەرا» نامىدىكى فەھىم سۇلايمان تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ ئىستانبۇل نەشرى 1930-يىللاردىن بۇرۇنلا شىنجاڭدا خېلى كۆپ تارقالغان. ھازىر بەزى تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى بەزى شەخسىي كىتابپۇرۇشلاردا ساقلانماقتا.

دۆلەتشاھ تەزكىرىسىدىن كېيىن ئىران، خوراسان، ھىندىستان ۋە باشقا جايلاردا تەزكىرىچىلىك ھەققىدىكى بەزى يېڭى ئىزدىنىشلەر باشلىنىپ، بىرمۇنچە تەزكىرىلەر يېزىلغان. ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگىنى دۆلەتشاھ ۋاپاتىدىن 50 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىراندا سام مىرزا تەرىپىدىن 1545-يىللىرى يېزىلغان «تۆھپەئى سامى» ناملىق تەزكىرە بولۇپ، بۇ، دۆلەتشاھ تەزكىرىسىگە زەيلى① قىلىپ يېزىلغان.

XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىرانلىق تەتقىقاتچى ئەمىن ئەھمەت رازى (-1601) «ھەپت ئىقلىم» نامى بىلەن ئۈچ جىلدلىق بىر تەزكىرە يېزىپ قالدۇرغان. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ئۇ، شۇ زاماندىكى دۇنيانىڭ بۆلۈنۈشىنى ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ھەر ئىقلىم (مەملىكەت) دە يېتىشكەن ئالىم، شائىر ۋە ئاتاقلىق شەخسلەر ھەققىدە خېلى ئوبدان مەلۇمات بەرگەن. ئاپتورنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى خەۋەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە بۇ تەزكىرە ئاپتور ۋاپات بولۇشتىن يەتتە يىل بۇرۇن يەنى 1594-يىلى تاماملانغان.

XVII ئەسىردە ئىراندا ئۆتكەن تەزكىرىچىلەر ئارىسىدا ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگىنى

① زەيلى — داۋامى، تولۇقلىمىسى.

مىرزا مۇھەممەت تاھىر نەسىر ئابادى (1618 — 1702) بولۇپ، ئۇ، 1672-يىلى
«تەزكىرەئى نەسىر ئابادى» ناملىق بىر تەزكىرە يازغان. بۇ تەزكىرىنىڭ مەزمۇنى
ۋە دائىرىسىمۇ خېلى كەڭ بولۇپ ئىران ۋە خۇراساندا ئۆتكەن مىڭدىن ئارتۇق شا-
ئىرنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر بېرىلگەن. كېيىنكى زامان تەتقىقات-
چىلىرى بۇ تەزكىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قىممىتى ھەققىدە ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈ-
زۈپ يۇقىرى باھا بېرىشكەن.

XVIII ئەسىر ئىراندا يېزىلغان شائىرلار تەزكىرىلىرىدىن ئەڭ مۇھىمى ئازەرى
مۇخلاسلىق لوتف ئەلى بەي (1722 - 1781) نىڭ «ئاتەش قەدەھ تەزكىرىسى»
بولۇپ، مەزمۇنىنىڭ موللىقى، باشقا تەزكىرىلەردىن پەرقلىق بولغان ئالاھىدە خۇسۇ-
سىيەتلىرى بىلەن ئىران تارىخىغا قىممەتلىك تۆھپە ياراتقان. شۇنداقلا يوقىرىدىكىلەرگە
ئوخشاش دۆلەتشاھ تەزكىرىسىدىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلغان.

XIX ئەسىردە ئىران ئەدەبىيات تارىخىنىڭ يەنە بىر مەنبەسى ھېسابلانغان
مەشھۇر تەزكىرە — رىزاقۇلى خان تەرىپىدىن يېزىلغان، «مەجمەئە ئەل-فۇشاھا»
بولۇپ، 1867-يىلغىچە بولغان شائىرلارنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئەسەرلىرىدىن تاللان-
مىلار بېرىلگەن. 1878-يىلى تېھراندا يەنە ئىككى جىلدلىق تاش باسما، 1918-
يىلى بەش جىلدلىق مىخ مەتبەدە بېسىلغان.

بۇلاردىن باشقا XX ئەسىرنىڭ بېشىدىن ھازىرغىچە تەزكىرىچىلىك ئەنئەنىسى
داۋاملىشىپ ئابدۇلھەمىت ئىرفانىنىڭ «ئىرانى سەغىر»، ئابدۇلھەمىد خەلخالى-
نىڭ «تەزكىرەئى شۇئەرائى مەئاشىرى ئىران» (1919-يىللار يېزىلغان)،
نېمەتۇللا زەكائى بىلەن بەيزائىنىڭ «تەزكىرەئى خۋانى نېمەت» (1930-يىل
تېھران) قاتارلىق تەزكىرىلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلەتشاھنىڭ «تەزكىرە
ئەل-شۇئەرا» سىدىن ئۈلگە ئېلىپ يېزىلغان. پۈتۈن ئىران ئەدەبىياتى ۋە شېرىيىتى-
نىڭ ئومۇمىي تارىخى ھېسابلانغان.

× × ×

ھىندىستاندا زەھىرىددىن مىرزا بابۇر ئەۋلادلىرىدىن بولغان پادىشاھ جاھانگىر
(1569 — 1627) ۋە پادىشاھ ئەۋرەڭزىپ (1618 — 1707) خانلار زامانلىرىدا
ئۆتكەن 200 دىن ئارتۇق ھىندى شائىرلىرىنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئەسەرلىرىدىن
نەمۇنىلەر بېرىلگەن بىر مۇھىم تەزكىرە «كەلىمات ئەل-شۇئەرا» (كەلىماتۇش-شۇئەرا)
بولۇپ، مۇھەممەت ئەبزەل سەرخۇش تەرىپىدىن 1682-يىلدىن 1697-
يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىپ تاماملانغان. (1942-يىلى سادىق ئەلى دىلاۋەرى
تەرىپىدىن لاھوردا نەشىر قىلدۇرۇلغان). بۇ يەردە ھىندى شائىرلىرى دېگىنىمىزدە،
ھىندىستاندىكى مۇسۇلمان ئاپتورلار كۆزدە تۇتۇلغان.

يۇقىرىدىكى تەزكىرىلەر ئىران، خوراسان، ۋە ھىندى ئەدەبىياتىنىڭ ئانتالوگىيىسى

ياكى ئەدەبىيات تارىخى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن تەزكىرىچىلىكنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى يارىتىشتا مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

(4)

غەربىي ئاسىيادىكى تۈركىيەدە تەزكىرىچىلىك خۇددى ئىران، خوراساندىكى تەزكىرىچىلىك ئەنئەنىسىگە ئوخشاش چاغاتاي تىلى ئوسمانلى تۈرك سۇلتانلىقى دەۋرىنىڭ شائىرلار تەزكىرىچىلىكى ئەنئەنىۋى يوسۇندا داۋام قىلغان.

ئوسمانلى تۈرك شائىرلىرىنىڭ دەسلەپكى تەزكىرىسى «ھەشت بېھىشت» بولۇپ، ئەدىرنەشەھىرىدىن بولغان سەھى بەي (ۋاپاتى 1548 - يىل) تەرىپىدىن 1537 — 1538 - يىللىرى ئابدىراخمان جامىنىڭ «باھارىستان»، ئەلىشىر ناۋايىنىڭ «مەجالىسۇن-نەفائىس»، دۆلەتشاھنىڭ «تەزكىرە ئەل-شۇئەرا» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىن ماتېرىيال ئېلىپ يېزىلغان، ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا بۇ تەزكىرە تۈركىيەدە ئەڭ دەسلەپ يېزىلغان شائىرلار تەزكىرىسى بولۇپ، XIV ۋە XV ئەسىر شائىرلىرىنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلار بېرىلگەن.

«تەزكىرەئى لەتىپى»: بۇ، ناۋايى بىلەن جامىي ئاساس قىلىنىپ 1546 - يىلى يېزىلغان تەزكىرە بولۇپ، 310 نەپەر شائىرنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى سۆزلەنگەن. «گۈلشەنى شۇئەرا» ياكى «ئەھدى تەزكىرىسى»: بۇ، باغداتلىق ئەھمەت ئەھدى (ۋاپاتى 1594 -) تەرىپىدىن يېزىلغان تەزكىرە بولۇپ، ئۇنىڭدا 375 نەپەر شائىرنىڭ ئەھۋالى سۆزلەنگەن.

«ماشائىر ئەل-شۇئەرا»: بۇ، ئاشىق چەلەبى (1520 — 1572) تەرىپىدىن يېزىلغان تەزكىرە بولۇپ، 415 نەپەر شائىرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ۋە ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر ئېلىپبە تەرتىپىدە بېرىلگەن، 1566 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشىر قىلىنغان. «كىنالى زادە تەزكىرىسى»: بۇ، كىنالى زادە ئەلى چەلەبىنىڭ ئوغلى ھەسەن چەلەبى (1540 — 1604) تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا 576 نەپەر شائىرنىڭ ئەھۋالى سۆزلەنگەن. ئەسەر 1586 - يىللىرى تاماملانغان. «بەيانى تەزكىرىسى»: بۇ، رۇسچۇق ۋىلايىتىدىن بولغان مۇستاپا بەيانى (ۋاپاتى 1597 - يىل) تەرىپىدىن 1592 - يىلى يېزىلىپ نەشىر قىلىنغان، ئۇ، يۇقىرىدىكى «كىنالى زادە تەزكىرىسى» دەپ نام بېرىلگەن ھەسەن چەلەبى تەزكىرىسىنىڭ زەيلى بولۇپ، 248 نەپەر شائىرنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلارنى قوشۇمچە قىلغان، «رىيازئەل-شۇئەرا» - بۇ تەزكىرە مۇھەممەت رىيازى (1572 — 1644) تەرىپىدىن 1609 - يىللىرى تاماملانغان. بۇنىڭدا ئاپتورنىڭ خاھىشى بويىچە نامى ئانچە تونۇلمىغان، ئەسەرلىرى خەلق ئارىسىدا ئانچە - مۇنچە ساقلانغان شائىرلاردىن (ھەرخىل نۇسخىلاردىكى ئوخشىماسلىقلارغا ئاساسەن) 360 دىن 400 گىچە ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمىھالى بېرىلگەن.

«زۇبدەت ئەل-ئەشئار (زۇبدۇتۇلئەشئار) يەنە بىر ئىسمى، «فائىزى تەزكىرىسى»

دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ، ئابدۇلھەي قافىزادە فائىزى (1572 — 1622) تەرىپىدىن يېزىلغان. ئۇ، بۇ ئەسىرىدە، XV، XVI ئەسىرلەر ۋە XV ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئىجاد قىلغان 500 نەپەر شائىرنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلار كەلتۈرگەن. بۇ تەزكىرىنىڭ تۈزۈلىشى بىر قەدەر مۇرەككەپ ھەر خىل پىكىر ئېقىمىدىكىلەردىن توپلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا 14 نەپەر ئايال (شائىرە) نىڭ ئەسەرلىرىمۇ سۆزلەنگەن.

«رىزا تەزكىرىسى». بۇ، زەھرى مارزادە رىزا دەپ تونۇلغان سەيد مۇھەممەت (ۋاپاتى 1672 - يىل) تەرىپىدىن تەييارلانغان كىچىكرەك بىر تەزكىرە. ئۇنىڭدا 1592- يىلىدىن 1640 - يىللارغىچە ئارىلىقتا ئۆتكەن شائىرلاردىن 257 كىشىنىڭ ئەسەرلىرى، تەرجىمىھاللىرىنى قىسقىچە بايان قىلغان.

«يۈمنى تەزكىرىسى». بۇ، ئاپتور مۇھەممەت سالىھ يۈمنى (ۋاپاتى 1662 - يىل) تەرىپىدىن يۇقىرىدا ئېيتىلغان رىيازى تەزكىرىسىگە زەيلى تەرىقىدە يېزىلىپ، پەقەت 29 نەپەر شائىر قوشۇمچە قىلىنغان.

«ئاسىم تەزكىرىسى». بۇ، مۇھەممەت ئاسىم (ۋاپاتى 1675 - يىل) نىڭ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن فائىزىنىڭ «زوبدەت ئەل - ئەشئار» تەزكىرىسىگە ئاساسەن يېزىلغان.

«مەجمەئول ھەۋەس». بۇ، ئوسمانلى تۈرك سۇلتانلىقىنىڭ نۆۋەتتىكى سۇلتانى ئىسمائىل II (1576 — 1578 - يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن) ۋە شاھى ئابباسخان كەبىر (1587 — 1629 - ھۆكۈم سۈرگەن) قاتارلىقلار دەۋرىدە ئۇزۇن مۇددەت سۇلتان ئوردىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا مۇدىرلىق ۋەزىپىدە بولغان ۋە «كىتابدار» ئونۋانىنى ئالغان سادىقى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلغان سەككىز قىسىمدىن ئىبارەت زور ھەجىملىك تەزكىرە. ئۇ، تۈركچە، پارسچە، ئەرەبچە تىللاردا ئابدۇرۇسۇل ھەييام فور تەرىپىدىن تەبرىزدە نەشر قىلدۇرۇلغان.

يۇقىرىدىكىلەرنىڭ داۋامى تەرىقىسىدە ھەرقايسى يىل ۋە دەۋر شارائىتىدە مەيدانغا كەلگەن «گۈپتى تەزكىرىسى» (1677 - يىل)، «سابائى تەزكىرىسى» (1725- يىل)، «سالىم تەزكىرىسى» (1743 - يىل)، «سافەۋى تەزكىرىسى» (1785 - يىل)، «رامىز تەزكىرىسى» (1786 - يىل)، «سلاھدار تەزكىرىسى» (1789 - يىل)، «ئاكىف تەزكىرىسى» (1797 - يىل)، «شەپقەت تەزكىرىسى» (1814 - يىل)، «ئارىف تەزكىرىسى» (1859 - يىل)، «تەۋپىق تەزكىرىسى» (1897 - يىل) قاتارلىق 30 خىلدىن ئارتۇق تەزكىرىلەر بولۇپ، سەخى بەيىنىڭ 1537- يىلدا يېزىلغان «ھەشت بېھىشت» تەزكىرىسىدىن تاكى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە 400 يىل داۋامىدا شائىرلار تەزكىرىلىرى ئۈزۈلمەي يېزىلىپ، چوڭ - كىچىك شەھەر - يېزىلاردىكى مەيلى نامى تونۇلغان - تونۇلمىغان، ھەر خىل كۆز قاراش ۋە ھەرخىل مەرتىۋىدىكى شائىرلارنىڭ ھەممىسى ئەسلەپ ئۆتۈلگەن. دانا بۇلار غەربىي ئاسىيادىكى بىر خىل تەزكىرىچىلىك ئەنئەنىسى ھېسابلىنىدۇ.

## ( 5 )

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ بۇرۇنقى شائىرلار تەزكىرىچىلىكى ئۇلۇغ شائىر ئەلشىر ناۋايى (1441 — 1501) تەرىپىدىن باشلانغان. ناۋايى 1491 - يىلى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ھېراتتا «مەجالىسۇن - نەفائىس» ناملىق كىتابىنى يازغان. بۇ ئەسەر ناۋايىنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ۋە زامانداشلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ھەقىقىي تەھلىل ۋە «ئەسلىمە» لىرىدىن ئىبارەت. بۇ ئەسەرنى دەسلەپتە سۇلتان مۇھەممەت پەخرى خاراتى، كېيىن ھەكىم شاھ مۇھەممەت، بىننى مۇبارەكى قەزۋىنى ۋە شەرەفى رىزاۋى قاتارلىق كىشىلەر ھىندىستاندا تۆت قېتىم تۈركىي تىلىدىن پارس تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇلاردىن ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق تەرجىمىسى ئەلى ھىكمەت دېگەن كىشى تەرىپىدىن تېھراندا نەشر قىلىنغان. «مەجالىسۇن - نەفائىس» 1908 - يىلى تاشكەنتتە چاپ باسما قىلىنغان.

1870 - يىللاردىن بۇرۇن قوقان خانلىقى دەۋرىدە تاشكەنت، سەمەرقەنت قاتارلىق جايلاردا بىرنەچچە تاش باسما نەشرىيات ئورۇنلىرى مەيدانغا كېلىپ مۇقىمى، خىسلەت، پۇرقەت قاتارلىق شائىرلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن «باياز خىسلەت»، «باياز ھەزىنى»، «باياز مۇقىمى» قاتارلىق شېئىرىي توپلاملار مەيدانغا كەلگەن. «باياز» لاردا بىرەر ئاتاقلىق شائىرنى ئاساس قىلغان ھالدا بىرقانچە شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلار بېرىلگەن.

## ( 6 )

ئۇيغۇر ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان تەزكىرىلەرنىڭ مەزمۇنى، ئۇسلۇبى باشقىچىرەك بولۇپ، يەركەن خانلىقى قۇرۇلغان 1530 - يىللاردىن كېيىنرەك يېزىلغان چاغاتاي تىلىدىكى بۇ تەزكىرىلەردە پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ھەرقايسى جايلاردا كەڭ تارقالغان مازارلارنىڭ مەرھۇم ئىگىلىرى زىكر قىلىنغان. ھازىرغىچە شىنجاڭدا مەلۇم بولغان 100 گە يېقىن تەزكىرە بولۇپ، كۆپچىلىكىنىڭ ئاپتورى، يېزىلغان ۋاقتى، ئورنى ئېنىق بولماي، پەقەت كىتابنىڭ ئاخىرىغا كۆچۈرگۈچىنىڭ نامى، يۇرتى بەزىلىرىدە ۋاقتى يېزىپ قويۇلغان ئەھۋاللارمۇ بار.

ھەرقايسى تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە خەلق قولىدا ساقلىنىۋاتقان تەزكىرىلەر ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ۋە ئىشەنچلىك بولغىنى ئالىم مەھەممەت سادىق كاشغەرى (1735 — 1849) نىڭ «تەزكىرەئى ئەزنران» يەنە بىر ئىسمى «تەزكىرەئى خۇاجەكان» ناملىق تەزكىرىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەزكىرىنى يەركەن خانلىقى ئاخىرقى دەۋرىنىڭ خېلى تەپسىلىي تارىخى دېيىشكە بولىدۇ.

«تەزكىرەئى ئەزىزان» دا ئاساسەن سەمەرقانلىق ئىشان خوجا ئەھمەت كاسانى (مەختۇم ئەزەم) نىڭ ئەۋلادلىرى 1615 - يىللاردىن باشلاپ شىنجاڭغا يېتىپ كېلىپ

چوڭ ئوغلى خوجا مەھەممەت ئىمىن (ئىشان كالان)، ئەڭ كىچىك ئوغلى خوجا ئىسھاق ئەۋلادلىرىنىڭ ئىككى گۇرۇھقا يەنى «ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق» گۇرۇھلىرىغا بۆلۈنۈپ، خانلىقنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنى بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى تەرەپكە بۆلۈۋېتىشتەك پاجىئەلىك قانلىق ۋەقەلەرنى سادىر قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ. مەھەممەت سادىق كاشغەرى قارا تاغلىقلار گۇرۇھى ھېسابلانغان ئىسھاق خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ئاق تاغلىقلار گۇرۇھىنىڭ باشلىقى خوجا ھىدايىتۇللا ئاپپاق بىلەن بولغان جىددىي كۈرەشلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئالىم ئادىل يوسۇندا باھا بېرىپ، ھىدايىتۇللا ئاپپاق ۋە ئۇنىڭ قىلمىشلىرىغا ئاسترتتىن نەپرەت بىلەن قارايدۇ. بولۇپمۇ ئاپپاق خوجىنىڭ قارا نىيەتلىكى سەۋەبىدىن يەركەن خانلىقى جۇڭغارلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، ئىسھاق ئەۋلادلىرىدىن بولغان خوجا جاھان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن دەھشەتلىك ھالاك قىلىنغانلىقىغا ئەپسۇسلۇق بىلدۈرىدۇ، «تەزكىرەئى ئەزىزان» دىكى «ئەزىزلەر» دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنغانلىقىنى توغرىراقى قارا تاغلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

شېئىردا مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

كېيتۇرساقى ماڭا بىر شىشەئى مەي،
قەلەك جەۋرى ــ سىتەمدىن نەچچە سۆز دەي.
قىلاي ئۆتكەن زاماندىن كۆپ شىكايەت،
ئەزىزلەر سەرگۈزەشتىدىن ھېكايەت.
... ... ...
قىلۇر مەنكىم ئۇلارنىڭ ۋەسپىن ئەيماق،
قەبىھ ئىرمىش قەبىھنى زىكىر قىلماق،
قەلەكتىن گەردىشەڭ يۈز يىل شىكايەت،
تۈگەنمەس چۈن ئاڭا يوقتۇر نىھايەت.

مەھەممەت سادىق كاشغەرى ئەسلىدە بىر تارىخچى، ئىسلام دىنى قانۇنى ئۆلىماسى، ئەرەب - پارس تىللىرىنىڭ مۇكەممەل تەرجىمانى ئىدى. ئۇنىڭ «زۇبدەتۇل - مەسائىل» ناملىق فىقھە ئەسەرلىرى بار. ئۇ، مەشھۇر پارس تارىخچىسى ئەبۇجەپەر مۇھەممەت بىننى جەدىر تەبەرىنىڭ «كىتاب ئەل - ئەخبار ئەل - رۇسۇل ۋە ئەل - مۇلۇك» ناملىق تارىخىي ئەسىرىنى ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا «تارىخ ئىسكەندەرى تاجنامەئى شاھى» نامى بىلەن تەرجىمە قىلغان ئىدى، ھازىر ئۇنىڭ ئىجادى ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرى ھەرقايسى تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ساقلانماقتا.

«تەزكىرەئى ئەزىزان» ئەڭ رېئال تارىخىي ئەسلىمە بولۇپ، خەلق ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان «تەزكىرەئى خان غوجام» (ئاپپاق غوجىنىڭ ئوغلى) «تەزكىرەئى تۆت ئىمام زەبىھۇللا»، «تەزكىرەئى ئىمام جەئپەرى سادىق»، «تەزكىرەئى سەيىد ئارىس-

لانغان» قاتارلىق تەزكىرىلەردىن روشەن ھالدا پەرقلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىدىكى يەنە بىر مۇھىم تەزكىرە «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۈزرۈكۋار» بولۇپ، بۇ تەزكىرىنى مۇھەممەت سىدىق زەلىلى شېئىرىي تىل بىلەن داستان شەكلىدە يېزىپ چىققان. سەمەرقەنتلىك تەساۋۋۇپ پېشىۋاسى خوجا مۇھەممەت شېرىپ 1545 - يىللىرى قەشقەرگە كېلىپ يەركەن خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد خانى سۇلتان ئابدىرىشىتخان بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ پىر ئۇستازى بولۇپ قالىدۇ. مۇھەممەت سىدىق زەلىلى ئۇنىڭ كۆپ جەھەتتىن ئىشان خوجا ئاپپاق ۋە خوجا ئىسھاق ئەۋلادلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ئىسمىنى ئاتىماي تۇرۇپ تەرىپلەيدۇ ۋە مەدھىيە ئوقۇيدۇ.

ئۇيغۇر تەزكىرىلىرىنىڭ مەزمۇنى گەرچە خۇراپىي چۈشەنچىلەر پەردىسىگە ئورالغان بولسىمۇ، ئۇلار تىل ئۇسلۇبى، بەدىئىيلىكى، ۋەقەلىكىنىڭ كۆپلىكى بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭدەك بەزى تارىخىي ۋەقەلەرنى يورۇتۇشتىمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال.

× × ×

ئەپسۇسلىنىدىغىنىمىز شۇكى، يۇقىرىدا ئېيتىلغان دۆلەتشاھ تەزكىرىسى «تەزكىرە ئەل - شۇئەرا» نىڭ تۈركىيىلىك فەھىم سۇلايمان ئەپەندى تەرىپىدىن 1843 - يىلى «سەفىنات - ئەل - شۇئەرا» (سەفىنا تۇش - شۇئەرا) نامى بىلەن ئوسمانلى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان نۇسخىسى 1930 - يىللاردىن بۇرۇن شىنجاڭدا خېلى كەڭ تارقالغان. بۇ تەزكىرە ياكى «ئەدەبىيات تارىخى» بىر قىسىم يېقىنقى زامان زىيالىيلىرىنىڭ خېلى دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان. جۈملىدىن ئابلىمىت روزى قاتارلىق كىشىلەر 1940 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئوتتۇرا ئەسىردىن تاكى يېقىنقى زامانغىچە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان ياكى ئېلان قىلىنمىغان، كۆزقاراشلىرى ئوخشاش بولمىغان، شائىرلاردىن خاكى كاشغەرى (XII ئەسىر)، پۈتۈنھى (XVII ئەسىر)، خامۇشى (XVII ئەسىر يەركەن)، بىبى مەسوم ئەزىزەم (XVIII ئەسىر - يەركەن)، ئابدىخالىق ساپايى (شايار) يولداش خوجا مەھجۇرى، مۇللا ئەبزەل سوزۇكى، موللا - سابىت مۇقىمى (XIX ئەسىر تۇرپان)، ئابدۇللا نەئىمى (تۇرپان)، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (تورپان)، مەھەممەت ئېلى تەۋپىق (ئاتۇش)، ئى. ۋاھىدى (كورلا)، ئەھمەت غوپۇر زەخمەك (ئاقسۇ)، ساباھى (قەشقەر)، قاتارلىق 70 تىن ئارتۇق شائىرلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمھاللىرى ۋە ئەسەرلىرىدىن پارچىلار توپلاپ «سادايى» نامى بىلەن دەسلەپكى تەرىقىدە بىر «تەزكىرە» يېزىپ ساقلىغان. ئەپسۇسكى، مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇنىڭ قولىيازما نۇسخىسى ۋەيران قىلىنغان. بۇ، شۇ يىللاردا يېزىلغان ئەدەبىيات تارىخىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىناتتى.

# «تاجىك» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە

شىرىن قۇربان

«تاجىك» — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىران تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ نامى. تاجىك تەتقىقاتچىلىقىدا، بۇ ئاتالغۇنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ھازىرغا قەدەر بىرلىككە كەلگەن يەكۈن يوق.

مەن بۇ ماقالىدا، «تاجىك» ئاتالغۇسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى توغرىسىدىكى بىر قەدەر تىپىك قاراشلارنى ھەمدە ئۆزۈمنىڭ بۇ ئاتالغۇ ھەققىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

بىرىنچى خىل قاراش، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى رىياسەتچىلىكىدە ئىشلەنگەن «بەش خىل مەجمۇئە» ئىچىدىكى «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخىدىن مەجمۇئە — تاجىكلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابتا مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا شەرھلىنىشىچە، «‹تاجىك› دېگەن بۇ نام ئەڭ دەسلەپتە ئىفرات دەرياسىنىڭ سول تەرىپىدە ياشىغان ‹تاي› دېگەن بىر ئەرەب قەبىلىسىنىڭ نامىنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشىدىن بارلىققا كەلگەن. ئېيتىلىشىچە، قەدىمكى ئىفرات دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدا بىر ئەرەب قەبىلىسى ياشىغان. ئۇلار ئۆزلىرىنى ‹تاي› دەپ ئاتىغان. كېيىنكى چاغلاردا شەرق دۆلەتلىرى ئۇلارنى ئەرەبلەر دەپ ئاتاشقا باشلىغان. X ئەسىرگە كەلگەندە، ‹تاي› سۆزى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش بىلەن ئىرانلىقلارنىڭ ئىسلام ئىخلاسمەنلىرىنى ئاتايدىغان ‹تاج› سۆزىگە ئۆزگەرگەن. XI ئەسىرگە كەلگەندە، ‹تاج› سۆزى تۈرك كۆچمەن چارۋىچىلىرى ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلىغان. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىنى ‹تاجىك› دەپ ئاتىغان. كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ ئاتالغۇ بارا-بارا مۇشۇ مىللەتنىڭ نامى بولۇپ قالغان.»①

ئىككىنچى خىل قاراش، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى خەنزۇچە تارىخىي يازمىلىرىدا چېلىقىدۇ. قەدىمكى دەۋرلەردە «تاجىك» ئاتالغۇسى خەنزۇچىدا ئاھاڭ بويىچە «大石، 大食» ياكى «条支» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. لېكىن، قىزىقارلىقى شۇكى، ئۇ چاغلاردا خەنزۇچىدا «تاجىك» دېگەن بۇ نام تاجىكلار مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى

① «تاجىكلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 8-بەت

ئەرەبلەر ئىمپېرىيىسى نامى ئورنىدا قوللىنىلغان. مىسالى، ئاق بايراقلىق ئۇمەۋىيە خەلىپىلىكى (مىلادى 661 — 750 - يىللار) ئېلىمىز خەنزۇچە تارىخي ئەسەرلىرىدە «白衣大食» دەپ ئاتالغان بولسا، قارا بايراقلىق ئاببا سىلار خەلىپىلىكى (مىلادى 750 — 1258 - يىللار) «黑衣大食» دەپ ئاتالغان. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كېيىنكى چاغلىرىدىن باشلاپ «تاجىك» سۆزى «塔吉克» دەپ تەرجىمە قىلىنىپ، تاجىك مىللىتى نامى سۈپىتىدە قوللىنىلىشقا باشلىغان. خەنزۇچە تارىخي كىتابلاردا «تاجىك» سۆزى ھەر خىل تەرجىمە قىلىنىپ، ئوخشىمىغان ئۇقۇم مەنىسىدە قوللىنىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئاتالغۇنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە تولۇقراق شەرھى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

ئۈچىنچى خىل قاراش، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسىرىدە ئۇچرايدۇ. مەھمۇد قەشقەرى بۇ ئەسىرىدە «تات» سۆزىنى «غەيرىي تۈرك خەلقلىرى» مەنىسىدە تاجىكلارنىڭ نامى ئورنىدا ئىشلەتكەن. ئۇ «تات» سۆزىنى ئىككى خىل مەزمۇندا شەرھلىگەن: «...... تات — توخسى، ياغمىلارنىڭ نەزەرىدە مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار. مەن بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدا ئاڭلىدىم. ...... tat tawγaq دەيدىكەن. بۇ ‹ئۇيغۇر ۋە چىنلىق› دېگەن بولىدۇ. ...... tat تات — پۈتۈن تۈركلەرنىڭ نەزەرىدە، پارسچە سۆزلىشىدىغان كىشى. بىر ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: تاتسىز تۈرك بولماس، باشسىز بۆك بولماس. بۇنىڭ مەنىسى باشسىز بۆك بولمىغىنىدەك، پارسلارسىز تۈركمۇ بولمايدۇ.»①

تۆتىنچى بىر خىل قاراشقا، ياپونىيىلىك ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسى يۈي تىيەنخېڭ ئۆزىنىڭ «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە ئەينەن نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتكەن ئاتاقلىق تۈركشۇناس ۋ. ۋ. بارتولد (1869 — 1930 - يىللار) نىڭ كۆز قارىشى ۋەكىللىك قىلىدۇ. بارتولد مۇنداق چۈشەندۈرگەن: «VII ئەسىردىكى بۇخارا ۋە خارازىملەرنىڭ پۇلىغا بۆك كىيگەن بۈت ۋە مۇقەددەس ئوت يېنىۋاتقان نەزىر-چىراق سۈپىتىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، بۇمۇ بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئاتەشپەرەستلىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئەھۋاللار جۇڭگونىڭ تارىخي مەنبەلىرىدە قەيت قىلىنغان خاتىرىلەر بىلەن ئوخشايدۇ. بۇ بۆكنىڭ نامى تاج دەپ ئاتىلاتتى. بۇنى ئاتەشپەرەستلەر كىيگەچكە، ئۇلار تاجىك دەپ ئاتالغان. ئەرەبلەر پېرسىيەنى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن، ئىككى مىللەت ئارىلىشىپ كەتكەن، شۇڭا، مۇسۇلمان ئەرەبلەرمۇ تاجىك نامى بىلەن ئاتالغان. جۇڭگولۇقلار بولسا، ئەرەبلەرنى 大食، 大石 (تاجىك) قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىغان.»②

بەشىنچى خىل قاراشنى، تارىخشۇناس خ. ف. شىرمان ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئافغانىستاندىكى موڭغۇللار» ناملىق ئەسىرىدە تاجىكلار ئۈستىدە توختالغاندا،

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىككىنچى توم، 409 -، 410 - بەتلەر

② ياپونىيىلىك يۈي تىيەنخېڭ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 100 —، 101 — بەتلەر.

«تاجىك» ئاتالغۇسىنى مۇنداق ئىزاھلىغان: «...... تاجىك دېگەن بۇ نام دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ۋە نىسبەتەن مۇرەككەپ مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ. ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر-لەر (XIII — XIV ئەسىرلەر) دە، تاجىكلار ئومۇمەن پارس تىلىدا سۆزلىشىدىغان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، مۇقىم ئولتۇراق ھاياتنى كۆچۈرىدىغان خەلقلەرنى كۆرسىتەتتى ھەم ئۇلار مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كۆچمەن ياكى يېرىم كۆچمەن تۈرك ۋە تاتار-لاردىن پەرقلىنەتتى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇسۇلمان تارىخشۇناسلارنىڭ نەزەرىدە، تاجىكلار «ئىرانلار» (依兰人) دۇر، تۈركلەر بولسا «تورانلار» (土兰人) دۇر. ئۇ چاغلاردىكى «ئىرانلار» بىلەن «تورانلار» قارىمۇ-قارشى ناملار بولۇپ، مەنە جەھەتتىن، يۇرت جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىقنى ئەمەس، ئەكسىچە، مەدەنىيەت ۋە ئىرق جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىقنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. كېيىنكى مەزگىللەردە، بۇ ئىككى نامنىڭ ئەمەلىي ئىستېمالدا قىسمەن ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولغان بولسىمۇ لېكىن تاجىك دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەسلىدىكى ئېنىقلىمىسى، يەنى ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغانلىقى، مۇقىم ئولتۇراق ھايات كۆچۈرىدىغان مۇسۇلمانلار ئىكەنلىكى، تا ھازىرغا قەدەر ئۆزگەرگىنى يوق. يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، ئىرانلىقلار (伊朗人) دېگەن بۇ نام پەيدا بولدى، ناھايىتى روشەنكى، ئىرانلىقلار دېگەندە، ئۇ ئەمەلىيەتتە، ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇشنى ئۆتكۈزىدىغان خەلقلەرنىڭ ئىران زېمىنى ئىچىدىكى قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق بولغاندا، ھازىرقى تاجىكلار دېگەندە، ئۇ ئاساسەن، ئافغانىستان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بىر قىسىم ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ۋە جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ھېلىقى ئىران تىلى-دا سۆزلىشىدىغان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، مۇقىم ئولتۇراق ھاياتنى كۆچۈرى-دىغان قەدىمىي خەلقلەرنىڭ بىر قىسمىنى كۆرسىتىدۇ.»①

تۆۋەندىكى تالاش-تارتىشلارنى بىر يەرگە جەملەپ، ئالتىنچى خىل قاراش دەپ قارىدۇق:

بەزى تەتقىقاتچىلار «تاجىك» تەكىتىدىن ئەرەبلەرنىڭ كونا نامى ئىدى، پارس-لار تارىختا ئەرەبلەرنى «تاجىك» دەپ ئاتايتتى دېسە، بەزى ئالىملار «تاجىك» ئەسلىدە غەيرى مۇسۇلمان ئەرەبلەرنى كۆرسىتەتتى دەيدۇ. يەنە بەزى تارىخچىلار يۇ-قىرىدىكى قاراشلارغا رەددىيە بېرىپ، «تاجىك» تارىختا ئىرانلىق مۇسۇلمانلارنى كۆر-سىتەتتى، ئۇلار مۇشۇ نام بىلەن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر بىلەن ئەرەبلەر-دىن پەرقلىنىپ تۇراتتى دېسە، يەنە بەزى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران تەتقىقاتچىلىرى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تارىختا ئەرەبلەر بىلەن مۇسۇلمان خەلقلەرنى بىردەك «تاجىك» ياكى «تەزىك» دەپ ئاتايتتى، كېيىنچە ئەرەبلەر ۋە ئۇلار بىلەن

① دىيامىر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى ۋە مىللەتلىرىگە ئائىت ئىنگلىزچە پايدىلىنىش ماتېرىياللار توپلىمى، ئىككىنچى قىسىم، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى، 1980 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 99 - بەت.

غەربتىن كەلگەن ئىرانلىق قەۋملەرنىڭ ھەممىسى پارسچە سۆزلەشكەنلىكلىرى ئۈچۈن «تاجىك» دېگەن بۇ نام «فارسى» مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنىدىغان بولدى، دەيدۇ.

يەتتىنچى بىر خىل قاراش، پامىر ۋە ھىندىقۇش تاغ ئېتەكلىرىدە ياشايدىغان تاغلىق تاجىكلارنىڭ خەلق رىۋايىتىدىن كەلگەن. بۇ رىۋايەت ئىلمىي تاجىك خەلقى ئارىسىدىمۇ كەڭ تارقالغان. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، «تاجىك» دېگەن بۇ نام «تاج» (شاھ تاجىسى ياكى تاجى شاھ) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان ئىكەن. ئۇ ئەسلىدىكى «تاجدار» (تاج كىيگۈچى، تاجلىق)، «تاجىيەك» (بىردىن-بىر تاج) دېگەن سۆزلەرنىڭ تەدرىجى بۇزۇلۇشىكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەم-پاراسەت ۋە كۈچ قۇدرەتتە تەڭدىشى يوق شىر يۈرەك رۇستەم پالۋان بارلىق قاباھەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن خەلق بەخت-سائادەتكە ئېرىشىپتۇ. تاجىكلارنىڭ ئاۋۋالقى پۇشتلىرىدىن كەي خوسرەۋ، كەي قۇبات، كەيبانۇ، كەيكاۋۇس قاتارلىقلار تۇنجى قېتىم ئەلگە شاھ بوپتۇ. ئۇلار باشلىرىغا شاھلىق تاج كىيىپ، مەغرىپتىن-مەشرىققىچە تەخت سۈرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ پۇخرالىرى بولسا، باشلىرىغا شاھ تاجىغا تەقلىد رەڭگارەڭ تاج كىيىپ ئۆزلىرىنى ئۆز ئادىل خانلىرىنىڭ ساداقەتلىك پۇقرالىرى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىشىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ، ئۇلار ئەل ئارىسىدا «تاجدارلار» دەپ ئاتىلىپتۇ. قىزىقارلىقى شۇكى، رىۋايەتتە يەنە بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر تەرىپىدىن «تاجىكلارنىڭ سىمۋولى» دەپ ئاتالغان تاجىك ئەرلەرنىڭ نەپىس ئىشلەنگەن تۇمىقى بىلەن تاجىك ئايال-قىزلىرىنىڭ چىمەنزار كەبى رەڭدار كەشتە «كۇلتا» (تاجىك ئايال قىزلىرىنىڭ باش كىيىمى) سىمۇ شۇ دەۋردىن قالغان ئەنئەنە دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. رىۋايەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە، بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار «تاجىك» ئاتالغۇسىنى «خان تاجىسى» (王冠) دەپ ئىزاھلايدۇ.

«تاجىك» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدىكى يۇقىرىدىكى قاراشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىگە يارىشا داۋلى بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى قايىل قىلارلىق مۇكەممەللىككە ئىگە ئەمەس. سەۋەب، بۇ قاراشلاردا بىر ئورتاق كەمچىلىك بار، ئۇ بولسىمۇ «تاجىك» ئاتالغۇسىنىڭ نېمە ياكى نېمە ئەمەس ئىكەنلىكى تاجىك مىللىتىنىڭ ئۆز ئىچىدىن ئېنىقلاشقا سەل قارالغان ياكى مۇشۇ مۇھىم نۇقتىنا ئۇنتۇلۇپ قېلىنغان.

تۆۋەندە «تاجىك» ئاتالغۇسىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئەسلى ۋە كۆچمە مەنىسى ھەققىدە ئۆز قارشىمىزنى كۆپچىلىكنىڭ مۇھاكىمىسىگە سۇنماقچىمىز.

«تاجىك دېگەن بۇ ئاتالغۇ بىر ياسالما ئىسىم بولۇپ، ئۇ تۈپ سۆز «تاج» بىلەن تاجىك تىلىدىكى ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە «ك» نىڭ بىرىكىشى (تاج+ك= تاجىك) دۇر. «تاج» سۆزىنىڭ تاجىك تىلىدىكى لېكسىكىلىق مەنىسى «شاھلار بېشىغا كىيىدىغان تاج» دېگەندىن ئىبارەت. ئېيتىشلارچە، «تاج» قەدىمكى دەۋرلەردە پادىشاھلارنىڭ شاھلىق بەلگىسى ئىكەن. مۇشۇ دەنە بولغاچقا، «تاج» سۆزى بىلەن «تاج-تەخت»، «تاجدار»، «تاجىگۈل»، «تاجى خوراز»، «تاجىسمان» سۆزلەر

بارلىققا كەلگەن. «ك»تاجىك تىلىدا مول مەنا ئىپادىلىگۈچى قوشۇمچە بولۇپ، ئىسىم ۋە سۈپەتلەرنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ كېلىپ، ئىككى خىل مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ. بىرى، چوڭ ئادەملەرنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ كەلسە، ھۆرمەت ۋە ئۇلۇغلاش تۈسىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە بىرى، كىچىك بالىلارنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ كەلسە، ئەكىلىتىش ۋە ئېزىزلاش تۈسىنى ئىپادىلەيدۇ. تاجىكلار دىيارىدا كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا «ك» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ قويۇپ ئاتاش - بىر خىل ئومۇملاشقان ئىجتىمائىي ئادەت. مىسالى، «بارات» دېگەن ئىسىمنىڭ كەينىگە «ك» قوشۇمچىسى ئۇلانسا، «باراتىك» (ئەرلەرنىڭ ئىسمى) بولىدۇ. بۇ بىر خىل ھۆرمەتنى ئىپادىلىسە، «گۈل» دېگەن ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا «ك» قوشۇمچىسى ئۇلانسا، «گۈلىك» (ئايال - قىزلارنىڭ ئىسمى) بولىدۇ. بۇ ئېزىزلاش، ئەكىلىتىشنى بىلدۈردۇ. ئوخشاش داۋلى بويىچە، رۇچايىك، شىكەرىك، ھۆسنىك دۇرىك، بايىك، شەنىك، پەرمانىك، نۇرىك، غۇلامىك ...... دېگەندەك ئىسىملارمۇ شۇ يول بىلەن بارلىققا كەلگەن. قىسقىسى، ئەگەر سىز تاجىكلار يۇرتىغا بېرىپ، كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارسىڭىز، كىشى ئىسىملىرىنىڭ تەگىدىن تولىسىنىڭ «ك» بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرىسىز. تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، تاجىكلار ئارىسىدا، ئەگەر بىر كىشىنىڭ ئىسمى «ك» بىلەن كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما باشقىلار شۇ كىشىنىڭ نامىنى چاقىرغاندا، يا ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن، ياكى ئېزىزلاش يۈزىسىدىن «ك» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ قويىدۇ. سېلىشتۇرما قىلساق، تاجىكلارنىڭ ئىسىم ئاخىرىغا (مۇھىمى كىشى ئىسىملىرى) «ك» نى قوشۇپ ئاتاش خەنزۇلارنىڭ فامىلىسى ئالدىغا «لاۋ» (老) ياكى «شياۋ» «小»نى قوشۇپ قويغىنىغا؛ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا «ئاكا»، «ئىنى»، «ھەدە»، «سىڭىل» دېگەندەك سۆزلەرنى قوشۇپ ئاتىغىنىغا ئوخشاش بىر ئادەت. بىزنىڭچە، «تاجىك» دېگەن بۇ ناممۇ مۇشۇ يول بىلەن ياسالغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بىز تاجىك تەتقىقاتچىلىرىغا بىر خالىسانە تەكلىپ بەرمەكچىمىز، ئۇ بولسىمۇ، «تاجىك» دېگەن بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك مەنىسىنى تەتقىق قىلغاندا، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنى تاجىكلارنىڭ تىل ئادىتى بىلەن ئىجتىمائىي ئادەتلىرىدىن ئىزدەش كېرەك. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ماتېرىيال ۋە يىپ ئۇچى بار، ئىككىنچىدىن، بىزنىڭچە، بىر مىللەتنىڭ نامى، ئىنتايىن نىسپىي ئەھۋاللارنى ھېساپقا ئالمىغاندا، باشقىلارنىڭ ئۇنى نېمە ياكى نېمە ئەمەس دەپ ئاتىشىدىن قەتئىينەزەر ئۆز ئالدى بىلەن شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىنى نېمە دەپ ئاتىشىدىن شەكىللىنىدۇ. بىزنىڭ «تاجىك» دېگەن بۇ نامنىڭ تاجىكلارنىڭ تىل ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن دېيىشىمىزنىڭ ئاساسىمۇ مۇشۇ يەردە.

ماقالىمىزنىڭ خاتىمىسىدا، ئەسلىدىكى تېمىمىزغا بەك چوڭ مۇناسىۋىتىمۇ بولمىغان لېكىن پەقەت مۇناسىۋىتى يوقمۇ ئەمەس بولغان بىر مەسىلە. يەنى «تاجىك» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى ئېنىقلاشنىڭ تاجىك مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا قىسقىچە توختالماقچىمىز.

(ئاخىرى 93 - بەتتە)

# ئۇچۇر ۋە ئاخبارات ئىسلاھاتى

**مۇختەر مەخسۇت**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكىتىمىزدە ئۇچۇر قىزغىنلىقى دولقۇنى بارلىققا كەلدى، «ئۇچۇر» دېگەن سۆز ھەرقايسى كەسىپ، ساھەلەرگە بارغانسېرى چوڭقۇر سىڭىپ كەتتى. مەيلى سىياسىي پائالىيەت بىلەن، ئىقتىسادىي خىزمەت بىلەن ۋە ياكى پەن - تېخنىكا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر بولسۇن ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئۇچۇرغا خۇددى سۇ، ھاۋا، قۇياش نۇرىغا ئېھتىياجلىق بولغىنىدەك ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلىشىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇچۇر ھەققىدە ئىزدەنمەكتە، بۇ «ئۇچۇر قىزغىنلىقى» ئوخشاشلا ئاخبارات ساھەسىدىمۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ھەرقايسى گېزىتلەر «ئىقتىسادىي ئۇچۇر»، «پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرى» دېگەنگە ئوخشاش سەھىپىلەرنى ئاچقاندىن تاشقىرى، ئۆز مۇشتىرىلىرىنى كۆپەيتىش ئۈچۈنمۇ گېزىتلىرىدىكى ئۇچۇر مىقدارىنى كۆپەيتىشكە تىرىشماقتا.

ئۇچۇر - شەيئىلەر ھەرىكىتىدىكى ئۆزگىرىش دېمەكتۇر. ھازىر بەزى كىشىلەر ئۇچۇرنى ئاخبارات ۋە خەۋەر بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇچۇر ئىلمىي نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇچۇر ئاخبارات ۋە خەۋەردىن پەرقلىنىدۇ. ئۇچۇر بولىدىكەن ھامان ئۇنىڭ ئۇچۇر مەنبەيى بولىدۇ. ئۇچۇر مەنبەيى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدۇر. تارقىتىلغان ئۇچۇرنى كىشىلەر ھېس قىلسۇن - قىلمىسۇن، كىشىلەر ئۇنى تارقاتسۇن ياكى تارقاتمىسۇن، ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ھامان ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ. يەنى ئۇچۇر - تارقاتقۇچىلارغا بېقىنمىغان ھالدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ۋاھالەنكى خەۋەر، ئاخبارات بولسا تارقىتىشنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن تارقىتىلغاندىن كېيىنلا جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. ئۇچۇر ھامان مۇئەييەن ئۇچۇر مىقدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇچۇر مىقدارى دېگىنىمىز، كىشىلەرنىڭ دەسلەپكى شەيئىلەرنى چۈشەنمەسلىك دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇچۇر كىشىلەر ئىلگىرى بىلىپ يەتمىگەن يېڭى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (يېڭى ئەھۋال، يېڭى بىلىم، يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن شەيئى قاتارلىقلار). كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان، كىشىلەر بىلىپ بولغان نەرسىلەردە ئۇچۇر مىقدارى بولمايدۇ، ئۇچۇرمۇ بولمايدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، ئاخبارات — يېقىندا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنىڭ خەۋەر قىلىنىشى دې-
مەكتۇر. مۇنداق ھادىسىلەر ھامان كىشىلەرگە نامەلۇم بولغان ئىشلاردىن دېرەك بې-
رىدۇ، بۇ نۇقتىدىن ئاخبارات بىر خىل ئۇچۇرنىڭ تارقىتىلىشى دېمەكتۇر. قەدىمدىن
تا ھازىرغىچە ھەر قانداق بىر كىشى مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئاستىدا
ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار
ئۆزلۈكسىز تۈردە ئوبيېكتىپ دۇنيانى، يېڭى ئەھۋاللارنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا قارىتا
مۇناسىپ تەدبىر ۋە ھەرىكەتلەر قوللاندى. بۇ مەنىدىن قارىغاندا كىشىلەرنىڭ بارلىق
پائالىيەتلىرى مۇئەييەن ئۇچۇرغا ئىگە بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئىنسانىيەت
جەمئىيىتىمۇ بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ ئۆزئارا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى بىر
مىنۇتمۇ توختاتمىغان، ئەلۋەتتە.

ھەربىر ئادەم، ھەربىر كوللېكتىپنىڭ ئۇچۇر مىقدارىغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ چوڭ-
كىچىكلىكى، ئۇلارنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ كەڭ ۋە تارلىقى بى-
لەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى قانچىكى
قويۇق، كەڭ بولغانسېرى ئۇچۇرغا بولغان ئېھتىياجىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ئەكسىچە
بولغاندا ئۇچۇرغا بولغان ئېھتىياجى شۇنچە ئاز بولىدۇ.

بىر تارىخىي دەۋردە، جەمئىيەتنىڭ ئۇچۇر مىقدارىغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ چوڭ-
كىچىكلىكى، شۇ دەۋردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى
بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. چۈنكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى قانچە يۇ-
قىرى بولغانسېرى جەمئىيەتنىڭ ئىش تەقسىماتىمۇ شۇنچە ئىنچىكىلىشىدۇ. كىشىلەرنىڭ
ئۆزئارا ئالاقىسى شۇنچە قويۇقلىشىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى «ئۇچۇر قىزغىنلىقى» دولقۇنىمۇ سىرتقا قارىتا ئې-
شىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەريانىدا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدى-
كى مۇناسىۋەتنىڭ بارغانسېرى قويۇقلىشىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەركىزىي كومىتېت
ئىچكى جەھەتتە ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش فاڭجې-
ننى يولغا قويۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدە بىر قاتار زور ئىسلاھات-
لارنى ئېلىپ باردى. بۇ ئىسلاھاتلار مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا ھەم ئې-
گىلىك شەكلىدە زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. زاۋۇت، كان، كارخانىلار،
سودا تارماقلىرى ۋە يېزىلار دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر قەدەر زور دەرىجىدە
ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى، ئۇلار مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدى-
كى يېڭى ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەھسۇلاتلارنى سېتىشنى جانلىق
ئورۇنلاشتۇرايدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئۆلكىلەر، شەھەرلەر بىلەن
يېزىلار ۋە ھەرقايسى كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقە بارغانسېرى قويۇق-
لاشتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشى، تېخىمۇ

كۆپ جايلارنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلىشى نەتىجىسىدە، ئېلىمىزنىڭ دۇنيادىكى ھەر-قايسى ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىسى كۈنسېرى كۈچەيدى، مانا مۇشۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەربىر زور ئۆزگىرىش يۈزمىڭلىغان كىشىنىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى يۈزمىڭلىغان كارخانىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاك بولۇشىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. دەل ۋاقتىدا ئېرىشكەن پايدىلىق ئۇچۇر ئارقىلىق، بىرەر كارخانىنى قۇتقۇزۇپ قالالايدىغان، ئۇنى گۈللىنىشكە ئېلىپ بارالايدىغان، ئەكسىچە، ئۇچۇر ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بەرمىگەن كارخانىلار خاراپلىشىپ ۋەيران بولۇشقا يۈزلىنىدىغان بولدى. شۇڭلاشقا كىشىلەر ئۇچۇرنى كارخانىلارنىڭ «كۆزى» دەپ قاراپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇچۇر قوغلىشىشقا يۈزلەندى.

نۆۋەتتە، كىشىلەر ئېيتىۋاتقان ئۇچۇر، ئاساسەن ئىقتىسادىي ئۇچۇر ۋە پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرىدۇر. چۈنكى مەملىكىتىمىز پۈتۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىۋاتقان بولغاچقا، ئىقتىسادىي ۋە پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرى ھەرقايسى كارخانىلارنىڭ كۈچلۈك تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىشىدا كەم بولسا بولمايدۇ. لېكىن زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشتا ھەرقايسى ساھەلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە ئۇچۇرلىرىغا موھتاج بولغىنىدەك، مائارىپمۇ ئۆزىنىڭ مائارىپ ئۇچۇرلىرىغا جىددىي موھتاج. كىشىلەر ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئۇچۇرغا ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم بىر يول ئاخبارات ئىشلىرىدىن ئىبارەتتۇر.

× × × ×

ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەمئىيەتنىڭ ئۇچۇرغا بولغان ئېھتىياجىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئۇچۇرغا بولغان ئېھتىياجى بولسا يەنە ئاخبارات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ بىر ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. ماكرولۇق جەھەتتىن قارىغاندا جەمئىيەتنىڭ ئۇچۇرغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئاخبارات ئىشلىرى كۆلىمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى بەلگىلەيدۇ. ئاخبارات ئىشلىرى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا قەدەممۇ - قەدەم ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ. XV - XVI ئەسىرلەردە گېزىتچىلىك ئىشلىرىنىڭ ئىتالىيىنىڭ ۋېنىتسىيە شەھىرىدە پەيدا بولۇشى، XVI ئەسىردىن كېيىن ئاخبارات ئىشلىرىنىڭ پورتۇگالىيە، ئىسپانىيە، گوللاندىيە ۋە ئەنگلىيەلەردە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشى، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئامېرىكىنىڭ دۇنيا ئاخباراتچىلىقىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىشى مۇشۇ دۆلەتلەردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سەۋىيىسى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولۇپ، يۇقىرىقى پىكىرىمىزنى تولۇق دەلىللەپ بېرىدۇ.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، ئىگىلىكنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى، ئاخبارات ئىشلىرىمىزنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. مەملىكىتىمىز شۇنداقلا ئاپتونوم

رايونىمىزدا رادىئو، تېلېۋىزورنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاخبارات مۇشتەرىلىرىنىڭ سانى تېز سۈرئەت بىلەن كۆپەيدى. مۇشتەرىلار (رادىئو ئاڭلىغۇچىلار، تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەر ۋە گېزىت مۇشتەرىلىرى) نىڭ قۇرۇلمىسىدىمۇ روشەن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. گېزىتنى ئېلىپ ئېيتساق، ئىلگىرى مۇشتەرىلارنى پەقەت كادىرلارلا ئاساس قىلاتتى. ھازىر بولسا ئىشچى، دېھقان يەككە تىجارەتچى ۋە زىيالىيلار مۇشتەرىلار قوشۇنىنىڭ زور قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان بولدى.

مۇشتەرىلار سانىنىڭ كۆپىيىشى ۋە مۇشتەرىلار قۇرۇلمىسىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش ئېلىمىز ئاخبارات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

بىرىنچى، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخباراتچىلىقىدا تەرەققىيات تېز بولدى. ئاپتونوم رايونىمىزنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، 80 - يىلىدىن ئىلگىرى رادىئولۇق ئۈنئالغۇ بىلەن تېلېۋىزور ئاز سانلىق ئائىلىلەردىلا ئۇچرىتىشقا بولىدىغان ئەتىۋارلىق تاۋارلار ئىدى. ھازىر بولسا يېزىلاردىن باشقا شەھەر ئاھالىلىرى ئىچىدە تېلېۋىزور ۋە رادىئولۇق ئۈنئالغۇ 90% ئومۇملاشتى. رادىئو ۋە تېلېۋىزورنىڭ قاپلاش نىسبىتىمۇ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزىدىن باشقا ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەر ۋە ئايرىم ناھىيىلەردىمۇ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ۋە ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىلىرى قۇرۇلدى.

ئىككىنچى، گېزىت قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش تېز بولدى. ئازادلىقتىن كېيىن مەملىكىتىمىزدە پارتىيە گېزىتى ئاساس قىلىنىپ، مەركەز، ئۆلكە (ئاپتونوم رايون)، ۋىلايەتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتى قۇرۇلمىسى ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيتتى. پارتىيە گېزىتى پارتىيىنىڭ فاكچىن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشنى ئاساسىي ۋەزىپە قىلغاچقا، كەسپچانلىقى ئىنتايىن كەمچىل ئىدى. 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەر خىل كەسپىي گېزىتلەر ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا چىقتى. 83 - يىلىدىكى ستاتىستىكىلىق سىناشتۇرۇشقا قارىغاندا، مەملىكەت خاراكتېرلىك گېزىت 81 - يىلىدىكى 26 دىن 82 - يىلىدىكى 33 كە، يەرلىك ئۇنىۋېرسال گېزىت 264 تىن 326 گە، پەن - تېخنىكا گېزىتلىرى 38 دىن 43 كە، كەسپىي خاراكتېرلىك گېزىتلەر 135 تىن 246 گە كۆپىيىپ، ئومۇمىي ئېشىش نىسبىتى بىر يىل ئىچىدىلا 30·42% بولغان. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي تىل - يېزىقتىكى گېزىت قۇرۇلمىسىدىمۇ خوشاللىنارلىق ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى تەسىس قىلىنغان «پەن - تېخنىكا گېزىتى»، «شىنجاڭ قانۇنچىلىقى»، «ئىشچىلار گېزىتى» قاتارلىق كەسپىي خاراكتېرنى ئالغان گېزىتلەر كەڭ مۇشتەرىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

ئۈچىنچى، ئۇچۇرغا بولغان ئېھتىياج تۈپەيلى كىشىلەر ئاخبارات ئىشلىرىغا، بو-

ئۇلارمۇ گېزىتكە نىسبەتەن يېڭى ئۆلچەملەرنى قويۇشقا باشلىدى. مۇشتەرىلار گېزىتنىڭ بىرىنچىدىن راست گەپ قىلىشىنى، ئىككىنچىدىن ئادىما ئۈچۈن سۆزلىشىنى، ئۈچىنچىدىن يېتەرلىك ئۇچۇر مىقدارىنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلماقتا. بىز دائىم ئوقۇرمەن مۇشتەرىلارنىڭ «بۇ گېزىتتە ئوقۇغىدەك بىرەر پارچىمۇ خەۋەر يوق ئىكەن» دېگەن ئاغرىنىشلىرىنى ئاڭلاپ قالىمىز. بۇ ئاغرىنىشلار گېزىتكە خەۋەر يېزىلمىغانلىقى ياكى خەۋەرنىڭ ئاز يېزىلغانلىقىدىن كېلىپ چىققان بولماستىن، بەلكى خەۋەرلەردە ئاممىغا ئېھتىياجلىق بولغان ئۇچۇرلارنىڭ تولىمۇ كەمچىل بولغانلىقى، ئاممىنىڭ تەلىپىنىڭ قاندۇرۇلمايۋاتقانلىقىدىن كېلىپ چىققان. شۇڭا ئاخبارات خادىملىرى ئاممىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك ئامىللار بىلەن ئاخبارات خەۋەرچىلىكىنىڭ يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ھەر خىل ئۇچۇرلارنى تېزدىن ئىگىلەپ، تارقىتىشقا تىرىشماقتا. شۇنداقلا ئۇچۇر كۆزقارىشى ئاخبارات خادىملىرىنىڭ كاللىسىدىن بارغانسېرى چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، كونا، قاتمال قېلىپلاشقان ئاخبارات كۆزقاراشلىرىنى سۈرۈپ قوغلىماقتا ۋە ئاخبارات ئىشلىرىدىكى چوڭقۇر ئۆزگىرىشكە ماسلاشماقتا.

تۆتىنچى، يۇقىرقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن رادىئو - تېلېۋىزىيە ۋە گېزىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇشتەرىلارنى قولغا كەلتۈرۈشتەك پايدىلىق رىقابەت ۋەزىيىتى كۈنسېرى روشەنلەشمەكتە. بىر قانچە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە قانىلى، بىر قانچە رادىئو ئىستانسىسى ۋە بىرقانچە خىل گېزىت تەڭ مەۋجۇت بولۇشتەك ئەھۋال ئاستىدا، مۇشتەرىلار خەۋەرلەرنى ئەركىن تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇنداق تاللاش ئەركىنلىكىنىڭ نەتىجىسىدە ئىنكاس قايتۇرۇشى تېز، ئۇچۇر مىقدارى زور بولغان ئاخبارات ۋاستىلىرى (رادىئو - تېلېۋىزىيە، گېزىت) نىڭ مۇشتەرىلار تۈركۈمى مۇناسىپ ھالدا كۆپەيدى، ئەكسىچە ئىنكاس قايتۇرۇشى گال، قۇرۇق گەپ ساتىدىغان، چوڭ گەپ قىلىدىغان ۋە كونا مۇقامدىن قۇتۇلالمايدىغان ئاخبارات ۋاستىلىرى بولسا مۇشتەرىلارنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالدى. بۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە ھەرقايسى رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ۋە گېزىتلەر پائال ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، سەھىپىلىرىنى كېڭەيتىشنىڭ، ئۆز سادالىرىنى ئاممىنىڭ قەلبىگە يېقىنلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىپ، ئەتراپلىق ئىزدىنىشكە باشلىدى.

× × × ×

ئۇچۇر ئۇقۇمى 40 - يىللاردا غەرب ئالىملىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، 50 - يىللاردا پۈتۈن غەرب دۇنياسىدا ئەۋج ئالغان بولۇپ، خۇددى كۈچلۈك دولقۇنغا ئوخشاش ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى ئەنئەنىۋى ئىدىيەلەرنى زىلزىلىگە سالغان. مەملىكىتىمىزنىڭ ئاخبارات ساھەسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ تېخى بىر قەدەر يېڭى ئۇقۇم ھېسابلىنىدۇ. مىللىي ئاخباراتچىلىقىمىزدا بولسا تېخىمۇ شۇنداق. ئۇنداق بولسا ئۇچۇر ئۇقۇمىنىڭ ئاخبارات ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشى زادى قانداق تەسىرلەرنى پەيدا

قىلىدى؟ ھازىرقى ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا ئۇنىڭ كۈچىنى ھەقىقەتەن بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ، ئۇ بىزنىڭ بەزى كونا ئاخبارات قاراشلىرىمىزنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

بىرىنچى، ئاخباراتچىلىقنىڭ رولى مەسىلىسى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، بىز ئاخبارات ئىشلىرى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، خەلق ئاممىسىنى تەربىيىلەش، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە خىزمەتلەرگە، ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ دەپلا تەكىتلەپ كەلدۇق. بۇ ئەلۋەتتە توغرا، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تەكىتلەش زۆرۈر. لېكىن، بۇ يەردىكى مەسىلە بەزى يولداشلىرىمىز ئاخباراتچىلىقنىڭ ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بېرىشتەك رولىغا ھەر ۋاقىت سەل قارىدى. ھەتتا بەزىلەر بىزنىڭ ئاخباراتچىلىقىمىزنىڭ بىردىن-بىر رولى تەشۋىق قىلىش، تەربىيىلەش ۋە يېتەكلەشتىن ئىبارەت دەپ مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتتى، دەرۋەقە، بۇرۇنقى ئاخباراتچىلىقىمىز ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بېرىش رولىنىمۇ جارى قىلدۇرغانىدى. لېكىن نۇرغۇن يولداشلار بۇنى ئاڭلىق يوسۇندا تونۇپ يېتەلمىگەن. ھازىر تېخىمۇ كۆپ كىشىلىرىمىز شۇنى ھېس قىلماقتىكى، ئاخبارات ئىشلىرىمىز تەشۋىقات، تەربىيە ۋە يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كىشىلەرگە ھەقىقەتنى تونۇتۇشى، شۇنداقلا، ئۇچۇرلارنى دەل ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىپ، خەلقىمىزنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن، ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىگىلىتىشى لازىم. ھەم تەشۋىق قىلىش، ھەم ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بېرىش بىزنىڭ ئاخباراتچىلىقىمىزنىڭ ئىككى چوڭ ۋەزىپىسى. ئەمەلىيەتتە تەشۋىقات بىلەن ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بېرىش بىر - بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ، ھەم شۇنداق بولۇشى كېرەك. يەنى تەشۋىقات ئۇچۇر ئارقىلىق بولۇشى، تەشۋىقاتتا جەزمەن كۆپلەپ ئۇچۇر مىقدارى بولۇشى كېرەك. ئۇچۇر مىقدارى بولمىغان تەشۋىقاتمۇ ئاقىۋەتتە قۇرۇق تەشۋىقاتقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئىككىنچى، گېزىت، رادىئو - تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىنىڭ دائىرىسى مەسىلىسى. بەزى كۆز قاراشتىكىلەر گېزىت خەۋەرلىرى جەزمەن يېتەكلەش خاراكتېرىنى ئېلىشى كېرەك دەپ ھېسابلىغاچقا، گېزىتلىرىمىزنىڭ خەۋەر قىلىش دائىرىسى تولىمۇ تار بولۇپ كەلگەنىدى. ئاخبارات ئىسلاھاتى جەريانىدا ئاخباراتچىلىقنىڭ رولىغا بولغان تونۇشنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، چەكلەنگەن رايونلار بۆسۈپ تاشلىنىشقا باشلىدى. گېزىتلەردىكى خەۋەرلەرنىڭ تېماتىك دائىرىسى زور دەرىجىدە كېڭەيدى. سەھىپىلىرى رەڭگارەڭ بولۇشقا باشلىدى. لېكىن سۈپەت جەھەتتىن ئالغاندا خەۋەرلەردىكى ئۇچۇر مىقدارىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، ئوقۇشچانلىقى، ئاممىباپلىقىنىڭ كەمچىل بولۇشى، نەتىجىسىنىلا خەۋەر قىلىپ، يېتەرسىزلىك، ئاجىزلىقلارنىڭ خەۋەر قىلىنماسلىقى، خەۋەرلەرنىڭ جانلىق بولماسلىقىدەك روشەن ئاجىزلىقلار يەنىلا خېلى ئېغىر دەرىجىدە

ساقلانماقتا. شۈبھىسىزكى، بۇ ئاخبارات ئىشلىرىنىڭ تەشۋىق، تەربىيە ۋە يېتەكلەش رولىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۈچىنچى، ئاخباراتچىلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت شەكلىنى، بىلىم قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ جىددىي تەقەززاسى بولۇپ قالدى. ئاخبارات خەۋەرچىلىكى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە بىۋاستە چېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلاھات قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ھەرقايسى ساھەلەردە كەسكىن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلمەكتە، ئەھۋاللار بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇرەككەپلەشمەكتە، بۇ، ئاخبارات خادىملىرىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، يېڭى قىلىش ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنىمۇ تەلەپ قىلماقتا. بۇرۇنقىغا ئوخشاش بىر پارچە خەۋەرنىڭ مۇخبىرلىقىدىن تارتىپ ئېلان قىلىنغىچە بولغان ئارىلىقتا دەرىجىمۇ-دەرىجە، قاتمۇ-قات تەستىقتىن ئۆتىدىغان قاتمال خىزمەت تەرتىپى ئۆزگەرتىلمىسە جەمئىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ رىتىمىگە، ئۇچۇر رىقابىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇچۇرنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ۋاقىتچانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇچۇرنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە، قىممىتى يوقاپلا قالماستىن، ئەكسىچە ئىگىلىك تەرەققىياتىغا زور زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ ئەمەلىي مىساللىرى تولىمۇ كۆپ. شۇڭلاشقا تېز، چاققان بولۇش تەلىپى ئاساسىدا، ئاخبارات خادىملىرىنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىنى يېڭىتىپ چىقىش ھەل قىلىنمىسا بولمايدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى. زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە زامانىۋىلاشقان بىلىم سىستېمىسى بولۇشى كېرەك. نۆۋەتتىكى ئاخباراتچىلار قوشۇنىنى بولۇپمۇ مىللىي ئاخباراتچىلار قوشۇنىنى يېڭىلاش، تولۇقلاش، ئۇلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ساپاسىنى كۆتۈرۈش ئىسلاھاتنىڭ، تەرەققىياتنىڭ جىددىي تەلىپىدۇر.

ھازىر ئېلىمىز تارىخىي خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش دەۋرىدە تۇرماقتا. بۇ خىل بۇرۇلۇش ئاخبارات ئىشلىرى ئىسلاھاتىنى ئالغا سۈرۈپ، بۇرۇن ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىدىيىۋى ئۇسۇلىمىزنى، ھەرىكەت ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتىشكە قىستىماقتا. بىز پارتىيىمىزنىڭ ئاخبارات خىزمىتىدىكى ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە، ھازىرغا قەدەر ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كەلگەن توپ پرىنسىپلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە، ئاخبارات خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، خۇراپىي ئىدىيىلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئازاد بولۇپ، دادىل ئىزدىنىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىشىمىز لازىم.

# خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپ خانىلىق سانلارنى سېلىشتۇرۇش ۋە تەرجىمە قىلىش

ئەخمەت يەھيا

كۆپ خانىلىق سانلارنى يېزىقتا ئەرەب رەقەملىرى بىلەن ئىپادىلەش ھەممىلا مىللەت تىلى ئۈچۈن ئورتاق ھادىسە بولۇپ، ئادەتتە بۇنىڭغا تەرجىمە قىلىش كەتمەيدۇ، لېكىن ئوخشاش بولمىغان تىللاردا كۆپ خانىلىق سانلارنى ئوقۇش ۋە خاتىرىلەش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغاچقا، تەرجىمىدە كۆپ خانىلىق سانلارنىڭ سان بىرلىكلىرىنى بىر-بىرىگە سۈندۇرۇپ ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ. جۈملىدىن خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تەرجىمە ئەمەلىيىتى جەريانىدىمۇ بۇ مەسىلە دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدا سانلار ئوخشاشلا ئونلۇق سىستېما بويىچە سانىلىدۇ. ئونلۇق سىستېما-سان بىرلىكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئېشىش نىسبىتى ئوننى ئاساسىي ئۆلچەم قىلغان ساناق سىستېمىسى بولۇپ، ئۆزئارا قوشنا ئىككى بىرلىك ئارىسىدا ئون دانە تۆۋەنرەك بىر بىرلىك بىر دانە يۇقىرىراق بىر بىرلىككە تەڭ بولىدۇ.

ئونلۇق سىستېمىسىدا 0، 1، 2، 3، 4، ...، 9 دىن ئىبارەت ئون رەقەم مۇئەييەن ئورۇن تەرتىپى (خانە تەرتىپى) بويىچە تىزىلىپ كېلىپ كۆپ خانىلىق سانلارنى ئىپادىلەيدۇ. ھەر بىر رەقەمنىڭ خانە تەرتىپىدىكى ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئىپادىلەيدىغان سان بىرلىكىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى سان بىرلىكلىرى ئونلۇق ساناق سىستېمىسى ئىچىدىكى سان بىرلىكلىرى بولغاچقا، ئىككى خىل تىلدىكى سان بىرلىكلىرىنىڭ ئاتىلىشى ئوخشاش بولىسىمۇ، لېكىن كۆپ خانىلىق سانلارنىڭ خانە تەرتىپىدىكى ئورنىدا بىر-بىرىگە تامامەن ماس كېلىپ، ئەمەلىي سان قىممىتى جەھەتتە تەڭ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىككى تىلدىكى سان بىرلىكلىرىنى ئاددىي سېلىشتۇرما جەدۋەل ئۇسۇلى ئارقىلىق سان بىرلىكلىرىنى ئالماشتۇرۇش كەررىسىنى تۈزۈپ چىققىلى بولىدۇ (تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ).

ئادەتتە، كىشىلەر كۆپ خانىلىق سانلارنى تەرجىمە قىلغاندا مۇشۇ جەدۋەل ئاساسىدا ئۆزلىرى يادلىۋالغان سان بىرلىكلىرىنى ئالماشتۇرۇش كەررىسى بويىچە كۆڭلىدە ئالماشتۇرۇپ ھېسابلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر خىل نوقۇل تەجرىبە

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خەنزۇچە سان بىرلىكلىرى | 个 | 十 | 百 | 千 | 万 | 十万 | 百万 | 千万 | 亿 | 十亿 | ...... |
| ئۇيغۇرچە سان بىرلىكلىرى | بىر | ئون | يۈز | مىڭ | ئونمىڭ | يۈزمىڭ | مىليون | ئونمىليون | يۈزمىليون | مىليارد | ..... |

ئۇسۇلى بولۇپ، تەرجىمە ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، بۇنداق ئالماشتۇرۇش كەرتىسىدىن پايدىلىنىش بىر قەدەر مۇرەككەپ سان بىرلىكلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا دېگەندەك ئۈنۈم بەرمەيدۇ.

ئادەتتە، كۆپ خانىلىق سانلار خانىسى سان تۈركۈمىگە ئايرىلىدۇ. سان تۈركۈمىگە ئايرىش كۆپ خانىلىق سانلارنى ئوقۇش ۋە يېزىشتىكى ئەڭ مۇھىم گۇرۇپپىلاش ئۇسۇلى، لېكىن ئىككى خىل تىلنىڭ ساناش ئادىتىدە سانلار خانىسىنى تۈركۈمگە ئايرىشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ، لېكىن سان تۈركۈمى كۆپ خانىلىق سانلارنى ئوقۇش ۋە يېزىشتا ئالاھىدە رول ئوينايدىغان بولغاچقا، ئىككى خىل تىلدىكى كۆپ خانىلىق سانلارنى ئوقۇش ۋە خاتىرىلەش ئۇسۇلىدا ئالاھىدە پەرق كېلىپ چىقىدۇ، شۇ سەۋەبتىن سان بىرلىكلىرىنى تەرجىمىدە بىر-بىرىگە سۈندۈرۈپ ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ خانىلىق سانلارنى ئوقۇغاندا ياكى يازغاندا خەلقئارالىق ئۆلچەم (ئادەت) ئاساس قىلىنىدۇ. تۆۋەن خانىدىن باشلاپ، ھەر ئۈچ خانىدىن ئىبارەت سان بىرلىكى (بىر، ئون، يۈز، 个، 十، 百) بىر سان تۈركۈمىنى تەشكىل قىلىدۇ، ھەر بىر سان تۈركۈمىنىڭ ئۆزىگە خاس ئاتىلىشى بولىدۇ. مەسىلەن: بىرلەر تۈركۈمى، مىڭلار تۈركۈمى، مىليونلار تۈركۈمى، .... ئۇيغۇر تىلىدا بۇرۇن تۆت خانىنى بىر سان تۈركۈمى قىلىپ، تۈمەن بويىچە ھېسابلايدىغان ساناق ئۇسۇلى ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىي قوللىنىشتا چەكلىمىگە ئىگە.

خەنزۇ تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە كۆپ خانىلىق سانلار تۆۋەن خانىدىن باشلاپ، ھەر تۆت خانىدىن ئىبارەت ئاساسىي سان بىرلىكى (个، 十، 百، 千. بىر، ئون، يۈز، مىڭ) بىر سان تۈركۈمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھەر بىر سان تۈركۈمىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاتىلىشى بولىدۇ. مەسىلەن: 个级، 万级، 亿级، 兆级 .... دېمەك خەنزۇ تىلىنىڭ سان تۈركۈمى تۆت دانە سان بىرلىكىنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي بىرلىكى قىلغان بولسا، ئۇيغۇر تىلىدىكى سان تۈركۈمى ئۈچ دانە سان بىرلىكىنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي بىرلىكى قىلغان بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىككى خىل تىلدىكى سان تۈركۈملىرى بىر-بىرىگە تولۇق ماس كەلمەيدۇ، شۇڭلاشقا خەنزۇ تىلىدىكى 个级 بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرلەر تۈركۈمىنى، خەنزۇ تىلىدىكى 万级 بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى مىڭلار تۈركۈمىنى ئاددىي ئۇسۇل بىلەنلا بىۋاسىتە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. بەلكى ئىككى تىل-

دىكى سان بىرلىكلىرى بىلەن سان تۈركۈمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدىلا سان بىرلىكلىرىنى ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ.

تۆۋەندە، ئونلۇق ساناق سىستېمىسىنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئۇيغۇر-خەنزۇ تىللىرىدىكى سانلارنى ئوقۇش ۋە يېزىشتىكى ئوخشاشلىقلار ۋە ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، بۇ ئىككى تىلدىكى سان بىرلىكلىرىنى بىر-بىرىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلاشنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلىنى تۈزۈپ كۆرەيلى:

سانلارنى تەرجىمە قىلىشنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋەل ئۇسۇلى




بۇ جەدۋەلدە خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى سان تۈركۈملىرى ۋە سان تۈركۈملىرىنى تەشكىل قىلغان سان بىرلىكلىرى سان خانىسىنى ئۆلچەم قىلىپ سېلىشتۇرۇلغان. چۈنكى، ئەرەب رەقەملىرى بىلەن سان خاتىرىلەش ھەممە تىل ئۈچۈن ئورتاق ھادىسە، شۇڭا مۇئەييەن بىر كۆپ خانىلىق ساننىڭ بەلگىلىك خانىسىغا ماس كېلىدىغان سان بىرلىكىنىڭ نامى ئىككى خىل تىلدا قانداق ئوقۇلۇشى ۋە قانداق يېزىلىشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت سانلار خانىسىغا ماس كېلىدىغان ئورۇندىلا قىممەت جەھەتتە تەڭلىشەلەيدۇ، ئالايلۇق، جەدۋەلدىكى 10-خانىدىكى سانلىق قىممەت خەنزۇ تىلىدا 亿 تۈركۈمىدىكى ئاساسىي بىرلىك 十 غا ماس كېلىپ، 十亿 دىن قانچە بارلىقىنى بىلدۈرسە، ئۇيغۇر تىلىدا مىليارد تۈركۈمىدىكى بىرگە ماس كېلىپ، بىر مىلياردتىن نەچچىسى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، ئىككى تىلدىكى سان بىرلىكلىرىنى مۇشۇ ئۇسۇلدا سۇندۇرۇپ ھېسابلاش ئارقىلىق ئەمەلىي قىممەت جەھەتتە تەڭلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

جەدۋەلنىڭ ئۈستى تەرتىپىدىكى 个، 万، 亿، 兆...لار خەنزۇ تىلىدىكى سان تۈركۈملىرىنى كۆرسىتىدۇ (亿 بەزىدە 万万، 兆 بەزىدە 万亿 دەپمۇ يېزىلىدۇ). ھەربىر سان تۈركۈمى 个، 十، 百، 千، تۆت خانىدىن ئىبارەت ئاساسىي سان بىرلىكىدىن تۈزۈلگەن. مانا بۇ خەنزۇ تىلىدىكى سانلارنىڭ ساناق سىستېمىسى قۇرۇلمىسى بولۇپ، سانلارنىڭ خەنزۇچە ئوقۇلۇشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

جەدۋەلنىڭ ئاستى تەرىپىدىكىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلارنىڭ ساناق سىستېمىسى قۇرۇلمىسى بولۇپ، بىر، ئىڭ، مىليون، مىليارد، تىرىليون …، ئۇيغۇر تىلىدىكى سان تۈركۈمىنى كۆرسىتىدۇ. ھەربىر سان تۈركۈمى بىر، ئون، يۈز ئۈچ خانىدىن ئىبارەت ئاساسىي سان بىرلىكىدىن تۈزۈلگەن. مانا بۇ، سانلارنىڭ ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئوتتۇرىسىدىكى دۇگىلەك قويۇلغان ئورۇنلار كۆپ خانىلىق سانلارنىڭ خانە ئورنىنى كۆرسىتىدۇ. زۆرۈر بولغاندا، مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە جەدۋەلنى يەنىمۇ ئۇزارتىشقا بولىدۇ. بۇ جەدۋەلدىن پايدىلىنىش ئۇسۇلى ئاددىي ھەم ئوڭاي بولۇپ، خەنزۇچە ئوقۇلۇشى بويىچە ياكى خەنزۇچە خەت بويىچە بېرىلگەن ھەر قانداق مۇرەككەپ كۆپ خانىلىق سانىنى ئەرەب رەقەمى بويىچە دۇگىلەك ئىچىگە (خانە ئورنىغا) خاتىرىلىۋالغاندىن كېيىن، ھەربىر خانىنىڭ ئۇيغۇرچىغا ماس كېلىش تەرتىپى بويىچە ئوقۇساق ياكى يازساقلا توغرا تەرجىمە قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «一万六千二百四十二亿五千零二十万» دېگەن ساننى ئالايلى، بۇ ساننىڭ يۇقىرى تۈركۈمى 亿 بولسىمۇ، ئەمما ئاساسىي سان بىرلىكى 千 دىن ئېشىپ، 万 گە بارغان، لېكىن خەنزۇچىدا سانلار تۈركۈمىنىڭ يۇقىرى بىرلىكى 千 دىن ئاشمايدۇ، شۇڭا 万亿 ئەمەلىيەتتە 兆 — نى بىلدۈرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن 兆 تۈركۈمىنىڭ 个位 ئورنىغا 1 نى يازىمىز، ئاندىن 亿 تۈركۈمىدىكى تۆت دۇگىلەككە 6242 (六千二百四十二亿) نى يازىمىز، 万 تۈركۈمىدىكى تۆت دۇگىلەككە 5020 (五千零二十万) نى يازىمىز، بىرلەر تۈركۈمىدە ھېچنىمە بولمىغانلىقى ئۈچۈن نۆل يازىمىز. ئەمدى بۇ ساننىڭ ئۇيغۇرچىغا ماس كېلىش ئورنىغا قارايلى: تىرىليون تۈركۈمىدە 1 بار، بۇ بىر تىرىليون بولىدۇ؛ مىلياردلار تۈركۈمىدە 624 بار، بۇ 624 مىليارد بولىدۇ؛ مىليونلار تۈركۈمىدە 250 بار، بۇ 250 مىليون بولىدۇ؛ مىڭلار تۈركۈمىدە 200 بار، بۇ 200 مىڭ بولىدۇ؛ بىرلەر تۈركۈمى پۈتۈنلەي نۆل. بۇ ساننى ئۇيغۇرچىدا ئوقۇساق ياكى يازساق: 1 تىرىليون 624 مىليارد 250 مىليون 200 مىڭ بولىدۇ.

كۆرسەتمە:

خەنزۇچە ئوقۇلۇشى بويىچە بېرىلگەن سان:

一万六千二百四十二亿五千零二十万



ئۇيغۇرچە: 1 تىرىليون 624 مىليارد 250 مىليون 200 مىڭ

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، خەنزۇ تىلىدا سانلارنى ئوقۇشتا، سان ئوتتۇرىسىدا بىر نۆل ياكى ئۇدا بىرنەچچە نۆل كەلسە، پەقەت بىرلا نۆل ئوقۇلىدۇ، سان ئاخىرىسىدىكى نۆللەر ئوقۇلمايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا سان ئوتتۇرىسىدىكى ياكى ئاخىرىسىدىكى نۆللەر بىردەك ئوقۇلمايدۇ.

خەنزۇ تىلىدا كۆپ خانىلىق سانلارنى بەزىدە 万 ياكى 亿 نى ئاساس قىلىپ ئونلۇق كەسىر شەكلىدە ئىپادىلەيدىغان ئەھۋالمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەمما ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ خانىلىق سانلارنى ئونلۇق كەسىر شەكلىدە ئىپادىلەيدىغان ئادەت يوق. مەسىلەن: «746·2亿» دېگەن ساننى ئالايلى، 亿 ئونلۇق كەسىر چېكىتىنىڭ ئالدىدىكى پۈتۈن ساننى كۆرسىتىدۇ، يەنى 746亿. ئونلۇق كەسىر چېكىتىدىن كېيىنكى بىرىنچى خانە 亿 دىن تۆۋەن بولغان بىرىنچى بىرلىك 千万 نى كۆرسىتىدۇ، يەنى 2千万 نى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، خەنزۇ تىلىدىكى ئونلۇق كەسىر بويىچە ئىپادىلەنگەن سانلارنىمۇ يۇقىرىقى جەدۋەلدىن پايدىلىنىپ تامامەن تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ، شۇنداقلا تەرجىمە قىلىش تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ.

خەنزۇ تىلىدىكى ئونلۇق كەسىر بويىچە ئىپادىلەنگەن سان 746·2亿 نى جەدۋەل ئارقىلىق ئىپادىلىسەك:




يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئۇيغۇرچە ئوقۇساق ياكى يازساق: 74 مىليارد 620 مىليون بولىدۇ.

كۆپ خانىلىق سانلارنى ئۇيغۇرچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشتىمۇ ئوخشاشلا مۇشۇ ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، بۇ جەدۋەلنى قېلىن كارتون قەغەزگە سىزىۋېلىپ، خانە ئورنىنى كۆرسىتىدىغان دۈگىلەك ئورۇنلارنى قىيىپ ئېلىۋېتىپ تۆشۈك قىلىۋالسا، بۇ جەدۋەلدىن دائىملىق پايدىلانغىلى بولىدۇ.

# سۇن جۇڭشەننىڭ شىنجاڭنى ئېچىش توغرىسىدىكى ئۇلۇغۋار پىلانى

دېڭ شاۋخۇي

ئۇلۇغ ئىنقىلاب پېشۋاسى سۇن جۇڭشەن شىنجاڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ ئەسەر ۋە نۇتۇقلىرىدا، چوڭ غەربىي شىمال ۋە شىنجاڭنى ئېچىش مەسىلىسى ئۈستىدە كۆپ قېتىم توختالغان، بولۇپمۇ 1919-يىلى يازغان «سودا-سانائەت پىلانى» دېگەن ئەسىرىدە، شىنجاڭنى ئېچىش توغرىسىدا بىر ئۇلۇغۋار پىلاننى ئوتتۇرىغا قويغان. مەن بۇ ماقالەمدە سۇن جۇڭشەننىڭ شىنجاڭنى ئېچىش توغرىسىدىكى ئۇلۇغۋار پىلانىنىڭ ستراتېگىيىلىك نىشانى، تارىخىي رېئال ئەھمىيىتى ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارىمەن.

## 1

سۇن جۇڭشەننىڭ شىنجاڭنى ئېچىش توغرىسىدىكى ئۇلۇغۋار پىلانىنىڭ ستراتېگىيىلىك نىشانى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش

شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول. مەسىلەن، چۆچەكنىڭ ئالتۇن كانلىرى؛ ئاقسۇنىڭ مىس كانلىرى، ئۈرۈمچىنىڭ تۆمۈر كانلىرى، خوتەننىڭ قاشتېشى قاتارلىقلار ئۇزۇن دەۋرلەردىن تارتىپ مەشھۇر ئىدى. ئەمما، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان جەمئىيەت ئىقتىسادى ئارقىدا قالغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا خەلق ئاچ-يالىڭاچلىق ئازابىنى تارتىۋاتاتتى، ئۇزاقتىن بۇيان شىنجاڭ ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ھەربىي ۋە مەمۇرىي خىراجەتنى قامداپ كېلىۋاتاتتى. چيەنلۇڭ يىللىرىدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا ھەر يىلى خىراجەت ئۈچۈن 600 مىڭ سەر كۈمۈش ياردەم بېرەتتى، گۇاڭشۈي يىللىرىغا كەلگەندە بولسا كۆپىيىپ ئۈچ مىليون سەر كۈمۈشكە يەتتى، كېيىن ئازىيىپ ئىككى مىليون 400 مىڭ سەرگە چۈشۈپ قالدى.① شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەردىن بېرىلىدىغان مائاش پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالدى، شىنجاڭنىڭ مالىيە كىرىمى يىلىغا ئاران بىر مىليون سەر كۈمۈش بولغاچقا، چىقىمنى قامدىيالماي قالدى.

سۇن جۇڭشەن چوڭ غەربىي-شىمالنى ئېچىشنى خېلى ئىلگىرىلا تەسەۋۋۇر قىلغانىـ

دى. ئۇ 1894 - يىلى يازغان «لى خۇڭجاڭغا يېزىلغان مەكتۇپ» تە: يېزا ئىگىلىكىنىڭ
يېڭى ئۇسۇللىرىنى تەكشۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن ياۋرۇپانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بار-
ماقچى بولۇۋاتقانلىقى، دۆلەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ قاتارلىق سەددى-
چىن سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى جايلارغا بېرىپ يېزا ئىگىلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈدىغانلىقى،
«غەربنىڭ ئۇسۇلىنى تولۇق قوللىنىپ، خەلقنى بوز يەر ئېچىشقا، سودىگەرلەرنى مەب-
لەغ چىقىرىشقا ئۈيۈشتۇرىدىغانلىقى» نى بىلدۈرگەن.② سۇن جۇڭشەننىڭ بۇ پىلانى
ئەينى ۋاقىتتىكى «ئامېرىكا قىتئەسىدىن قوغلاش، سەندەل ئارىلىدا ئىشقا ئالماسلىق»
قاتارلىق ۋەقەلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.③ 1882 - يىلى ئامېرىكا جۇڭگو-
لۇقلارنى چەتكە قاقىدىغان قانۇن لايىھەسى ماقۇللانغاندىن كېيىن، جۇڭگولۇقلارنى
چەتكە قېقىش زوراۋانلىقى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كېڭەيدى. بۇ، جۇڭگو
خەلقىنىڭ بولۇپمۇ شەرقىي - جەنۇب دېڭىز بويىدىكى رايونلىرىدىكى خەلقنىڭ ناھايىتى
زور دىققەت - ئېتىبارى ۋە غەزىپىنى قوزغىدى. چەتئەلدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بى-
لەن چوڭقۇر دوستلۇقى بولغان سۇن جۇڭشەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان جۇڭگولۇق ئىش-
چىلارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلدى. ئۇ جۇڭگونىڭ يېزا
ئىگىلىكىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى، بولۇپمۇ تېخىمۇ كۆپ
جۇڭگولۇقنى بېقىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ دېڭىز - ئوكيانلاردىن ئۆتۈپ چەت ئەل-
گە بېرىپ باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، يېرى كەڭ،
ئادىمى شالاڭ بولغان غەربىي - شىمالنى ئېچىشنى ئارزۇ قىلاتتى.
1912 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، خۇاڭشىڭ مانجۇرىيە، موڭغۇل، شىنجاڭ، تىبەتنى
ئېچىش - ئاھالە كۆچۈرۈش ئۇيۇشمىسى قۇرۇپ، بۇيۈك زۇڭتۇڭ سۇن جۇڭشەننىڭ پۇل
ئاجرىتىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدى. سۇن جۇڭشەن بۇنى «ئېچىش - ئاھالە كۆچۈرۈش
ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى دۆلەت ئۈچۈن مۇھىم پىلان كۆرسىتىپ بەردى، دۆلەت بۇ-
نىڭغا ياردەملىشىشى كېرەك» دەپ ناھايىتى ماختىدى، ھەمدە مالىيە مىنىستىرلىقىغا:
«مەزكۇر ئۇيۇشمىغا خىراجەت ئۈچۈن 300 مىڭ يۈەن بېرىڭلار، ھەر يىللىق خام
چوت لايىھىسىگە كىرگۈزۈپ، كېڭەش پالاتاسىنىڭ تەكشۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىشىغا سۇ-
نۇڭلار» دەپ يوليورۇق بەردى.④ كېيىن يەنە كېڭەش پالاتاسىغا «تېزراق قارار
چىقىرىپ، بالدۇرراق يولغا قويۇش» توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.⑤ كېيىن، سۇن جۇڭ-
شەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پىلانىنى ئىنچىكىلىق بىلەن تۈزگەندە،
شىنجاڭنى ئېچىش توغرىسىدا يەنە نۇرغۇنلىغان كونكرېت تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قوي-
دى. ئۇ: شىنجاڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا نۇرغۇنلىغان
ئەۋزەل شارائىتلارغا ئىگە. ئالايلۇق، ئىلى دەريا ۋادىسىنىڭ يايلاقلىرى كەڭ سۇ ۋە
ئوت - چۆپى مول بولۇپ، چارۋىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ.
تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتىدۇ، بۇ دەريا ئىككى ئەتراپى-

پىدىكى يەرلەرنى سۇ بىلەن تولۇق تەمىنلىيەلەيدۇ، مۇبادا تۆمۈر يول قۇرۇلسا، ئۇ يەرلەر كۆچمەنلەر ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك جاي بولۇپ قالىدۇ»⑥، ھەمدە ئۇ يەرلەردە زور كۆلەمدىكى بوستانلىقلارنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدا ئالتۇن، مىس، كۆمۈر، نېفىت قاتارلىق كان بايلىقلىرى مول بولۇپ، زور ئېچىش ئىستىقبالىغا ئىگە. بولۇپمۇ 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ياۋروپالىق ساياھەتچىلەر شىنجاڭ، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردا مول نېفىت بايلىقىنىڭ كۆمۈلۈپ ياتقانلىقىنى تەكشۈرۈپ تاپتى، بۇ، بىر مەزگىل پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. سۇن جۇڭشەن دۆلىتىمىزنىڭ نېفىت بايلىقى بولسىمۇ ئۇنى ئاچالمايۋاتقانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمايۋاتقانلىقىغا قارىتا ئىنتايىن ئېچىنغان ھالدا: «جۇڭگونىڭ كىرسىن ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەت دېگەن نامى بولسىمۇ... جۇڭگونىڭ مۇشۇنىدا كان بايلىقلىرى بولسىمۇ، ئۆزىنى تەمىنلەش ئۈچۈن ئاچالمىغانلىقى، ھەتتا كىرسىن، بېنزىن قاتارلىقلارنى ئىمپورت قىلىۋاتقانلىقى ھەمدە ئىمپورتىنىڭ يىلدىن يىلغا كۆپىيىۋاتقانلىقى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ» دېگەنىدى⑦. شۇڭا، ئۇ: جۇڭگو باشقا سانائەت تۈرلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئالگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، نېفىتلىك ئېچىشنى ئەڭ مۇھىم پىلان سۈپىتىدە تۇتۇپ، ئالدى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم، دەپ تەكلىپ بەردى.

(2) غەربىي-شىمالنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، سىرتنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش.

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. يېقىنقى زاماندىن بۇيان، تاشقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ كەلگەن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇداپىئە كۈچى ئىنتايىن ئاجىز ئىدى. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەنگلىيە جەنۇبىي ئاسىيادىن شىمالغا قاراپ بېسىپ كىرىشكە باشلىدى، رۇسىيە بولسا ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق جەنۇبقا قاراپ كېڭەيمىشكە باشلىدى، شىنجاڭ ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيىنىڭ تالىشىش ئورنى بولۇپ قالدى. 19-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىن 70-يىللىرىغا قەدەر، ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى، چاررۇسىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەسكەر چىقىرىپ دۆلىتىمىزنىڭ ئىلى رايونىنى 13 يىل بېسىپ ياتتى، شۇنىڭ بىلەن ئېلىمىزنىڭ غەربىي-شىمالىي چېگرا رايونى دەسلەپكى كرىزىسكە ئۇچرىدى. شىنخەي ئىنقىلابى بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، مىللىتارىستلار ئارا قالايمىقان ئۇرۇشلار پارتلاپ، دۆلەت ئاجىزلىشىشقا باشلىدى. چاررۇسىيە يەنە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تاشقى موڭغۇلىيىنى «مۇستەقىل» بولۇشقا قۇتراتتى، ئارقىدىنلا قوبدۇ-ئالتاي ئۇرۇشىنى قوزغىدى ئىلى، قەشقەر ۋە ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ رايونغا ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئەسكەر چىقىرىپ، شىنجاڭنى بۆلۈۋېلىشقا ئۇرۇندى. بولۇپمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، 1918-يىلىدىن 1920-يىلغىچە، چاررۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي-شىمال

رايونى، تاشقى موڭغۇلىيىگە چېكىنگەندىن تاشقىرى، يەنە زور تۈركۈمدە شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىگە چېكىنىپ كىرىپ، ھەر قايسى جايلارنى پاراكەندە قىلدى، شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسى ۋە ئىقتىسادىنى غايەت زور زىيانغا ئۇچراتتى. شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدا، ئەمدىلا ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققان ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى ئىچكى جەھەتتە ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىق، مىللىي زۇلۇم يۈرگۈزدى؛ تاشقى جەھەتتە سىرت بىلەن ئالاقە قىلماسلىق، بۆلۈۋېلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويدى، ئۇ شەكىل جەھەتتە «مۇستەقىل پادىشاھلىق» قا ئوخشاپ كېتەتتى. شىنجاڭدا ئۇدا بىر قانچە يىل قالايمىقانچىلىق ھۆكۈم سۈردى، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە چامى يەتمىدى.

شىنجاڭنىڭ بۇنداق ئىچكى ئەنسىزلىك ۋە سىرتقى تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچراش ۋەزىيىتىگە نىسبەتەن، سۈن جۇڭشەن ئۈنلۈك خىتاب قىلىپ، مەملىكەت خەلقىنى چار روسىيىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي-شىمال چېگرىسىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاغدۇرمىچىلىق ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىدىن ھوشيار بولۇشقا چاقىردى. 1912-يىلى، سۈن جۇڭشەن موڭغۇل بېگىگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدا: «رۇسىيىلىكلەرنىڭ قارا نىيىتى بار، ئۇلار پۇرسەت كۈتۈۋاتىدۇ... ھەممەيلەن ھوشيار بولمىساق ۋە بىر نىيەتتە كۈچ چىقارمىساق، مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايمىز» دەپ ئاگاھلاندۇرغان⑨. ئۇ مۇنداق قارىغان: تاشقى موڭغۇل ۋە شىنجاڭ «جۇڭگو بىلەن ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، «دۇنيادىكى تۇتقان ئورنى مۇھىم»⑩. بۇ رايوننى جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس قىسمىغا ھەقىقىي تۈردە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، قۇدرەتلىك دۆلەت مۇداپىئەسىنى قۇرۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. قۇدرەتلىك دۆلەت مۇداپىئەسىنى چىقىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەسكەر تەربىيىلەشكە؛ ئەسكەر تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئاۋۋال ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا؛ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قاتناشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. قاتناش بىلەن ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، قاتناش قۇلايسىز بولسا ئىقتىساد راۋاجلانمايدۇ. ئىقتىساد راۋاجلانمىسا دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملىگىلى بولمايدۇ. چار روسىيىنىڭ شىنجاڭ ۋە تاشقى موڭغۇلدا، ياپونىيىنىڭ جەنۇبىي مانجۇرىيىدە، ئەنگلىيىنىڭ شىزاڭدا، فرانسىيىنىڭ يۈننەندە زورلۇق-زومبۇرلۇق قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قاتناشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. سۈن جۇڭشەن تۆمۈر يوللارنى رېمونت قىلىش ۋە قۇرۇشنى، بولۇپمۇ، غەربىي-شىمال تۆمۈر يولىنى قۇرۇپ چىقىشنى «جۇڭگونىڭ نۆۋەتتە ئىنتايىن زۆرۈر ۋە تەخىرسىز» زور ئىش دەپ قارىدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سۈن جۇڭشەن شىنجاڭنى ئېچىش پىلانىنى ئەينى ۋاقىتتا دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي-شى-

مال چېگرا رايونىدىكى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان مىللىي كىرىزىس بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن.

(3) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش.

شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەر تىل-يېزىق، تۇرمۇش ئادىتى، دىنىي ئېتىقاد جەھەتلەردە ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ تارىختىن بۇيان يۈرگۈزگەن مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي زۇلۇم سىياسىتى، شىنجاڭنى ئۇزاق مۇددەت قالاقلىق ۋە ئەنسىزلىك ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويدى، بۇ ھال جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشىغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى.

سۇن جۇڭشەن مىللىي مەسىلىگە ئەزەلدىن ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان كەلگەن بولۇپ، «بەش مىللەت ئۇيۇم ئۆتۈش، بەش مىللەت بىر ئائىلە بولۇش» تىن ئىبارەت ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. 1912-يىلى يېڭى يىلدا سۇن جۇڭشەن «ۋاقىتلىق بۈيۈك زۇڭتۇڭ خىتابنامىسى» دا تەنتەنىلىك ھالدا: يېقىندىن دۇنياغا كەلگەن جۇڭخۇا مىنگو مىللەت، زېمىن، ئارمىيە ھۆكۈمەت، ئىچكى ئاپتونومىيە ۋە مالىيەدىن ئىبارەت بەش چوڭ بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. «دۆلەتنىڭ دەسمايىسى خەلقتۇر، خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، زاڭزۇ رايونلىرى بىر دۆلەتتۇر، يەنى خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، زاڭزۇلار بىر ئادەمدەك بىرلىشىدۇ» دەپ جاكارلىدى[12]. بۇ، جۇڭگو دەل جاھانگىرلار تەرىپىدىن بۆلۈۋېلىنىش ۋە پارچىلىنىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن، خەلق دەپسەندە قىلىنىش پاجىئەسىگە ئۇچراۋاتقان ئېغىر پەيتتە، سۇن جۇڭشەن بەش چوڭ بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇئەييەن دەرىجىدە دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە دۆلەتنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى گەۋدىلەندۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

سۇن جۇڭشەن ۋاقىتلىق بۈيۈك زۇڭتۇڭ بولغان مەزگىلدە، يەنە مۇراجىئەتنامە چىقىرىپ، جۇڭگو خەلقىنى بىرلىيەتتە ھەمكارلىشىپ، مۇداپىئەتنى گۈللەندۈرۈشكە، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا چاقىردى. ئەينى ۋاقىتتا، جۇڭخۇا مىللەتلىرى بۈيۈك بىرلىكى ئۇيۇشمىسى موڭغۇل، ئۇيغۇر، زاڭزۇ سىنىپ مەكتىپى قۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. مالىيە قىيىنچىلىقى زور بولغاچقا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بىر مەزگىل پۇل ئاجرىتىپ بېرەلمىدى، ئەمما يەنىلا بۈيۈك زۇڭتۇڭ سۇن جۇڭشەن «جۇڭخۇا مىللىتى بەش چوڭ مىللەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تەڭ دەرىجىلىك مائارىپ تەسىس قىلىنىدۇ. موڭغۇل، ئۇيغۇر، زاڭزۇ تىللىرى بىر-بىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كېرەك. مەزكۇر ئۇيۇشما بەش مىللەت ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ئورنىتىشنى مەقسەت قىلغان موڭغۇل، ئۇيغۇر، زاڭزۇ سىنىپ مەكتەپلىرىنى قايتا قۇرۇپ، مائارىپنى كېڭەيتىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇ تەقدىرلەشكە ۋە ماخ-

تاشقا ئەرزىيدۇ» دەپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئىلھام ۋە مەدەت بەردى

سۇن جۇڭشەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، دۆلەت مۇداپىئە ۋە مالىيى ئورنىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ مەملىكەتتە تۇتقان ئورنىغا ئاساسەن، شىنجاڭنى ئېچىش توغرىسىدىكى ئۇلۇغۋار تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويغان. سۇن جۇڭشەن شىنجاڭنى ئېچىش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن شىنجاڭنىڭ نامرات ۋە قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش، يەنە بىر تەرەپتىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، غەربىي - شىمالنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، مۇستەقىل، بىرلىككە كەلگەن، قۇدرەتلىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشكە تىرىشقان.

## 2

سۇن جۇڭشەننىڭ شىنجاڭنى ئېچىش توغرىسىدىكى پىلانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قاتناشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاھالە كۆچۈرۈپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە كانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

«قاتناشنى سودا - سانائەتنىڭ ئاساسى قىلىش» ئۈچۈن، سۇن جۇڭشەن قاتناش - ترانسپورتنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ قاتناش - ترانسپورتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن تۆمۈر يول قۇرۇش كېرەك، تۆمۈر يولنىڭ پايدىسى ئەڭ زور، شۇنداقلا «بۈگۈنكى مەدەنىيەت ۋە قۇدرەتنىڭ ئۆتكۈر قورالى» دەپ قارىغان⑭. سۇن جۇڭشەننىڭ تۆمۈر يول قۇرۇشقا شۇ قەدەر ئەھمىيەت بېرىشىدىكى سەۋەب شۇكى، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگونى بۆلۈشۈۋېلىش تەتۈر قۇيۇنى كۆتۈرۈلگەنىدى، تۆمۈر يول قۇرۇش ھوقۇقىنى ئىگىلىۋېلىش ئۇلارنىڭ جۇڭگوغا كاپىتال چىقىرىشتىكى بىر خىل مۇھىم ۋاسىتىسى ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ جۇڭگودىكى تەسىر دائىرىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىشتىكى كۈچلۈك قورالى ئىدى. جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۆمۈر يول قۇرۇش ھوقۇقىنى غالجىرلارچە تالىشىشىدىن، سۇن جۇڭشەن تۆمۈر يولنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى مۇھىملىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىۋالغانىدى. ئۇ سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن ئەمدىلا شۇغۇللىنىشقا باشلىغاندا، «تۆمۈر يول جان تومۇردۇر» دەپ قاراپ، ھەممىلا يەردە بولاڭچىلىق ۋە توسالغۇغا ئۇچراشتىن ئىبارەت ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىپ، «مەملىكەتنىڭ ھەر قانداق يېرىگە بارغىلى بولىدىغان، توسالغۇ بولمىغان» قاتناش تورىنى شەكىللەندۈرۈشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى.⑮ سۇن جۇڭشەن بۈيۈك زۇڭتۇڭلۇقتىن ئىستىپا بەرگەندىن كېيىن، جۇڭخۇا مىنگو تۆمۈر يول جەمئىيىتىنىڭ دوبەنلىكىنى ئىلتىماس قىلىپ ئۆزلىكىدىن ئۈستىگە ئالدى ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىنى پىلانلىدى. «سودا - سانائەت پىلانى» دا، سىستېمىلىق ۋە مۇكەممەل بولغان جۇڭگو تۆمۈر يول قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، 100 مىڭ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇق-

تىكى تۆمۈر يول تورىنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت كۆرەش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مەملىكەت خاراكتېرلىك بۇ تۆمۈر يول قۇرۇلۇش پىلان خەرىتىسىدە سۈن جۇڭشەن مۇھىملىقىغا قاراپ شىنجاڭنىڭ تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 14 غول لىنىيە پىلانلىدى. بۇ غول تۆمۈر يول لىنىيىلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

(1) شىمالىي چوڭ پورت (تيەنجىن) - دىخۇا (ئۈرۈمچى) لىنىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇزارتىلغان لىنىيىسى: تيەنجىندىن باشلىنىپ دولۇن، تاشقى موڭغۇلىيىنى بېسىپ ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئاندىن ئىلىغا ئۇزارتىلىدۇ.

(2) شەرقىي چوڭ پورت (شاڭخەي) - چۆچەك لىنىيىسى: شاڭخەيدىن باشلىنىپ نەنجىڭ، شىئەن، لەنجۇلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە بارىدۇ، ئاندىن چېگرادىكى مۇھىم بازار چۆچەككىچە ئۇزارتىلىدۇ.

(3) شىمالىي چوڭ پورت (تيەنجىن)، قۇمۇل لىنىيىسى تيەنجىن بېيجىڭ جاڭجاكودىن باشلىنىپ ئىچكى موڭغۇلدىكى گۈيخۇا (ھازىرقى كۆكخوت شەھىرى) نى بېسىپ ئۆتۈپ قۇمۇلغا بارىدۇ.

(4) ئەنشى - كېرىيە لىنىيىسى: گەنسۇنىڭ ئەنشى ناھىيىسىدىن باشلىنىپ دۇنخۇاڭ لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، چارقىلىق، چەرچەننىڭ غەربىي ئارقىلىق كېرىيەگە تۇتۇشىدۇ.

(5) چارقىلىق — كورلا لىنىيىسى: چارقىلىقنىڭ شىمالىدىن باشلىنىپ كورلىغا تۇتىشىدۇ،

(6) غەربىي - شىمال چېگرا رايونى لىنىيىسى: ئىلىدىن چۆچەك، چېڭخۇاسى (ھازىرقى ئالتاي ناھىيىسى) ئارقىلىق تاشقى موڭغۇلىيىدىكى قوبدۇغا بارىدۇ.

(7) دىخۇا (ئۈرۈمچى) - ئۇلانگۇمو لىنىيىسى: ئۈرۈمچىدىن باشلىنىپ فۇكاڭدىن ئۆتكەندىن كېيىن شىمالغا بۇرۇلۇپ قوبدۇغا تۇتىشىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇلانگۇموغا بارىدۇ.

(8) جېنشى — كىرولىن لىنىيىسى: شىنجاڭ بارىكۆلدىن شىمالغا بۇرۇلۇپ چۆلنى كېسىپ ئۆتۈپ كىرولىن (تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ھازىرقى ئۇلانباتور شەھىرى) غا بارىدۇ.

(9) قاراشەھەر — ئىلى لىنىيىسى: قاراشەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىن باشلىنىپ تەڭرى تېغىدىن ئۆتۈپ، ئىلىغا بارىدۇ.

(10) ئىلى — خوتەن لىنىيىسى: ئىلىدىن باشلىنىپ، تەڭرى تېغىدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل خوتەنگە بارىدۇ.

(11) جېنشى - قەشقەر لىنىيىسى ۋە بۇ لىنىيىنىڭ تارمىقى: شىنجاڭ بارىكۆلدىن غەربىي - جەنۇبقا بۇرۇلۇپ پىچان، كورلىنى بېسىپ ئۆتۈپ قەشقەرگە تۇتاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، شىمالىي تەرىپى دۆلەت چېگرىسىغىچە بارىدۇ.

(12) لاسا - كېرىيە لىنىيىسى: لاسادىن باشلىنىپ شىمالدا كۇئېنلون تېغىدىن ئۆتۈپ كېرىيەگە بارىدۇ.

(13) لەنجۇ-چارقىلىق لىنىيىسى: لەنجۇدىن باشلىنىپ چىڭخەيدىكى گېرمۇدىن ئۆتىدۇ، ئاندىن شىمالدا كوئىنلون تېغىدىن ئۆتۈپ چارقىلىققا تۇتىشىدۇ.

(14) كېرىيە — گېردۇ لىنىيىسى: كېرىيىنىڭ غەربىي-جەنۇبىدىن باشلىنىپ دۆلەت چېگرىسىغىچە بارىدۇ.

سۇن جۇڭشەن يۇقىرىقى تۆمۈر يول لىنىيىلىرى ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن تەڭرى تېغىنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىدىكى چوڭ شەھەر-بازارلارنى تۇتاشتۇرۇپ، شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى قاتناش ئىشلىرىنىڭ قولايسىزلىقىنى ئۆزگەرتمەكچى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭنى مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ قەدىمىنى تېزلەتمەكچى بولغان. ئۇ ئارزۇ قىلغاندەك ئەگەر بۇ تۆمۈر يوللار قۇرۇلسا، ئۇ چاغدا ئۇرۇمچى نۇرغۇن تۆمۈر يول لىنىيىلىرىنىڭ تۈگۈنىگە ئايلىناتتى، بىۋاستە ئىلىدىن گۇاڭجۇغا، قەشقەردىن شاڭخەيگە بارغىلى بولاتتى.

سۇن جۇڭشەن يەنە، تۆمۈريول قۇرۇش مۇۋاپىق كەلمەيدىغان چەت ياقا جايلار توغرىسىدا: تاشيول، سۇ ترانسپورتى قاتارلىقلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، سۇ ترانسپورتى بىلەن قۇرۇقلۇق قاتنىشىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن غەربىي قىسمىنىڭ ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شەرقىي-جەنۇب دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ ئادەم، ماددىي ئەشيالىرىنى غەربىي-شىمالدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە توشۇپ كېلەلەيدىغان، غەربىي-شىمالدىكى ئۆلكىلەرنىڭ خام ئەشيالىرىنى زور مىقداردا ئىچكى ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ ئاپىرالايدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. بۇنداق قىلغاندا بىر-بىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلغىلى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ دەپ كۆرسەتتى.

سۇن جۇڭشەن، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ ئاھالىسى شالاڭ بولۇپ، ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىك ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ، شىنجاڭغا ئاھالە كۆچۈرۈش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: «جۇڭگونىڭ شەرقىي-جەنۇب ئاھالىسى ئىنتايىن زىچ، غەربىي-شىمالنىڭ ئاھالىسى بولسا شالاڭ»، شەرقىي-جەنۇبتىكى «ئاھالىسى زىچ ئۆلكە ۋە رايونلاردىكى ئىشسىز، سەرگەردانلار» ۋە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن قىسقارتىلغان (ئەسكەرلەر جۇڭگو ئەسكەرلىرى)، موڭغۇل رايونى، تەڭرى تېغى ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى لازىم»[17] بۇنداق قىلغاندا «چاڭجياڭ دەرياسى ۋە دېڭىز بويىدىكى ئاھالىنىڭ زىچلىقىنى كېمەيتكىلى بولىدۇ»، ھەمدە تۆمۈر يول قۇرۇش ۋە چېگرا رايونىنى ئېچىش جەريانىدىكى ئادەم يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئاھالە كۆچۈرۈش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، سۇن جۇڭشەن مۇنداق تەكلىپ بەرگەن: ئاھالە كۆچۈرۈش خىزمىتى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇشى، «سىستېمىلىق پىلان ئارقىلىق بۇ خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، كۆچمەنلەرگە

ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىگە ئىگە قىلىش لازىم.» كۆچمەنلەر پايدىلىنىدىغان «يەرلەرنى دۆلەت سېتىۋېلىشى ... دۆلەت ئۆز ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرنى جاكىزا قىلىپ قۇرۇپ، كۆچمەنلەرنىڭ تېرىشى ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجارىگە بېرىشى، ھەمدە دۆلەت كۆچمەنلەرنى دەسمايە. ئۇرۇق، سايمان، ئۆي-ئىمارەت بىلەن تەمىنلىشى، كۆچمەنلەر دىرى بويىچە، نەق پۇل تۆلىشى ياكى قەرزنى يىللارغا بۆلۈپ قايتۇرۇشى كېرەك.» كۆچمەنلەر رايونلىرىغا دۆلەت ئاپتونومىيە ئىمتىيازى بېرىشى، «ھەر بىر كۆچمەن مەشىق ئېلىپ بېرىشى، دېموكراتىك روھ بىلەن، ئۆز ئىشىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بويىچە، ئېلىپ بېرىشى لازىم⑱». سۇن جۇڭشەن يەنە ئامېرىكا، كانادا، ئاۋسترالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر كۆچمەنلەرنىڭ قالاق رايونلارنى ئېچىش جەريانىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك مىساللىرى ئارقىلىق، جۇڭگو ئەگەر كۆچمەنلەرنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە سېلىش ئۇسۇلى بويىچە چېگرا رايونلارنى ئاچسا، «ئۇنىڭ ئۈنۈمى تەڭداشسىز بولىدۇ» دەپ كۆرسەتتى⑲.

شىنجاڭ مول يەر بايلىقى بىلەن سۇ بايلىقىغا ئىگە بولۇپ، شىنجاڭغا ئاھالە كۆچۈرۈپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشى غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە، سۇن جۇڭشەن مۇنداق كۆرسەتكەن: شىنجاڭنىڭ كۆچمەنلەر ئارقىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش خىزمىتىدە تۆمۈر يول لىنىيىسىنى ئاساس قىلىش، پەيدىنپەي ئىككى ئەتراپقا كېڭەيتىش ۋە ئۇزارتىش كېرەك، بۇنداق قىلغاندا. تۆمۈر يول ترانسپورتىغا پايدىلىق بولىدۇ، شۇنداقلا يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردىمى بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ يەر بايلىقىنى «گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئۆلچەش» ئارقىلىق، «ئاق قالغان يەرلەرنىڭ قايسىلىرى تېرىقچىلىق قىلىشقا، قايسىلىرى چارۋا بېقىشقا، قايسىلىرى ئورمان ئەھيا قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقى، قايسى يەرلەردە كان ئېچىشقا بولىدىغانلىقى» نى بېكىتىپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن، ئەڭ مۇۋاپىق بولغان ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم⑳. بۇنىڭدىن سىرت يەنە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. شىنجاڭ ماتېرىك چۆللۈك ئىقلىمىغا مەنسۇپ بولۇپ، قۇرغاق ۋە يامغۇر-يېشىنى ئاز، كۆپ قىسىم بوستانلىقلار تېرىلغۇ يەرلەر سۇنئىي ئۇسۇلدا سۇغىرىلىدۇ. سۇ ئىنشائاتى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ جان تومۇرى.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ياخشى شارائىتىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن يەنە چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئەۋزەل شارائىتىغىمۇ ئىگە. سۇن جۇڭشەن مۇنداق كۆرسەتكەنىدى: جۇڭگونىڭ غەربىي-شىمال قىسمى ھەر يىلى چەت ئەلگە زور مىقداردىكى يۇڭ-تېرە قاتارلىقلارنى ئېكسپورت قىلىدۇ چەت ئەللەر بولسا يۇڭدىن ئىشلەنگەن تەييار مەھسۇلاتلارنى جۇڭگونىڭ ئۆزىگە ئېكسپورت قىلىپ ئارىدىن كۆپلەپ پايدا ئالىدۇ. خاتىرىلەرگە قارىغاندا: 1918-

يىلى جۇڭگونىڭ غەربىي-شىمال رايونى چەت ئەلگە 48 مىليون 724 مىڭ 560 فوند ستېرلىڭ قىممىتىدىكى، 1919-يىلى 42 مىليون 357 مىڭ 600 فوند ستېرلىڭ قىممىتىدىكى قوي يۇڭى ئېكسپورت قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىن قىلىنغان ئېكسپورت تەخمىنەن 1/3 قىسمىنى، گەنسۇنىڭ ئېكسپورتى تەخمىنەن 2/3 قىسمىنى ئىگىلىگەن. شىنجاڭ 600 مىڭ دانە، گەنسۇ 300 مىڭ دانە، موڭغۇلىيە 500 مىڭ دانە قوي تېرىسى ئېكسپورت قىلغان㉑. جۇڭگونىڭ غەربىي-شىمال رايونى چەت ئەلنى چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان رايونغا ئايلىنىپ قالغانىدى. سۇن جۇڭشەن، بۇنداق نامۇۋاپىق ئەھۋالنى چوقۇم ئۆزگەرتىش كېرەك، جۇڭگو «غەربىي-شىمال رايونىدا زاۋۇت قۇرۇپ، قوي يۇڭىدىن ئىشلىنىدىغان بارلىقماللارنى ئىشلەپچىقىرىشى لازىم، خام ئەشيا ۋە ئىشكار ئەرزەن، بازار كۆلىمى چەكسىزدۇر» جۇڭگو غەربىي-شىمال رايونىنى ئېچىمىزنىڭ چارۋىچىلىق ۋە يۇڭ تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ ئاساسىي بازىسىغا ئايلاندۇرۇپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت يارىتىشى لازىم، دەپ قارىدى.

كانچىلىق شىنجاڭنى ئېچىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىدۇر. سۇن جۇڭشەن «جۇڭگونىڭ ھايات-ماماتىنىڭ ئاچقۇچى سودا-سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا»، سودا-سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، «كانچىلىق سانائەتنىڭ ئاساسى... ئەگەر كانچىلىق بولمىسا، ماشىنىلارنى ياسىغىلى بولمايدۇ، ماشىنىلار بولمىسا، يېڭىچە زامان سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. قىسقىسى، كانچىلىق ماددىي مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك» دەپ قارىغان㉓.

شىنجاڭ گەرچە سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا زۆرۈر بولغان مول كان بايلىقىغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى جۇڭخۇا مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە، شىنجاڭنىڭ يېڭىچە زامان سانائىتى يەنىلا بىخ ھالىتىدە تۇراتتى، مەبلەغ، ئادەم كۈچى، قاتناش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قىيىنچىلىقلار ھەمدە ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقلار تۈپەيلىدىن، مىس كانى ئېچىش، ئالتۇن قېزىش تۆمۈر تاۋلاش، كۆمۈر قېزىش قاتارلىق بار-يوقى كانچىلىق تۈرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بەزىدە ئېچىلىپ بېرىلسا بەزىدە توختاپ قېلىپ، قىلچە ياخشىلانمىدى. كۆن-خۇرۇم يىپەك تارتىش، توقۇمىچىلىق قاتارلىقلارغا كەلسەك قول سانائىتى شەكلىدە ئىدى.

شىنجاڭ سانائىتىنىڭ قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، سۇن جۇڭشەن مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: كانچىلىقنى چوقۇم راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. «شىنجاڭنىڭ خوتەن رايونىدا قاشتېشى كانلىرى بولۇپ، قاشتېشى پۈتۈنلەي ئادەم كۈچى ئارقىلىق ئېلىنىدۇ.» «يېڭىچە زامان ماشىنىلىرىدىن پايدىلىنىش، ھەمدە ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدا بولۇش، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى»㉔. جۇڭگونىڭ مۇندىن

كېيىنكى بارلىق كانچىلىقى، مەسىلەن، ئالتۇن، مىس، قەلەي كانلىرى قاتارلىقلارنىڭ «ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكىلەردىن باشقىلىرىنى ئىجارىگە بېرىپ، شەخسلەر بىلەن توختام تۈزۈش چارىسى بويىچە بېجىرىشكە رۇخسەت قىلىش كېرەك»[25]. دۆلەت كانچىلىق كانچىلىق قانۇنى جاكالاپ كاپالەتلەندۈرۈشى، شىركەت، بانكا قاتارلىقلارمۇ مەبلەغ ئارقىلىق ياردەم بېرىشى لازىم. سۈن جۇڭشەننىڭ بۇنداق دۆلەت كاپىتالى ۋە شەخسىي كاپىتالنى ئىشلىتىپ ھەمكارلىشىپ كان ئېچىش ئۇسۇلى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىغىپ ئېيتقاندا، سۈن جۇڭشەننىڭ شىنجاڭنى ئېچىش توغرىسىدىكى پىلانى ئىنتايىن ئۇلۇغۋار پىلاندۇر. بۇ پىلاندا سۈن جۇڭشەننىڭ قىزغىن ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ۋە جۇڭگونى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار جاسارىتى گەۋدىلىنىپلا قالماستىن، شۇنداقلا جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ بالدۇراق قۇدرەت تېپىشىغا تەشنا بولۇشتەك كۈچلۈك ئارزۇسىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

3

سۈن جۇڭشەننىڭ شىنجاڭنى ئېچىش توغرىسىدىكى پىلانى چوڭقۇر تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

جۇڭگو تارىخىدا، نۇرغۇنلىغان ئىرادىلىك ۋەتەنپەرۋەرلەر شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى قوغداش ئۈچۈن، قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك كۆپلىگەن لايىھە ۋە تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاغلىق مۇتەپەككۇر گۇڭ زىجېن 1820 - يىلى غەربىي رايوندا ئۆلكە تەسىس قىلىش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان[26]؛ ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، لىن زېشۈ شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنغان مەزگىلىدە، ئاھالە كۆچۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىش ۋە غەربىي - شىمالنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ باش مۇپەتتىش زوزۇڭتاڭ جيايۈگۇەندىن لەشكەر تارتىپ چىقىپ، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقارغان، ھەمدە شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىپ قۇرغان. ئۇلار شىنجاڭنى قوغداش ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. تارىختىلا سۈن جۇڭشەن شىنجاڭنى ئېچىشنىڭ تېخىمۇ سىستېمىلىق، تېخىمۇ ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، شۈبھىسىزكى، ئالدىنقىلارنىڭ ئىدىيەۋى ھاسىلاتىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشىدۇر. بىز سۈن جۇڭشەننىڭ شىنجاڭنى ئېچىش توغرىسىدىكى پىلانىنى ئالدىنقىلارنىڭ شىنجاڭنى قوغداشتىن ئىبارەت لايىھىسىگە سېلىشتۇرساقلا، بۇ پىلان ۋە لايىھەلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىۋالالايمىز:

(1) مەقسەت ئوخشاش ئەمەس. ئالدىنقىلارنىڭ شىنجاڭنى قوغداش توغرىسىدىكى لايىھىسىدە ھەربىي ئىشلارغىلا ئەھمىيەت بېرىلگەن. مەسىلەن، خەن، تاڭ سۇلالىلىرى

ھۆكۈمەتلىرى غەربىي رايوندا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق ھونلار بىلەن تۈركلەرنى بويسۇندۇرغان، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جوڭغارلار ۋە خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتقان، بۇلارنىڭ ھەممىسى غەربىي شىمال چېگرا رايونىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلغان. سۈن جوڭشەننىڭ شىنجاڭنى ئېچىش توغرىسىدىكى پىلانىدا بولسا ئىقتىسادقا ئەھمىيەت بېرىلگەن، بۇنىڭدىكى مەقسەت شىنجاڭنىڭ نامرات ۋە قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش، دۆلەتنىڭ كۈچىنى ئۇلغايتىپ چەتنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۈنۈملۈك قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت.

(2) ئۇسۇل ئوخشاش ئەمەس. ئالدىنقىلارنىڭ شىنجاڭنى ئېچىشتىكى ئاساسىي ۋاستىسى ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، ئاھالە كۆچۈرۈپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ھەربىيلەرنى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش، شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش لىنىيىسىنى قوغداشتىن ئىبارەت بولسا، سۈن جوڭشەننىڭ شىنجاڭنى ئېچىش توغرىسىدىكى ئاساسىي ئۇسۇلى ئەينى ۋاقىتتىكى زامانىۋى ۋاستە بولغان چوڭ چوڭ تۆمۈر يوللار، يىرىك يېزا ئىگىلىكى، يىرىك سانائەت ئارقىلىق شىنجاڭنى ئۇنىۋېرسال ئىدارە قىلىپ، شىنجاڭنى مەملىكەتنىڭ باشقا رايونلىرى بىلەن بىللە يۈكسەلدۈرۈش، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئۇزاق دەۋرلەر داۋامىدا شەكىللەنگەن كەمبەغەل ۋە قالاق قىياپىتىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بولغان.

(3) نەتىجىسى ئوخشاش ئەمەس. ئۇزاق يىللار جەريانىدا، ھەرقايسى سۇلالىلار، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۆتكەن خاندانلىقلار ھەربىي ۋاستە ئارقىلىق غەربىي رايوننى ئىدارە قىلىپ كەلگەن، ئۇنىڭ نەتىجىسى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىغا ياكى يامانلىشىشىغا ئەگىشىپ چوڭايغان ياكى كىچىكلىگەن. C بەزىدە ئۈزۈلۈپ، بەزىدە داۋاملاشقان. بولۇپمۇ يېقىنقى زامان دەۋرىدە، ئەنگلىيە، روسىيەدىن ئىبارەت بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ شىنجاڭنى تالىشىشى كۈچەيدى. كونا شەكىلدىكى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنىڭ پاسسىپلىقى ۋە بىر تەرەپلىمىلىكى تېخىمۇ ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى، ھەتتا ھەممە ئىللەتلىرى بىرلا ۋاقىتتا پەيدا بولۇشقا باشلاپ، يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. سۈن جوڭشەننىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش پىلانىدا بولسا، تۆمۈر يول ياساش، كان ئېچىش، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى قۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق شىنجاڭنى تولۇق جەھەتتىن ئىدارە قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تارىخىي ۋە ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىرنەچچە جەھەتتىن بىز شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، سۈن جوڭشەننىڭ شىنجاڭنى ئېچىش توغرىسىدىكى پىلانى نىسبەتەن مۇۋاپىق بولۇپ، بۇ پىلاننى گۇڭ زىجېن، لىن زېشۇ، زوزوڭتاڭ قاتارلىق ئىرادىلىك ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ شىنجاڭنى قوغداش ئىدىيىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئالدىغا قاراپ چوڭ بىر قەدەم

تاشلىنىدىغانلىق. شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندە سۇن جۇڭشەننىڭ شىنجاڭنى ئېچىش توغرىسىدىكى ئۇلۇغۋار پىلانىنى تەتقىق قىلىشىمىز زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى سۇن جۇڭشەن ياشىغان دەۋرگە سېلىشتۇرغاندا، زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. شىنجاڭدا چىرىك فېئودالىق يانچىلىق تۈزۈمى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىدە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. خەلقنىڭ تۇرمۇشى دەسلەپكى قەدەمدە ياخشىلاندى. لېكىن، تارىختىكى سەۋەبلەر، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي شارائىت ۋە ئىقتىسادىي شارائىت جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى مەملىكەت بويىچە يەنىلا بىر قەدەر ئارقىدا قالغان بولۇپ، يەنىمۇ زور كۈچ بىلەن ئېچىش ۋە قۇرۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. سۇن جۇڭشەننىڭ شىنجاڭنى ئېچىش توغرىسىدىكى پىلانىدىن مۇنداق ئىلھام ئالىمىز:

مەسىلەن، سۇن جۇڭشەن زور كۆلەملىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، قاتناش-ترانسپورتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ: «قاتناش سودا - سانائەتنىڭ ئانىسى بولسا، تۆمۈريولمۇ قاتناشنىڭ ئانىسىدۇر» شۇڭا ئۇنى ئالدى بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك، دەپ كۆرسەتكەن. بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭنى ئېچىش جەريانىدا، قاتناش ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالماسلىقتەك زىددىيەتكە يەنىلا دۇچ كەلمەكتىمىز. قاتناشنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق جىددىي بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، ھازىر بار بولغان تۆمۈريول، تاشيول، ھاۋا ترانسپورتىنى ئۇنىۋېرسال ھالدا ئىقتىسادىي نۇقتىدىن تەھلىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئىككىنچىدىن، كەلگۈسىدە ياسىلىدىغان تۆمۈر يول، تاشيوللارنى ئىلمىي يوسۇندا ئالدىن مۆلچەرلەش ۋە پىلانلاش كېرەك. شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە دېڭىز بويى رايونلىرى بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ يىراق بولۇشى، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ بولسا بىر قەدەر يېقىن بولۇشى ھەمدە تەبىئىي شارائىت ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، سۇن جۇڭشەننىڭ تۆمۈر يولنى شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا تۆمۈر يولىغا تۇتاشتۇرۇپ، ئاسىيا - ياۋروپا خەلقئارا قاتناش لىنىيىسىنى ئېچىپ، دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن خەلقئارا كۈچلەرنىڭ ياردىمىنى ئېلىش ئارقىلىق جۇڭگونى گۈللەندۈرۈش تەسەۋۋۇرىنى ئىلمىي يوسۇندا قوبۇل قىلىش يەنىلا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. خۇشاللىنارلىق ئىش شۇكى، ئۈرۈمچىدىن غەربكە ئۇزارتىلغان قاتناش لىنىيىسى — شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ بىرىنچى قارار قۇرۇلۇشى جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا. بۇ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇشتا يېڭى تۆھپىلەرنى قوشقۇسى. يەنە ئالايلۇق، سۇن جۇڭشەن: ئىقتىسادىي جە-

ھەتتا ئارقىدا قالغان دۆلەت تېز تەرەققىي قىلالايدىغان بولىدىكەن، چوقۇم ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇشى كېرەك «ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەندىلا، ئاندىن قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ»، «ئومۇمەن جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشىمىز كېرەك، كاپىتالىمىز بولمىسا، چەت ئەلدىن كاپىتال كىرگۈزىمىز؛ ئىختىساسلىق خادىملىرىمىز بولمىسا، چەت ئەللىك ئىختىساس ئىگىلىرىدىن پايدىلىنىمىز؛ ئۇسۇلىمىز ياخشى بولمىسا، چەت ئەلنىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىمىز.» دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە ئىقتىسادتا ئارقىدا قالغان رايون بولۇپ، قۇرۇلۇش مەبلىغى، ئىختىساسلىق خادىملىرى كەمچىل، بۇ مەسىلە دۇنىدىن كېيىنكى خېلى گەۋدىلىك مەسىلىدۇر. بۇ بىر قاتار مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن «چەت ئەلدىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە بىرلەشتۈرۈش» نى يولغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. «چەت ئەلدىن كىرگۈزۈش» دېگەندە، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، دۆلەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى بېكىتىپ، دۆلەت دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىپ، دادىل كىرگۈزۈش، باراۋەرلىك ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا، چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىساد ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «ئىچكى بىرلەشتۈرۈش» دېگەندە، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان تۈرلۈك شەكىللەردىكى ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شىنجاڭ ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە كان بايلىقى جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى ۋە ئالاھىدە سىياسەتتىن پايدىلىنىپ، دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى رايونلارنىڭ مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختىساسلىق خادىملىرىنى شىنجاڭنىڭ ئېچىۋېتىش ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا جەلپ قىلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن شىنجاڭنى ئېچىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ پايدىلىق شارائىتلارنى ياراتقىلى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ قەدىمىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، سۇن جۇڭشەننىڭ شىنجاڭنى ئېچىش توغرىسىدىكى پىلانى ئۇلۇغۋار پىلان بولۇپ، چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەمما، كونا جۇڭگودا سۇن جۇڭشەننىڭ بۇ پىلانى (غايىسى) ئەمەلگە ئاشمىغانىدى، بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئۇ پۈتۈنلەي سۇن جۇڭشەننىڭ «خام خىيال» ى بولغانلىقىدا ئەمەس، ئەكسىچە ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەتنىڭ چىرىكلىشىپ، جەمئىيەتنىڭ قالايمىقانلىشىپ دۆلەتنىڭ پارچىلىنىپ كەتكەنلىكىدە. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 30 نەچچە يىل مابەينىدە، جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭنىڭ قالاق قىياپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى، سۇن جۇڭشەننىڭ غايىسىنىڭ بەزىلىرى رېئاللىققا ئايلاندى، بەزىلىرى رېئاللىققا ئايلانماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سۇن جۇڭشەننىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنىڭ سادىق ۋارىسى ۋە راۋاجلاندۇرغۇچىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىزاھاتلار:

① زېڭ ۋېنۋۇ «جۇڭگونىڭ غەربىي رايوننى ئىدارە قىلىش تارىخى» 623 - بەت، 1936 - يىل نەشرى

②⑮⑯ «سۇن جۇڭشەن تاللانما ئەسەرلىرى» (بىرىنچى توم) 18 - ،140 - 196 - بەتلەر، 156 - يىل نەشرى.

③ «سۇن جۇڭشەن ئەسەرلىرى توپلىمى» 1 - توم، 18 - بەت.

④⑤⑭ «نەنجىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخباراتى»، 51 - ،52 - 53، - 54 - نومۇرلۇق.

⑥⑦⑩⑪ «سۇن جۇڭشەن تاللانما ئەسەرلىرى»، (1 - توم) 281 -، 332 -، 1997 - بەتلەر

⑧ ياڭ زېڭشىن «سەۋەنلىككەردىن خاتىرىلەر»، 7 - جىلد، تاشقى ئالاقە توپلىمى.

⑨ «سۇن جۇڭشەن ئەسەرلىرى توپلىمى»، 2 - توم، 48 - ،428 - بەتلەر.

⑫ «سۇن جۇڭشەن ئەسەرلىرى توپلىمى»، 2 - توم، 2 - بەت، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1982 - يىل نەشرى.

⑯ «سۇن جۇڭشەن تاللانما ئەسەرلىرى» (1 -توم) 197- 316 - بەتلەر، «غەربىي شىمال تۆمۈريولى، مەركىزى تومۇريول كېڭەيتىلگەن غەربىي - شىمال تۆمۈر يولى، ۋە ئىنگىزلىكتىكى تۆمۈريول» غا قارالسۇن.

⑱⑲⑳㉑㉓㉔㉕㉖ «سۇن جۇڭشەن تاللانما ئەسەرلىرى» (1 - توم)، 194 -، 201 - ،202 - ،319 - 324 - 329 -، 333 - بەتلەر.

㉒ [روسىيە] گرامشو «جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى» ،97 - 99 ،119 -- 120 - بەتلەر، 1933 - يىل نەشرى

㉗ «گۇڭ زىچېن ئەسەرلىرى توپلىمى» (1 - توم)، 115 - بەت

㉘ جۇەن ئىمن «سۇن جۇڭشەننى تەتقىق قىلىش ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» 1985 - يىل، 3 - توم، 9 - بەت

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1987 - يىل 2 - سانىدىن

نىياز ئەھمەت تەرجىمىسى

---

(بېشى 66 - بەتتە)

«تاجىك» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى ئېنىقلاش زۆرۈر، چۈنكى ئۇ تاجىك مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ تارىخىي جەريانىنى يورۇتۇپ بېرىشتە بەلگىلىك رول ئوينىشى مۇمكىن، ئەمما، ئۇنى تاجىك مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ بوسۇغۇسى قىلىشقا بولمايدۇ. سەۋەب، «تاجىك» ئاتالغۇسى پەيدا بولغان كۈن، تاجىك مىللىتىنىڭ دۇنياغا كەلگەن كۈنى ئەمەس، شۇنداقلا تاجىك مىللىتى شەكىللەنگەن كۈنى «تاجىك» دېگەن بۇ نامنىڭ پەيدا بولغان كۈنىمۇ ئەمەس. بىر مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى بىلەن ئۇنىڭ نامى ئوتتۇرىسىدا ئۇ دەرىجىدە مەنتىقىلىق باغلىنىش بولمايدۇ. بىر مىللەت مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىدا خىلمۇ-خىل ناملار بىلەن ئاتىلىدىغانلىقىغا مىللەتشۇناسلىق تارىخىدا پاكىت ئاز ئەمەس، زۆرۈرىيەت تۈپەيلى، گېپىمىزنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىساق، «تاجىك» ئاتالغۇسىنىڭ شەكىللىنىشى، ئۇنىڭ ئەسلى ۋە ھازىرقى ئىستېمال مەنىسىنى ئېنىقلاش زۆرۈر، لېكىن ئۇنى تاجىك مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ تۈنجى قەدىمى قىلىشقا بولمايدۇ.

# ياڭ زېڭشىننىڭ بېكىنمىچىلىك ۋە خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا

چېن خۇيشېڭ

ياڭ زېڭشىن — شىنجاڭدا 17 يىل ھاكىمىيەت تۇتقان، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئەڭ ئۇزۇن ھۆكۈمرانلىق قىلغان تارىخىي شەخسنىڭ بىرى. ئۇ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە دۆلەت ۋە خەلققە پايدىلىق بولغان ئاز - تولا ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى چوڭ مەسىلىلەردە قوللانغان فاڭجېن - سىياسەتلىرى، تەدبىرلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە تۈپتىن پايدىسىز بولدى. ئۇ يۈرگۈزگەن بېكىنمىچىلىك ۋە خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلگىنىگە كۆپ يىللار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بېكىنمىچىلىك ۋە خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى تەھلىل قىلىش — بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا ساۋاق ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ.

## 1

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، بىر يۈرۈش بېكىنمىچىلىك سىياسىتىنى ئۇزۇنغىچە يۈرگۈزگەن. ئۇنىڭ بۇ سىياسەتلىرى ئەسلىدىن قالاقلىقتا قالغان شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىلگىرىلىكىنى تېخىمۇ ئارقىدا قالدۇرغان. بۇنىڭغا ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى سەۋەب بولغان. ئۇنىڭ بېكىنمىچىلىك سىياسىتى «لاۋزى تەلىماتى»دىن كەلگەن.

ياڭ زېڭشىن لاۋزىنىڭ «ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئەلنى ئىدارە قىلىش» تەلىماتىنى كۆچەپ تەرغىب قىلغان. ھەمدە: «ئەلنى ئىدارە قىلغۇچىلار، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئىدارە قىلىشى كېرەك، ئاۋام خەلقنى مەڭگۈ باردى - كەلدى قىلدۇرماسلىق كېرەك» دېگەن①. «كۆز - قۇلاقنى چىڭ ئېتىۋېلىش» — «ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئەلنى ئىدارە قىلىش» دېگەنلىكتۇر. بۇنداق «ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئەلنى ئىدارە قىلىش» ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى دۇنياغا نەزەر سالمايدىغان، گاس - قارىغۇلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن ئىبارەت. ئۇ

«كۆز ـ قۇلاقنى مەھكەم ئېتىۋېلىپ»، «گاس ـ قارىغۇ بولۇۋېلىش كېرەك» دېگەن. ئۇ مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن «سىرتنىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، يات كۆچلەرنى توسۇپ ئالغىلى بولىدۇ»[2] دەپ قارىغان. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، شىنجاڭدا «ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئەلنى ئىدارە قىلىش» سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش ــ شىنجاڭنى يوچۇقسىز پولات ئىستىھكام قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ياتلارنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىپ قالايمىقان قىلىشىغا تاقابىل تۇرۇش؛ ياتلارغا ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىق تەرەپلىرىمىزنى كۆرسىتىپ قويماسلىق؛ قىممەتلىك مال ـ دۇنيالارنى پۇختا ساقلاش، يوقىتىپ قويماسلىق؛ پايدىنى بەك قوغلىشىپ كەتمەسلىك، ئازىراق پايدىنى دەپ تالىشىپ ئولتۇرماسلىق، مال ـ دۇنيانى تېجەپ ئىشلىتىش؛ ھەرقانداق ئادەمگە دىيانەتلىك بولۇش، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتمەسلىك، ھەرقانداق ئىش قىلىشتا ئېھتىياتچان بولۇش، بالايى ـ ئاپەت تېرىشتىن ھەزەر ئەيلەش[3] دېگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ. ياڭ زېڭشىنىڭ دېگىنى بويىچە بولغاندا، شىنجاڭدا «ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئەلنى ئىدارە قىلىش» سىياسىتى يولغا قويۇلسا، جاھان ئەبەدىي تىنچ ـ ئامان بولارمىش. ئۇ يەنە «بىر ئادەم كۆز ـ قۇلىقىنى مەھكەم ئېتىۋالسا، كۆنى ئۆمۈر بويى تىنچلىقتا ئۆتىدۇ؛ يەر يۈزىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلسا، جاھان تىنچ بولىدۇ»[4] دەيدۇ.

«ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئەلنى ئىدارە قىلىش» ــ سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بىلەن قارىمۇ ـ قارشىدۇر. تارىخىي تەجرىبىلەر قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىدىكى، خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بېكىنمىچىلىك قىلماسلىق كېرەك. ياڭ زېڭشىن ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئەلنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويغان ئىكەن، ئەلۋەتتە سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە قارشى تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە: «سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئۆزى ـ ئوغرىنى ئۆيگە باشلاپ كىرگەن بىلەن باراۋەر»، ئىشىك ئېچىۋېتىلسە «ياتلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كىرىۋالىدۇ» ـ دە، ئۆزىنىڭ شىنجاڭنى «جەننەت» ـ كە ئايلاندۇرماقچى بولغان شېرىن چۈشى بەربات بولىدۇ. ياڭ زېڭشىن «كۆز ـ قۇلاقنى ئېتىۋېلىپ، ئەل چېگرىسىنى پۇختا قىلىش، ئازىراقمۇ يوچۇق قالدۇرماسلىق كېرەك» دەپ جار سالغان.[5] ئۇ «قوشنا دۆلەتلەر بىر ـ بىرىگە چېگرىداش بولۇپ، توخۇلىرىنىڭ چىللاشلىرى، ئىتلىرىنىڭ قاۋاشلىرى بىر ـ بىرىگە ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، ئادەملىرى مەڭگۈ بېرىش ـ كېلىش قىلمىسا، قوشنا دۆلەتلەر ئاندىن ئۆزئارا ئىناق، تىنچ ئۆتىدۇ. ئۆزئارا باردى ـ كەلدى قىلغاندىن كېيىنلا ئوتتۇرىدا دەرھال رىقابەت پەيدا بولىدۇ. سىرت بىلەن ئالاقە بولمىسا، سىرتتىن بالايى ـ ئاپەتمۇ تەگمەيدۇ»، «بىر دۆلەت شۇنداق قىلسا، بىر دۆلەتتە تىنچلىق بولىدۇ، ھەممە دۆلەتلەر شۇنداق قىلسا جاھان تىنچ بولىدۇ»[6] دەپ قارىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە بولغاندا، ئەگەر دۆلەتلەر ئۆزئارا باردى ـ كەلدى قىلىپ، تاشقى ئالاقە باغلىسا، «سۈيىقەستچىلەرگە يول ئېچىلىدۇ، ئۇلار خۇددى چاشقان سېپىلنى تېشىپ ئۆتكەندەك، چۈمۈلە ئۇۋا كولىغاندەك، قۇمغا سۇ سىڭگەندەك،

ئۆيگە بوران كىرگەندەك شىنجاڭغا كىرىۋالىدۇ. يوچۇق بولمىغان ياخشى، ئەگەر ئازراق يوچۇق بولسىلا ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كىرىۋالىدۇ. مانا بۇ ئىشىكنى تاقىۋېلىشنىڭ سەۋەبلىرىدۇر.»⑦ شۇڭا ياڭ زېڭشىن ئىشىكنى تاقىۋېلىپ، ئەلنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزمىسە، كۆڭلى ئەمىن تاپماي خۇددى ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەندەك ھېس قىلغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئوغرىنى ئۆيۈڭگە باشلاپ كىرسەڭ، ئۆيۈڭ جەزمەن خانى - ۋەيران بولىدىغانلىقىنى، مېھماننى ئۆيۈڭگە باشلاپ كىرسەڭ ساھىپخانغا جاپا سېلىپ قويىدىغانلىقىنى ئويلىشىڭ كېرەك».⑧ ئۇ يەنە: «قۇدرەت تېپىشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشى ئىگىلىك ھوقۇقىنى قولىدا مەھكەم تۇتىدۇ، ئەگەر ئىشىكنى تاقىماي چېگرىنى مۇستەھكەملىمەي، ئەكسىنچە ياتلارنى ياندا ياتقۇزساق خانىمىزنى ئاياق - ئاستى قىلىپ، ھۇجرىمىزغا باستۇرۇپ كىرىدۇ، ئۆزى بەگ ئۆزى خان بولىۋالىدۇ. شېئىرنامىدا: ئۆلمىگەن بولسىمۇ ئۆلگەنگە ئوخشاش، دېيىلگەن. ياتلار ئۆيۈڭگە خالىغانچە بىمالال كىرىپ - چىقىپ يۈرسە، شۇ ئۆيدىكى ئادەملەر گەرچە ھايات بولسىمۇ ئۆلگەن بىلەن باراۋەر بولىدۇ، ياتلار خوجايىن بولىۋالسا ئۆي ئىگىسى ھالاك بولىدۇ.»⑨ دەپ ھېسابلىغان. دېمەك، ئەگەر شىنجاڭدا ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئەلنى ئىدارە قىلىش سىياسىتى يۈرگۈزۈلمىسە، ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭنى «جەننەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش» غايىسى بەربات بولۇپ، «چېگرا رايوننىڭ پادىشاھى بولالمايدىكەن. تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە ئۇقتۇردىكى، شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي تاپقۇزۇشتا ئۆز كۈچىگە تايانمىسا بولمايدۇ، يىراق دۇنيادىن، دۆلىتىمىز بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇۋاتقان ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىدىن ئايرىلسىمۇ بولمايدۇ. ئېلىمىز تارىخىدا ئىشىكنى تاقىۋېلىش سىياسىتى دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي تېپىشىغا زور ئاچچىق ساۋاقلارنى كەلتۈرگەن ئىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «جۇڭگونىڭ تارىخىدا ئۇزۇن مەزگىل توختاپ قېلىش ۋە قالاق ھالەتتە قېلىشىدىكى بىر مۇھىم سەۋەب — بېكىنمىچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت. تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنيادىن ئايرىلالمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.⑩ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ چىقارغان بۇ يەكۈنى گەرچە پۈتۈن جۇڭگو تارىخىنى نەزەردە تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭدا 17 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان تارىخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇرۇنقى ئاچچىق ساۋاقلارنى كېيىنكى ئىشلارغا ئىبرەت قىلىش كېرەك. روشەنكى «مەڭگۈ باردى - كەلدى قىلماسلىق» تەك بېكىنمىچىلىك سىياسەت شىنجاڭنى ئىقتىسادىي قالاق بولۇشتەك ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ.

«ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئەلنى ئىدارە قىلىش» نىڭ يادروسى «ئاھالىسى ئاز كىچىك دۆلەتنى بىمالال ئىدارە قىلىش» دىن ئىبارەت. ئاتالمىش «ئاھالىسى ئاز كىچىك دۆلەت بولۇش» لاۋزى ئىدىيىسىنىڭ تەشكىلىي قىسمى بولۇپ، ياڭ زېڭشىن لاۋزى-

نىڭ «ئاھالىسى ئاز كىچىك دۆلەت بولۇش» دېگەن ئىدىيىسىگە ئاساسەن «دۆلەت چوڭ، خەلق كۆپ بولسا، ئىدارە قىلماق تەس بولىدۇ، دۆلەت كىچىك، خەلق ئاز بولسا، ئىدارە قىلىش ئاسان بولىدۇ» دېگەن تەشەببۇسنى ھەدەپ تەرغىپ قىلغان. چۈنكى بۇ تەشەببۇس ئۆزىنىڭ يولغا قويغان بېكىنمىچىلىك سىياسىتى بىلەن بىردەك ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، لاۋزىنىڭ «ئاھالىسى ئاز كىچىك دۆلەت بولۇش دېگىنى، ئىشىكنى تاقىۋې-لىپ ئەلنى ئىدارە قىلىش دېگەنلىكىدىن ئىبارەت، دۆلەت كىچىك، خەلق ئاز بولسىمۇ يەنىلا ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئەلنى ئىدارە قىلىش زۆرۈر».[11] ئۇ: «لاۋزى ئاھالىسى ئاز، كىچىك دۆلەت بولۇش دېگەن سۆزنى ئەسلى قەدىمكى تۈزۈمنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى جاھاننى قۇتقۇزۇپ قېلىش رولىغىمۇ ئىگە، بىلمەنكى، نەچچە يۈز ئەسىردىن كېيىن مۇشۇ ئەقىدە بويىچە ئىش كۆرىدىغانلار يەنىلا چىقىدۇ»، «دۆلەتنى كىچىكلىتىپ ئاھالىسىنى ئازايتقاندا قالايمىقانچىلىق ئۆزلىكىدىن يېتىقىدۇ.»[12] دېگەن. شۇڭا ياڭ زېڭشىن چوڭ دۆلەتلەرنى بىر قانچە كىچىك دۆلەتلەر قىلىپ ئايى-رىشنى تەشەببۇس قىلغان. شۇنداق قىلغاندىلا «جاھان تىنچ بولىدۇ» دەپ قارىغان. ياڭ زېڭشىن «لاۋزىنىڭ ئاھالىسى ئاز كىچىك دۆلەت بولۇش دېگەن سۆزى، دۆلەت چوڭ، خەلق كۆپ بولسا ئىدارە قىلىش تەس بولىدۇ، دۆلەت كىچىك، خەلق ئاز بولسا ئىدارە قىلىش ئاسانغا توختايدۇ دېگەن ئۇقۇمنى بېرىدۇ»، «چوڭ دۆلەتلەرنى بىر قانچە كىچىك دۆلەت قىلىپ پارچىلىغاندا، جاھاننىڭ تىنچلىقىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ»[13]، «كۆنلەرنىڭ بىرىدە جاھاندا چوڭ دانىشمەندىن بىرى مەيدانغا چىقىپ، پۈتۈن يەر شارىنى بىرلىككە كەلتۈرەلەيدۇ. بەش چوڭ قىتئەدىكى چوڭ دۆلەتلەرنى نۇرغۇن كىچىك دۆلەت قىلىپ ئايرىغاندا، پۈتۈن جاھان تىنچ بولىدۇ، ئۇ چاغدا گەرچە لەشكەرلەر بولسىمۇ ئىشلىتىدىغانغا ئورۇن چىقمايدۇ»[14] دېگەن. ياڭ زېڭشىننىڭ بۇنداق كۆز قارىشى بويىچە بولغاندا «دۆلەت كىچىك، خەلق ئاز بولسا، قالايمىقان-چىلىق، ئۆزلىكىدىن يېتىقىپ قالىدۇ»، «دۆلەت كىچىك بولسا خەلقلەردە يامان غەرەز بولمايدۇ»[15]. مۇشۇنداق بولغاندا، جاھان ئاندىن تىنچ بولارمىش. ئۇنىڭ چىقارغان يەكۈنى: «دۆلەت چوڭ بولسا ئىدارە قىلماق تەس بولىدۇ، دۆلەت كىچىك، خەلق ئاز بولسا ئىدارە قىلىش ئاسان بولىدۇ»[16] دېگەندىن ئىبارەت.

چوڭ دۆلەتلەرنى كىچىك دۆلەتلەرگە پارچىلاش - بۇ ئەمەلىيەتتە فېئودال بۆلۈنمە سىياسىتىنىڭ كۆچۈرمىسىدىن ئىبارەتتۇر. ياڭ زېڭشىننىڭ بۇنى تەرغىپ قىلىشتىكى مەقسىتى ئېچىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭنى ئۆزى مۇستەقىل سورايدىغان «مۇستەقىل پادى-شاھلىق دۆلىتىگە» ئايلاندۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت، خالاس.

ياڭ زېڭشىن «ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئەلنى ئىدارە قىلىش» ئىدىيىسىنىڭ قوماندان-لىقىدا، چوڭ ماشىنىلار ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشقا، زامانىۋىلىشىشقا قارشى تۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ «ئاھالىسى ئاز كىچىك دۆلەت بولۇش» نى تەرغىپ قىلىشتىكى

نىيىتى، شىنجاڭنى ئۆز - ئۆزىدىلا تەمىنلەيدىغان جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. چۈنكى «ئاھالىسى ئاز كىچىك دۆلەت» بولۇش «قول سانائەت تەلىماتى» بىلەن زىچ باغلانغان. ئۇ: «دۆلەت كىچىك، خەلق ئاز بولسا ھېچقانچە ماشىنا - سايمان، قورال - جابدۇقلار كېرەك بولمايدۇ، بىر ماشىنا ئون ھەتتا 100 ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ماشىنا - ئىستانوك قانچىكى ئىلغار بولسا، ئادەم شۇنچە دۆتلىشىپ كېتىدۇ، ماشىنا - ئىستانوك قانچىكى كۈچلۈك بولسا، ئادەملەر شۇنچە ھورۇنلىشىپ كېتىدۇ. ماشىنا - ئىستانوك ئىشلىتىلسە، ئادەم بىكار قالىدۇ، ئىشلىتىلمىسە ئادەم ئۆزى ئىشلەيدۇ، جۇڭگىزى: قورال - سايمىنى بارلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى يوق بولىدۇ، ئىشى بارلارنىڭ يامان غەرەزى يوق بولىدۇ، مەن قورال - سايمانلارنى ئىشلىتىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن ئىشلىتىشنى خالىمايمەن دېگەن ئىدى. لېكىن بۈگۈنكى قورال - سايمانلار تەلىماتىنى قەدىمكى زاماندىكى ئەۋلىيالارمۇ ئاللىقاچان بىلگەن، ئۇ چاغدا گەرچە بۇ قورال - سايمانلار بار بولسىمۇ ئۇنى ئانچە ئەتىۋارلىمىغان ھەم ئىشلەتمىگەن. بىر دۆلەتتە گەرچە چوڭ ماشىنا زاۋۇتلىرى، ياساش زاۋۇتلىرىدىن بىر قانچىسى بولسىمۇ ئەگەر قول سانائەت كونسېرى راۋاج تاپسىلا، ھەممە ئادەم ئۆز كەسپىگە پىششىق بولىدۇ، ھەممە ئادەم ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشايدۇ، نەتىجىدە دۆلەت كىچىك بولسىمۇ چوڭ دۆلەتلەرگە ئوخشاش قۇدرەت تاپىدۇ، خەلقى ئاز بولسىمۇ خەلقى كۆپ دۆلەتلەرگە ئوخشاش بولىدۇ»⑰ دېگەن. دۇنيا تارىخى بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، چوڭ ماشىنىلار بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارسا مۇقەررەر ھالدا كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا باردى - كەلدى مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بېكىنمىچىلىك ۋە ئۆزىنى - ئۆزى قامداشنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ئىگىلەيدۇ. بۇ نۇقتىنى ماركس، ئېنگېلسلار يۈز يىلنىڭ ئالدىدىلا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى. كاپىتالىزم بازارلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزئارا باردى - كەلدى قىلىشى ۋە تايىنىشى تەدرىجىي ئەسلىدىكى ئىشكىنى تاقىۋېلىپ ئەلنى ئىدارە قىلىش ۋە ئۆز - ئۆزىنى قامداش ھالىتىنىڭ ئورنىنى ئالدى، بۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى. ياڭ زېڭشىننىڭ چوڭ ماشىنىلار بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشقا قارشى تۇرۇشى — كاپىتالىزم سانائىتى زامانىۋىلىشىپ، ئۆزىنىڭ «ئاھالىسى ئاز كىچىك دۆلىتى» بىلەن «بېكىنمىچىلىك» سىياسىتىنىڭ قورغىنىنى بۇزۇپ تاشلىۋېتىشتىن قاتتىق قورققانلىقىدىن ئىدى.

يۇقىرىقىلاردىن ياڭ زېڭشىننىڭ «ئاھالىسى ئاز كىچىك دۆلەت بولۇش» دېگىنىنىڭ تۈپ ماھىيىتى «قول - ھۈنەرۋەنچىلىك تەلىماتى» نى «ماشىنا تەلىماتى» نىڭ ئورنىغا دەسسىتىش، قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرىنى چوڭ ماشىنىلار ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاتالمىش «ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش» دېگىنى پەقەت بەزىبىر قول

ھۈنەرۋەنچىلىك شەكلىدىكى كىچىك كارخانىلارنى قۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇ شىنجاڭدا چوڭ سانائەتنى بەرپا قىلىپ، سانائەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ قالاق ئىقتىسادىي ھالىتىنى ئۆزگەرتىشنى ئويلاپمۇ باقمىغان. ئەينى ۋاقىتتا، شىنجاڭدا چوڭ ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا، مەبلەغ ۋە تېخنىك خادىملار كەمچىل بولۇشتەك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتىن سىرت يەنە ياڭ زېڭشىننىڭ بېكىنمىچىلىك سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشمۇ زۆرۈر ئىدى. كونا جۇڭگونىڭ ياۋروپادىن كۆپ ئارقىدا قېلىشى «سانائەت ئىنقىلابى» ئېلىپ بارمىغانلىقتىن بولغان، بۇنىڭدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بېكىنمىچىلىك سىياسىتىدۇر.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا چوڭ ماشىنىلار ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇپ، زامانىۋىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلمايتتى. ئۇ بۇنداق قىلغاندا «باي - كەمبەغەللىك پەرقى چوڭىيىپ» سىنىپلار پارچىلىنىش ئەھۋالى كېلىپ چىقىپ، نەتىجىدە «ئىش تاشلاش» ياكى «ئىنقىلاب» دولقۇنلىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزىنىڭ مىلىتارىست ھۆكۈمرانلىقى تەھدىتكە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يازغان «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرە» سىدە: «ھەر خىل قورال - سايمانلار بولسىمۇ ئىشلەتمەسلىك كېرەك، قورال سايمانلار دېگىنىمىز بۈگۈنكى زاۋۇتلاردا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ ماشىنىلار، زاۋۇتنىڭ پايدىسىنى پۈتۈنلەي چوڭ كاپىتالىستلار مونوپول قىلىۋالدى، باي - كەمبەغەللىك ۋە سىنىپىي پەرق كۈنسېرى چوڭايدى، شۇ سەۋەبتىن ئىشچىلار ئىش تاشلاپ، مېھنەتكەشلەر ئىنقىلاب قىلدى. ماشىنىلارنىڭ پايدىسىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، زىيىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، شۇڭلاشقا گەرچە ماشىنا بار بولسىمۇ ئۇنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشنىڭ بىردىن - بىر ئامالى شۇكى، نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئورتاق ئىشلىتىدىغان كىچىك ماشىنىلارنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىش كېرەك. بىر ئادەم بىر ماشىنىنى ئىشلەتسە ئۆزىنى بىر ئۆمۈر باقالايدۇ، بىر ئائىلە بىر ماشىنىنى ئىشلەتسە بىر ئائىلىنى باقالايدۇ، شۇنداق بولغاندا، باي - كەمبەغەللىك ۋە سىنىپىي پەرق ئاستا - ئاستا تۈگەيدۇ، سوتسىيالىزمنىڭ تارقىلىشىنى ئۇنىڭ بىخ ھالىتىدىلا ئۈجۈقتۇرغىلى بولىدۇ»⑱ دەپ يازغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن، «ئاھالىسى ئاز، كىچىك دۆلەت بولۇش» دېگەننىڭ ماھىيىتى رادىكال پەلسەپە، قەدىمكىنى تىرىلدۈرىدىغان پەلسەپە، ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى — كونىلىقنى ساقلاپ، كونىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئالغا باسماي بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ۋە ھازىرقى ھالەتنى ساقلاپ، ئىلگىرىلەشكە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. «دۆلىتى كىچىك، خەلقى ئاز بولۇش» دېگەن كۆز قاراشتىكىلەر دۇنيادىكى ئىلغار نەرسىلەرنى ئۆگىنىشنى خالىمايلا قالماستىن ھەتتا دۇنيادىكى ئىلغار تېخنىكىلارغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدۇ ھەمدە ئۇنى چەتكە قاقىدۇ. ياڭ زېڭشىن لاۋزىنىڭ: «بىرىنچىدىن مېھرىبان بولۇش، ئىككىنچىدىن ئىقتىسادچان بولۇش، ئۈچىنچىدىن باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەسلىك

كېرەك» دېگەن ئىدىيىسىگە ئاساسەن[19] «ئالغا ئىنتىلمەيدىغان»، مۇتەئەسسىپ پاكىجىننى قوللانغان ۋە ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلمىشتا «باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەسلىك كېرەك» دېگەننى تەشەببۇس قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە بولغاندا، «ھەممە ئىشتا باش-قىلاردىن ئۈستۈن تۇرسا» ۋە «ھەممە ئىشتا باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈشنى ئويلىمىسا» مۇقەررەر ھالدا «زىيىن تارتىش»، «شەھەر تارتىش» تەك ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ-دە، ئەڭ ئاخىرىدا «ھەممىلا جايدا ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك» ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ. ياڭ زېڭ-شىن: «چوڭ نەپ ئالىمەن دېسەڭ، چوڭ زىيانغا ئۇچرايسەن، چوڭ شۆھرەت قازىنىمەن دېسەڭ، قاتتىق ھاقارەتكە قالىسەن، شۇڭا ھەممە ئىشتا سەردار بولغان كىشى خۇددى ئېگىز چوققىغا چىقىپ قالغاندەك ئىنتايىن خەتەردە قالىدۇ، ئومۇمەن بالدۇر چىققان دەرەخ بىخى ئەڭ بۇرۇن ئۈششۈپ قالىدۇ، سىرتقى كېيىم ئاسانلا كىر بولۇپ، بالدۇر تاشلىنىدۇ»[20] دېگەن. بۇنىڭ يەكۈنى ھەممە ئادەم «ئىشنىڭ ئالدىدا ماڭماسلىق كې-رەك» دېيىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ «باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەسلىك كېرەك» دېگەن نەزەرىيىسى بويىچە ئىش كۆرگەندە، ئادەملەر «يۇقىرىغا ئۆرلىمەي بولۇشىدۇ»، دۆلەت قۇدرەت تاپمايدۇ بولىدۇ، دېگەنلىكتىن ئىبارەت. بۇنداق «باشقىلارنىڭ ئار-قىدا قېلىشقا رازى بولۇش» كۆز قارىشى شىنجاڭ ئىگىلىكىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت قالاق-لىقتا قېلىشىدىكى توپ يىلتىزىدۇر. يېقىنقى زامان تارىخىي تەجرىبىلىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، بېكىنمىچىلىك سىياسىتى يۈرگۈزۈلسە ھامان باشقىلارنىڭ ئارقىدا قېلىپ، تارىخ تەرىپىدىن شاللىنىپ تاشلىنىدۇ. ياڭ زېڭشىننىڭ «جاھاننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ماڭ-ماسلىق» ئىدىيىسى بېكىنمىچىلىك سىياسىتىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى. ئەگەر بۇ خىل بېكىنمىچىلىك سىياسىتى «تارىخ تەرىپىدىن شاللاپ تاشلانمىسا» شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتىدە مەڭگۈ يېڭى ۋەزىيەت ياراتقىلى بولمايدۇ.

ياڭ زېڭشىن، ماشىنىلارنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ، لېكىن زور تۈركۈملەپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ئەگەر ماشىنا ئىشلەپچىقىرىشىدا زور تەرەققىياتلار كۆرۈلسە، دۆلەتنى «ئىدارە قىلىش تەس» بولۇپلا قالماستىن، پۇقرالارنى «باشقۇرۇشمۇ قىيىن» بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاب پارتلايدۇ دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاتالمىش «ئاشلىق-لارنى ھەددىدىن زىيادە يەپ كەتمەسلىك، ياغاچ ماتېرىياللارنى ھەددىدىن زىيادە ئىش-لىتىۋەتمەسلىك كېرەك» دېگەن بۇ سۆز روشەنكى بىر خىل ئۆز-ئۆزىنى قامداش، ئۆز-ئۆزىدىن قانائەتلىنىش كۆز قارىشىدۇر. ئۇ: «لاۋزى ئېيتقانىكى، ھەممە ئادەم بەس-بەس بىلەن بېرىنچى بولۇشنى تالاشسا، مەن ئۆزەم يالغۇز باشقىلارنىڭ ئارقىدا قېلىشنى خالايمەن» دېگەن[21]. ياڭ زېڭشىن لاۋزىنىڭ بۇ ئىدىيىسى بويىچە شىنجاڭنى ئىدارە قىلغانلىقتىن شىنجاڭنىڭ سانائەت-قاتناش ئىشلىرى ئەلۋەتتە ھېچقانداق تەرەققىياتلارغا ئېرىشەلمىگەن.

## 2

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە، لاۋزى پەلسەپەسىنى ئىزچىل تۈردە يۈرگۈزۈپ كەلگەن ھەمدە لاۋزىنىڭ «ئاقىللارنى ھۆرمەتلىمەي نادانلارنى ھۆرمەتلەش» دېگەن نەزەرىيىسى بويىچە ئىش ئېلىپ بارغان. شۇڭا ئۇ شىنجاڭدا «لاۋزىنىڭ نادانلارنى ھۆرمەت قىلىش» نەزەرىيىسىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، مەدەنىي-مائارىپ سىياسەتلەرنى بەلگىلىگەن. ئۇ شىنجاڭدا خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكتىن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى ئۇزۇنغىچە راۋاج تاپالماي بىر ئىزدا توختاپ قالغان. شۇڭا مىنگو دەۋرىدىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپىنى تەتقىق قىلغاندا، ياڭ زېڭشىننىڭ خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتى ئۈستىدە توختالماي بولمايدۇ.

ياڭ زېڭشىن نېمە ئۈچۈن شىنجاڭدا خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزىدۇ؟ بۇنىڭغا ئۆزى يازغان ئەسەرلىرىدىن نەزەرىيىۋى ئاساس تاپقىلى بولىدۇ. ئۇ شىنجاڭنى «نادانلىق، جاھالەت ئىچىدە قالغان دۇنيا» غا ئايلاندۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوزغىلىپ ئىنقىلاب قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان.

خەلق ئۇزۇن مۇددەت نادانلىق ھالىتىدە ياشىسا، ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندە بىرقانچە مەسىلىلەر ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى «خەت تونۇمايدىغان، نەسىرىنامىلارنى ئوقۇمايدىغان»، «بىكار تەلەپ، ئويۇن-تاماشىنىلا بىلىدىغان»، «ھاماقەت خەلق» كە ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى «بىمالال ئىدارە قىلىش» نى ئىشقا ئاشۇرۇش ياڭ زېڭشىننىڭ خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسىدۇر.

ئۇ لاۋزىنىڭ «قەدىمكى زاماندا ئەلنى ئىدارە قىلغۇچىلار خەلقنى ئەقىللىق قىلىپ تەربىيىلىمەستىن نادان قىلىپ تەربىيىلەيتتى» دېگەن سەپسەتىسىگە ئاساسەن «ئاقىللارنى ھۆرمەتلىمەي، نادانلارنى ھۆرمەتلەش» نى تەشەببۇس قىلغان.[22] شۇڭا ئۇ «ئاقىللارنى ھۆرمەتلىمىسە، خەلق تىنچ بولىدۇ»[23] دېگەن سەپسەتىنى زېرىكمەي تەشۋىق قىلدى. ياڭ زېڭشىن «ئەقىللىق كىشى ئەتىۋارلانمايدۇ، نادان كىشى ھۆرمەتلىنىدۇ، ئومۇمەن ھەممە ئادەم بەك زېرەك، بىلىملىك بولۇپ كەتسە، يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرىدۇ»[24] دېگەن. ياڭ زېڭشىن لاۋزىنىڭ «دۆلەتنىڭ سىياسىتى مۇجمەل بولسا، خەلقلىرى ساددا-يۇۋاش بولىدۇ» دېگەن ئىدىيىسىگە ئاساسەن ئەلنى ئىدارە قىلغانىدىلا «جاھاننى بىمالال ئىدارە قىلغىلى بولىدۇ» دەپ ھېسابلىغان. ئۇ «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار خاتىرىسى» دە لاۋزىنىڭ «دانىشمەنلەرنى تۈگىتىپ، بىلىم-

لىكلەرنى چەتكە قېقىش» دېگەن تەلىماتىنى قايتا-قايتىلاپ كۆككە كۆتەرگەن. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت «خەلقنى نادانلىقتا قايتۇرۇش» تىن ئىبارەت.[25] ئاتالمىش «ساددا-يوۋاش» دېگىنى، ياڭ زېڭشىننىڭ ئىزاھات بېرىشىچە بولغاندا «خەلقلەرنى ھېچنېمە بىلمەيدىغان نادانلارغا ئايلاندۇرۇش» تىن ئىبارەت. ئۇ «دانىشمەنلەرنى تۈگىتىپ بىلىملىكلەرنى چەتكە قاقسا پۇقرالار يۈز ھەسسىلەپ پايدا كۆرىدۇ، يۇقىرىغا ئۆرلەشنى خالايدىغان ئادەم ئەقىلگە تايانمايدۇ»[26]، «دۇنيادىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى يوۋاش-ساددا بولسا، ئەلنى ياخشى ئىدارە قىلغىلى بولىدۇ»[27] دېگەن. ياڭ زېڭشىن گەرچە لاۋزىنىڭ «بىلىمسىز بولسا غەمدىن خالى بولىدۇ» دېگەن تەلىماتىنىڭ ناتوغرا تەرىپىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا شۇ كۆز قاراشتا چىڭ تۇرۇپ كەلگەن. ئۇ «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاق ئېلىپ لاۋزى تەلىماتىنى ئوقۇش خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «بىلىمسىز بولسا غەمدىن خالى بولالايدۇ، يەنى كىشىلەر ئەقىل-پاراسەتكە ئەمەس بەلكى نادان ساددىلىققا تايىنىشى كېرەك دېگەن مەنىدە، بۇ ئەلنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتى بىلەن ئوخشاش. ئۆگىنىش قىلىنمىسا، بىلىمى ئاز ۋە ناھايىتى ئاددىي بولىدۇ، دۇنيادا غەم قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ شېرىئەردىنادە دە: بىلىمسىزنىڭ كۆڭلى شات» دېگەن[28]. نادانلىق دېگەن مانا شۇ. ياڭ زېڭشىن خەلقلەرنى نادان ۋە بىلىمسىز قالدۇرۇشتا «خەلقلەرنى تېخىمۇ ئاسان تىزگىنلەشنى» لا مەقسەت قىلغانىدى. دېمەك ئۇنىڭ «كىشىلەرنى نادانلاشتۇرۇش» تىكى مەقسىتى دەل مۇشۇ. ياڭ زېڭشىن: «مېنىڭ يۇرتۇمدىكى نادانلار يۇرتىكى، پۇقرالار ناھايىتى ئەقىللىق، پەقەت مەنىلا ئەقىلسىز، ئاۋام خەلقلەر سەزگۈر بولسىمۇ پەقەت مەنىلا نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرەلمەيمەن، شۇڭا مېنىڭ يۇرتۇم نادانلار يۇرتىدۇر. نادان-ساددىلارنى يەنىزى ئەخمەق دېسە، كۆڭزى بىلىمسىزلەر دېيدۇ» دېگەن[29].

بۇلاردىن بىز ياڭ زېڭشىننىڭ «نادانلار ئەزىز بولۇر» دېگەن ئىدىيىسىنىڭ قوماندانلىق قىلىشى شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىي قىلالمىغانلىقىدىكى تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇنىڭ قارىشىچە بولغاندا، شىنجاڭنىڭ مائارىپى تەرەققىي قىلمىسىلا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلەرنى دۆت-ھاماقەت «يىراق قەدىمكى دەۋىر خەلقلىرى» دىن قىلىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ «خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش» مەقسىدىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خاتىرجەم ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزەلەيدىكەن. ياڭ زېڭشىن: جاھاندىكى ئوغرى-بۇلاڭچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئاز ساندىكىسىنى نادانلار قىلغان بولسا، كۆپىنچىسىنى ئەقىللىقلار قىلغان»[30]، «شۇڭلاشقا جاھاندىكى زور نادانلىق ئەقىللىقنى يېڭەلەيدۇ»[31] دېگەن.

ئىككىنچى، ياڭ زېڭشىن لاۋزىنىڭ «پۇقرالارنى ئىدارە قىلىش تەس بولۇشى بىلىملىكلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن» دېگەن نەزەرىيىۋى ئاساسىغا ئاساسەن «بىلىم

ئارقىلىق ئەلنى ئىدارە قىلىش» دېگەن نەشەبىبۇسقا قارشى تۇرغان. ئۇ «خەلقنى ئىدارە قىلىشنىڭ تەس بولۇشى، بىلىملىكلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن بولغان. مەن ئەلدىكى خەلقنىڭ بىلىم ئۆگىنىشىنى ئۈمىد قىلمايمەن»[32]، «شۇڭا بىلىم ئارقىلىق ئەلنى ئىدارە قىلسا دۆلەتكە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ، بىلىم بىلەن ئىدارە قىلمىغاندا، دۆلەتكە بەخت-سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ»[33] دېگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە «خەلقلەرنىڭ بىلىمى ئاشقانسېرى ئۇلار يوق يەردىن پۈتتاق چىقىرىپ، يامان ئىشلارنى ئويلايدىغان بولۇپ قالىدۇ، ۋەقە پەيدا قىلىپ دۆلەتنى مالىماتاڭ قىلىشتىن باش تارتمايدۇ، نېمىنى قاتتىق بۇزۇلغاندا! قىرغىنچىلىق قىلىپ ئالەمنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ، شۇڭلاشقا ئىدارە قىلماق قىيىن»[34]. قىرائەتخانا تەسىس قىلىش، مەكتەپلەرنى ئېچىپ، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئەسلىدە «خەلق كىتاب ئوقۇپ ئىشنىڭ قائىدىسىنى ئىگىلەش»، «ئۇلارنىڭ ساۋادىنى» ئاشۇرۇش ۋە خەلقنىڭ «ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش» تىكى ئاساسلىق ۋاستە ئىدى. ۋەھالەنكى ياڭ زېڭشىن «بىلىمدىن ساقتىپەزلىك كېلىپ چىقىدۇ» دېگەن كۆز قاراشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئادەم قانچىكى بىلىملىك بولسا شۇنچە قۇۋ بولىدۇ» دەپ ھېسابلىغان. ئۇ «سەۋەنلىكلەرنى ئەسلەش ئۈچۈن لاۋزى تەلىماتىنى ئوقۇشتىن خاتىرە» دېگەن ئەسىرىدە: «دۇنيادا ئالداپچىلىق، ساختىلىق ئىشلارنى پۈتۈنلەي بىلىملىكلەر قىلىدۇ، ئازراق بىلىمى بارلار ئازراق ساختىلىق قىلىدۇ، بىلىمى كۆپلەر كۆپرەك ساقتىلىق قىلىدۇ»، ئۆزىنىمۇ باشقىلارنىمۇ ئالدايدۇ، ئالداپچىلىق بىلەن نام مەنپەئەتكە ئىگە بولىۋالىدۇ، يۇقىرىدىكىلەر بىلىم ئارقىلىق تۆۋەندىكىلەرنى تىزگىنلەيدۇ، تۆۋەندىكىلەر بىلىم ئارقىلىق يۇقىرىدىكىلەرنى ئالدايدۇ. مەن بىلىم ئارقىلىق باشقىلاردىن گۇمانلىنىمەن، باشقىلارمۇ بىلىم ئارقىلىق مېنىڭدىن ئېھتىيات قىلىدۇ، بۇ ئۆزئارا بىر-بىرىگە ساختىلىق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر»، «ئۆزى بىلىملىك بولسا، جاھانمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ»، «ئادەم قانچىكى بىلىملىك بولسا، شۇنچە ساقتا بولۇپ كېتىدۇ»[35] دەپ يازغانىدى. ئۇ ھەتتا ئەقىل-پاراسەت «ساقتىلىقنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بولۇپلا قالماستىن بەلكى، چوڭ بالايى-ئاپەت كەلتۈرىدۇ»[36] دەپ جار سالغان، ئۇنىڭدا مۇشۇنداق كۆز قاراش بولغاچقا ئاكتىپلىق بىلەن مەكتەپ ئېچىپ «خەلقنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش» نى خالىمايدۇ. ياڭ زېڭشىن: «پۇقرالارنىڭ ئەقىل بۇلىقى ئېچىلغانسېرى ساختىلىق ئىشلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ، ئاتالمىش بىلىم ئارقىلىق ئەلنى ئىدارە قىلىش ئەمەلىيەتتە دۆلەت ئۈچۈن بالايى-ئاپەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دەپ جار سالغان. ياڭ زېڭشىننىڭ لوگىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئەگەر «بىلىم بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلغاندا»، «ئادەملەر تۇغما ماھىيىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ» شۇڭا «ئەۋلىيالار ئەخلاق ئارقىلىق خەلقنى تەربىيىلەيدۇ، بىلىم بىلەن خەلقنى ئىدارە قىلمايدۇ». ئۇ «ھازىر ئەلنى ئىدارە قىلغۇچىلار بۈگۈن بىر قانۇن تۈزۈپ چىقارسا ئەتە بىر پەرمان ئېلان قىلىدۇ، ئالداپچىلارغا ئالداپچىلىق قىلىدۇ. ئىسيان كۆ-

تەرگۈچىلەرنى بېسىپ تۇرىدۇ، ئادەمنىڭ تۇغما ماھىيىتىنى يوقىتىدۇ، كۆڭلىدىكى جەڭگى-جېدەل بىلەن ئۆتىدۇ، ئەمما ئەسلىدىكى ساددا-مۆمىن ۋە ئاقكۆڭۈللۈكىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى سەزمەيلا قالىدۇ.»[38] دەپ قارىغان.

يۇقىرىقى پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ياڭ زېڭشىن «خەلقنى بىلىملىك قىلىش»قا قارشى تۇرغان، ئۇنىڭ كۆز قارىشى بويىچە قارىغاندا، «بىلىملىكلەر كۆپ بولسا» جەمئىيەتتە قىيىنچىلىق، ساقتىلىق ۋە قالايمىقانچىلىق ئەھۋاللار پەيدا بولارمىش. ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مۇستەھكەم بولالمايدۇ. شۇڭا «بىلىم ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلغاندا»، ئۇنىڭ خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتى تارمار بولىدۇ. ئاتالمىش «ساددا-ئاقكۆڭۈللۈكنى يوقاتقان» دېگىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئويغانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇنداق بولغاندا، ياڭ زېڭشىنمۇ ئۆزى خالىغانچە ئىش كۆرەلمەيدىغان بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ياڭ زېڭشىن «ئادەملەردە ھۈنەر-تېخنىكا ئۈستۈن بولسا، غەلىتە ئىشلار يۈز بېرىدۇ» دېگەن نەزەرىيىسىگە ئاساسەن ئىجتىمائىي ئىسلاھاتقا قارشى تۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە قارشى تۇرۇپ كەلگەن. ھەتتا بۇ خىل «ھۈنەر-تېخنىكىنى» «جاھاننى مالىماتاڭ قىلىدىغان» مەنبە دەپ قارىغان. ياڭ زېڭشىن «لاۋزى تەلىماتى»غا بەك چوقۇنىدۇ. بىراق «لاۋزى ئەقىدىسى قەدىمكىنى تىرىلدۈرىدىغان ئەقىدە، لاۋزى تەلىماتى قەدىمكىنى تىرىلدۈرىدىغان تەلىمات» ئىدى[39]. شۇڭا ياڭ زېڭشىندا كونىلىقنى ياقلايدىغان ۋە كونىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان ئىدىيىنىڭ دائىم ئەكس ئېتىپ تۇرۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ قارىشىچە «ھۈنەر-تېخنىكا قانچە يۇقىرى بولسا، قاتىللىق قىلىش ئارزۇسى شۇنچە كۈچىيىدۇ»[40]. ياڭ زېڭشىن «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاق ئېلىش ئۈچۈن لاۋزى تەلىماتىنى ئوقۇش خاتىرىسى» دە: «ۋاڭ بىينىڭ ئىزاھلىشىدا، پۇقرالارنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، بىلىمى كۆپ بولسا، ساقتىلىق، قۇۋلۇق پەيدا بولىدۇ، قۇۋلۇق-شۇملۇق پەيدا بولسا، يامان قىلمىشلار بارلىققا كېلىدۇ. غەلىتە ئىشلار دېگەننى ۋاكېبى يامان قىلمىشلار دەپ ئىزاھلىغان.» دەپ يازغان. خەلقلەرنىڭ ئەقىل بۇلىقى ئېچىلىپ توغرا يولدا ئىشلىتىلمىسە «ھۈنەر-تېخنىكىسى بار ئادەملەردىن بىرى كۆپ بولسا، دۆلەتكە ئاپەت كەلتۈرىدىغان ئادەملەردىن بىرى كۆپىيىدۇ. ھۈنەر-تېخنىكا قانچىكى يۇقىرى بولسا ئەدەب-قائىدىگە شۇنچە بويسۇنمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، جاھاندىكى بەغەرەزلىكنى كۆپىنچە ئەقىللىق ئادەملەر قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن غارايىپ ئىشلار ئەۋج ئېلىپ دۆلەت قالايمىقانلىشىپ قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ»[41] دەپ يازغان. ئۇ يەنە «ھۈنەر تېخنىكىلىق ئادەم كۆپ بولسا، چوقۇم يېڭى ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلارنى قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ھۈنەر-تېخنىكىسىنى نامايەن قىلىشقا ئىنتىلىدۇ-دە ئاجايىپ ئىشلارنى پەيدا قىلىدۇ. نەتىجىدە مىلتىق-زەمبىرەكلەر بارلىققا كەلدى. قەدىمدە بۇلارنى ئىشلەتمەيتتى، ماشىنا-پاراخوتلار بارلىققا كەلدى، قەدىمدە بۇلارنى-

مۇ ئىشلەتمەيتتى». نۆۋەتتىكى «رىقابەت ئەۋج ئالغان دۇنيا» دا «غەلىتە ماددىلار» -
نى خەلق تۇرمۇشىدىمۇ ئىشلىتىدۇ، ھەربىي ئىشلاردىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن
«غەلىتە نەرسىلەر كۆپىيىپ جاھاننى ئوغرى بۇلاڭچىلار قاپلايدۇ».[42] دەپ يازغان.
دېمەك ياڭ زېڭشىن پەن-تېخنىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا چېكىش-تىزىنقىنىچە ئۆچمەنلىك
قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ «غەلىتە نەرسىلەرنى»، «زەھەرلىك دورا» دەپ قارىغان. شۇڭا ئۇ
«ئادەم ئىشلىتىشتە»، «نادان كىشىلەرنى ئىشلەتسەم ئىشلەتمەيتتىكى ئەقىللىق، بىلىملىك-
لەرنى ئىشلەتمەيمەن»[43] دېگەن. بۇ خىل پوزىتسىيە روشەنكى «نادانلارنى دانىشمەن-
لەرنىڭ ئورنىغا قويۇش» تىن ئىبارەتتۇر. ئاتالمىش «نادانلارنى دانىشمەنلەرنىڭ
ئورنىغا قويۇش لاۋزىنىڭ دانىشمەنلەرنى تۈگىتىپ ئاقىللارنى چەتكە قېقىش
دېگىنى بىلەن ئوخشاش. ياڭ زېڭشىن «خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتى»
بۈگۈنكى كۈندە، دۆلەتنى مۇنقەرز قىلىش سىياسىتى» ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بىلىپ تۇر-
سىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشنى داۋام-
لاشتۇرغان. بۇنىڭدىكى مەقسەت، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىنى توساش، خەلقنىڭ قوز-
غىلىپ ئىنقىلاب قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تەۋرىنىپ قېلىشىدىن
خالىي بولۇش ئىدى.

ئۈچىنچى، ياڭ زېڭشىن «مائارىپنى جانلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئې-
چىش» قا قىزىقمايتتى، چۈنكى ئۇ مەكتەپنى «قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدىغان مەنبە»
دەپ قارىغان. ئۇ «مەكتەپلەر ياخشى ئەمەس، ئۇ قالايمىقانچىلىق، توپىلاڭ پەيدا قى-
لىشنىڭ مەنبەسى، ئوقۇغۇچىلارغا يامان تەلىماتلار ئارقىلىق پايدىسىز ئۇرۇقلارنى تار-
قىتىدۇ. ئۇلار مەيلى ئەمەلدار بولسۇن، ئەسكەر بولسۇن ياكى پۇقرا بولسۇن ھەممى-
سى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدىغان يولغا ماڭىدۇ، شۇڭا بيۇروكراتلار بىلەن ھەر-
بىيلەرنى تەربىيىلەيدىغان بارلىق مەكتەپلەر (世袭) نى بىكار قىلىپ تاشلىماي بول-
مايدۇ»، شۇنداق قىلغاندىلا «جاھاندىكى خەلقلەر تىنچ-ئامان ياشايدۇ، ئەگەر ئۇلار
سىياسىي ساھەگە ياكى ھەربىي ساھەگە كىرىپ جان باقماقچى بولسا مالىماتاڭچىلىق
ھامان تۈگىمەيدۇ»[45] دېگەن ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە «بارلىق ئوقۇغۇچىلار شۆتاڭلارنى
مەنسەپ ۋە بايلىققا ئېرىشتۈرىدىغان شوتا دەپ ھېسابلايدۇ»، ياڭ زېڭشىن «جۇڭگو-
دىكى ھەرقانداق شۆتاڭلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لۈكچەكلىك خاراكتېرىنى
ئالغان بولۇپ، بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئوقۇغۇچىلىرى ئەمەلدار، باي بولۇش ئۈ-
چۈنلا ئوقۇيدۇ»[46]، ئەگەر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئوقۇشنى «ئەمەلدار بولۇش» نىڭ
شوتىسى قىلىۋالسا «جاھان تازا مالىماتاڭ بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن. ئۇ «بۈگۈنكى
كۈندە كىشىلەر ئىلىم، دېھقانچىلىق، سانائەت، سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماي، ھەم-
مىسى سىياسىي ساھەگە كىرىۋېلىپ، جان بېقىشنىڭ كويىدا يۈرىدۇ. شۆتاڭنى پۈتتۈ-
رۈپ چىققانلارمۇ كۈندىن-كۈنگە ئاۋۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئەمەلدارلىق سورۇنىدىكى رىقابەت

كۈندىن-كۈنگە ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ، جاھاننىڭ مالىماتاڭ بولۇشىغا مانا مۇشۇلار سەۋەب بولىۋاتىدۇ» دەپ جار سالغان[47].

ياڭ زېڭشىن مەكتەپلەرنى «قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مەنبە» دەپ قارىغانلىقتىن، مائارىپنى يولغا قويۇپ مەكتەپ ئېچىشقا قىزىقماي كەلگەن، ياڭ زېڭشىن كىشىلەرنىڭ تېرىقچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەنلا شۇغۇللىنىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئوقۇپ بىلىم ئېلىپ، تەربىيە كۆرۈشكە يول قويمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىلغار ئىدىيىنى قوبۇل قىلىشىغا ئەلۋەتتە تېخىمۇ يول قويمايتتى. 1919 - يىلى گۇڭ بېيجىڭ قاتارلىق ئادەملەر غۇلجىدىن بېيجىڭغا ئوقۇشقا بارماقچى بولغاندا، ياڭ زېڭشىن ئەسكەر ئەۋەتىپ بۇ كىشىلەرنى گۇمۇدىي دېگەن جايدا توسۇۋېلىپ دىخۇاغا ئېلىپ كېلىپ 18 كۈن نەزەربەنت ئاستىغا ئالغان. ئۇ بۇ كىشىلەر بېيجىڭغا بېرىپ يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەدەنىيەت قوبۇل قىلغاندىن كېيىن شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ ئۈستىدىن ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشىدىن ئەنسىرەپ شۇنداق قىلغان. ئۇ «ئەلمىساقتىن بۇيان يۇقىرىدا قارشى تۇپىلاڭ كۆتەرگۈچىلەر كۆپىنچە ئوقۇمىشلاردىن چىقاتتى، ھازىر پۈتۈنلەي ئوقۇغان، بىلىمى بار ئادەملەر ئارىسىدىن چىقىۋاتىدۇ، ئومۇمەن بىلىملىكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تىلى بىلەن دىلى بىر دەك ئەمەس، پۈتۈنلەي ياسالما سۆزلەرنى قىلىدۇ»، «ياسالما گەپلەر ئارقىلىق ئىش قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدۇ، بۇ ئادەملەر يەنە يالغاندىن قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىمىغان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ»[48] دېگەن. ياڭ زېڭشىن بۇ سۆزلەرنى شىڭخەي ئىنقىلابىغا قارىتىپ دېگەن. چۈنكى شىڭخەي ئىنقىلابىي تارىختىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئوخشىمايدۇ، رەھبەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى زىيالىي، «ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەردىن» ئىدى. ياڭ زېڭشىن «بىلىم ئارقىلىق خەلقنى ئىدارە قىلىش» نى خالىمايدىكەن ئەلۋەتتە مەكتەپ ئېچىپ، خەلقلەرنى ئەقىل - بىلىمگە ئىگە قىلىشنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، «خەلق بىلىملىك بولسا، نىيىتى يامان بولىدۇ»[49]. ياڭ زېڭشىننىڭ «مەركەزگە يېقىن ئۆلكىلەرنى باشقۇرماق مەركەزگە يىراق ئۆلكىنى باشقۇرۇشتىن تەس بولىدۇ» دەپ قارىشىدىكى سەۋەب «ئەقىللىق بىلەن نادانلىقنىڭ پەرقى بار» بولغانلىقىدىندۇر[50].

دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا ئەۋەتمەكچى بولغان قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغان. مەسىلەن، 1919 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىنىڭ بىر تۈركۈم ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرىنى شىنجاڭغا ھەربىي خىزمەت ئۆتەشكە ئەۋەتمىش تۇغرىسىدا ياڭ زېڭشىنغا بۇيرۇق بېرىدۇ، ياڭ زېڭشىن بۇ بۇيرۇقنى كۆرۈپ، جان-پېنى چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوقۇغۇچىلىرى «چېگرا رايوننىڭ ئەھۋالىنى بىلـ

مەيدۇ» دېگەننى بانا قىلىپ دەرھال بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «كېلىشى مۇۋاپىق ئەمەس»، «كەلگەن بىلەن ئاۋارە بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن ئىلتىماسىنى يوللايدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەدەنىيەتنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ، شىنخەي ئىنقىلابىدەك ئىنقىلاب قوزغىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەشتىن بولغان. چۈنكى ئەينى يىللاردا شىنخەي ئىنقىلابىغا قاتناشقانلارنىڭ زور كۆپچىلىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. ئۇ «خەنزۇلارنىڭ ھىيلە-نەيرەڭلىرى دايىمۇننى قونداقتا چىقارغىنىدەك خىسلەتكە ئىگە» دەپ قارىغان. شۇڭا «شىنجاڭنى شىنجاڭلىقلار قوغدىشى كېرەك» دېگەننى بانا قىلىپ بۇ بىر تۈركۈم قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنى رەت قىلغان. ئۇ: «مېنىڭچە، شىنجاڭنى مەڭگۈ ئامان ساقلايدىغان بىردىن-بىر ياخشى تەدبىر، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرى شىنجاڭنى ئۆزلىرى قوغداشتىن ئىبارەت» دەپ جاكارلىغان[51].

ياڭ زېڭشىننىڭ مەكتەپلەرنى «قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدىغان مەنبە» دەپ قارىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەدەنىيەتنىڭ ياش-ئۆسمۈرلەر ئارىسىغا تارقىلىپ، «غەيرىي تەلىماتلار ئەۋج ئېلىپ»، «زور بالايىئاپەت» پەيدا قىلىشىدىن قورققان. ئۇ: «بىلىم ئارقىلىق جاھاننى تارمار قىلىش، ئالەمنى تاردار قىلىش، ئادەملەرگە زىيان يەتكۈزۈشتىن يامان ئىش يوق. جۇشى مۇنداق دېگەنكى: غەيرىي ئېقىملار ئەۋج ئالسا، يامان ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرى بالايىئاپەتتىنمۇ زىيانلىق، ياتلارنىڭ قىرغىنچىلىق ئاپىتىدىنمۇ رەھىمسىز بولىدۇ. ئۇلار ھېچنەرسىدىن قورقمايدۇ. غەيرىي تەلىماتلار ئالىي جانابلارنىمۇ تەۋرىتىپ قويىدۇ»[52] دېگەن. ياڭ زېڭشىننىڭ يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەدەنىيەتنى «بالايىئاپەت» دەپ قارىشىدىكى سەۋەب، ئۇ يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەدەنىيەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئويغىتىپ قويۇشىدىن قورققان.

بەشىنچى، ياڭ زېڭشىن خەلقنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنىڭ ئورنىغا «ئەدەب، دىن ئەخلاق» لارنى دەسسىتىپ، شۇ ئارقىلىق «يۇقىرىغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈش» نىڭ مەنبەسىنى توسماقچى بولغان. ھەرقايسى جايلاردىكى تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە شەخسلەر ئاچقان شۆتاڭلاردا ئوقۇغۇچىلار يەنىلا «ئۈچ سۆزلۈك رىسالە»، «فامىلەنامە»، «تۆت ئەركام بەش ئەھكام» قاتارلىق كىتابلارنى دەرسلىك قىلاتتى. ئوقۇغۇچىلارغا يەنىلا فېئودال ئەدەب-ئەخلاقنى سىڭدۈرگەن. ئەمما بۇرژۇئا دېموكراتىك سىياسىي ۋە ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىگە دائىر كىتابلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇ مۇنداق يازغان: «قەدىمدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان نەچچە مىڭ يىللىق تارىخ پەقەت ئەدەب-ئەخلاققا تايىنىپ داۋام ئەتتى. ھازىر ئەدەب-ئەخلاق دېگەن نەرسە قالمىدى. ئەدەب-ئەخلاقنىڭ ئور-

نىغا ئەقىل-پاراسەت دەسسىدى. ھەممە ئادەم ئۆزىنى مەدەنىيەتلىك ھېسابلاپ، ھوقۇق مەنپەئەت تالىشىۋاتىدۇ. ئۇلاردىن ئەدەب دېگەن نېمە دەپ سورىسا، ھېچنېمە بىلمەيدۇ. ئۇلار رەھىمدىللىك-دىيانەتلىك دېگەن نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە شۇنداقلا ئەخلاقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. يۇقىرىغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ھەممە ئىشنى قىلىدۇ. لاۋزى بىلىمگە تايىنىپ ئەلنى ئىدارە قىلسا، دۆلەت ئاپەتكە دۇچ كېلىدۇ، دېگەنىدى، جاھاندىكى قالايمىقانچىلىق بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئەۋجىگە يەتتى» (53).

ياڭ زېڭشىننىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، «ئەخلاقنى ھۆرمەتلەش، ئەدەب-قائىدىنى يېتىشتۈرۈش، سىياسىي-قانۇننى مۇكەممەللەشتۈرۈش» نىڭ ئۆزى «مەدەنىيەتلىك» ۋە «خەلقنى بىلىمگە ئىگە قىلىش» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «ئەخلاقسىز، ئادالەتسىز، رەھىمسىز، دىيانەتسىز» لىكلەرنى «ئەدەبسىز» دېيىشكە بولىدۇ، ئەگەر «ئەدەبنى يوقاتسا»، «بىلىمنىمۇ يوقىتىدۇ»، ئۇنداقتا «مەدەنىيەت» مۇ ئەسلا مەۋجۇت بولمايدۇ. شۇڭا «بىلىم ئىگىلەشكىلا بېرىلىپ، ئەخلاقىي-پەزىلەتكە كۆڭۈل بۆلمىسە، بىلىمى قانچە ئۈستۈن بولسا ئەخلاقى شۇنچە يامانلىشىپ كېتىدۇ، جۇاڭزى قۇدۇقنى بىر كۈن كولىساڭ، ئۇنىڭ سۈيى يەتتە كۈندە ئاندىن سۈزۈلىدۇ، جاھاندىكى يامان ئىشلارنى ئالدى بىلەن مەدەنىيەتلىك ئادەملەر قىلىدۇ» دېگەن(54). «بۈگۈنكى دۆلەت ۋە خەلققە نەزەر سالسام مەدەنىيەت بىر ھەسسە ئاشسا، ياۋايىلىقمۇ بىر ھەسسە ئاشىدىكەن، مەدەنىيەت ئون ھەسسە ئاشسا ياۋايىلىقمۇ ئون ھەسسە ئاشىدىكەن، مەدەنىيەت پەللىگە يەتكەندە ياۋايىلىقمۇ پەللىگە يېتىدىكەن. دېمەك، مەدەنىيەتلىك-ياۋايىلىق دېگەننىڭ باشقىچە ئاتىلىشىدۇر» (55). ياڭ زېڭشىننىڭ بۇ سۆزلىرى ئۈچ نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچىسى: «بىلىم ئارقىلىق خەلقنى ئىدارە قىلىش» نىڭ ئورنىغا «ئەخلاق ئارقىلىق خەلقنى تەربىيىلەش» نى دەسسىتىش؛ ئىككىنچىسى، «ئەدەب-ئەخلاق» نى تەرغىب قىلىپ «مەدەنىيەتلىك» ۋە «خەلقنى بىلىملىك قىلىش» قا چېنىنىڭ بېرىچە قارشى تۇرۇش؛ ئۈچىنچىسى، «مەدەنىيەت» بىلەن «ياۋايىلىق» نى تەڭ ئورۇنغا قويۇش. ياڭ زېڭشىننىڭ قارىشىچە «ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش» چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ۋە كىشىلەر ئەدەب-ئەخلاق» نى يوقاتقانلىقتىن، جاھان مالىماتاڭ بولغان.

ئالتىنچى، ياڭ زېڭشىننىڭ خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇشتىكى يەنە بىر ۋاستىسى «تەڭرى ئىبادەتخانىسى» ياساشتىن ئىبارەت. ئۇ تەڭرىگە چوقۇنۇپ، كۆڭزىنى ھۆرمەتلەشنى تەشۋىق قىلىپ «تەڭرى-ئىلاھ» ۋە «كۆڭزى ئەدەب-قائىدىسى» ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تىزگىنلەپ، ئۇلارنى ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەيدىغان مۆمىن خەلققە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ياڭ زېڭشىن مائارىپ، سودا، دېھقانچىلىق ساھەسى ۋە پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا «تەڭرىگە ئىتائەت قىلىپ كۆڭزىنى ھۆرمەتلەش جەمئىيىتى» تە-

سىس قىلمىش، ھەممە جەمئىيەت ئىچىدە «تەڭرىنىڭ پىشۋاسى كۈڭزىنىڭ ئەۋلىيالىق ئورنىنى بەلگىلەپ، يەكشەنبە كۈنى تاۋاپ قىلمىش» تۇغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ھەرقايسى جايلاردا تەسىس قىلىنغان «ئىبادەت قىلىپ، كۈڭزىنى ھۆرمەتلەش جەمئىيىتى»، «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاق ئېلىپ، خاتالىقلارغا تۆۋە قىلمىش» نى ئۆزىنىڭ مەقسىتى قىلغان. ياڭ زېڭشىن ھەتتا «تەڭرى ۋە كۈڭزىغا تاۋاپ قىلىشنى «پۈتۈن مەملىكەتلىك ئومۇمىي ئادەت قىلمىش» تۇغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن.(57) ياڭ زېڭشىن «تەڭرىگە چوقۇنۇش بىلەن كۈڭزىنى ھۆرمەتلەشنى بىرلەشتۈرۈش»، «تەڭرى بىر كۈن مەۋجۇت بولىدىكەن، كۈڭزىمۇ بىر كۈن مەۋجۇت بولىدۇ»، «كۈڭزىنىڭ تەلىماتى تەڭرىگە ئوخشاش، مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ» دېگەننى تەشەببۇس قىلغان.(58) شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەممە ئائىلىلەردىن «تەڭرىگە چوقۇنۇپ، كۈڭزىنى ھۆرمەتلەش» نى، «ھەممە ئادەم كۈڭزى تەلىماتىغا بويسۇنۇش» نى تەلەپ قىلغانىدى. ئۇ ئەگەر «ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىدە تەڭرى بولسا، ھەممە ئادەم تەڭرىگە چوقۇنىدۇ، ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىدە بىر ئىلاھ بولسا، ئىلاھنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلالمايدۇ». مۇشۇنداق بولغاندا، «ھەقىقىي ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، جاھاننى تۈزىگىلى بولىدۇ»، «شۇ ئارقىلىق قالايمىقانچىلىقنى تۈگەتكىلى بولىدۇ» دەپ قارىغانىدى.(59) ئۇ پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ناھىيە، يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە «سانىسىزلىغان تەڭرى ئىبادەتخانىلىرى ياسىلىپ، ھەممە ئادەم تەڭرىگە باش ئۇرۇپ، كۈڭزىنىڭ تەلىماتىغا بويسۇنىدىغان بولسا، بۇ، جاھاننى تۈزەپ، ئادەملەرنىڭ يامان نىيىتىنى ياندۇرۇشتا مۇھىم ئاچقۇچ بولىدۇ» دەپ جار سالغان.(60) شۇنداق قىلىپ، ھەر يىلى باھار، كۈز پەسىللىرىدىكى «تەڭرىنى خاتىرىلەش كۈنى» دە ياڭ زېڭشىن قەلەمدارلارنى كۈڭزىغا نەزىر-چىراق ئۆتكۈزۈشكە ئورۇنلاشتۇرغاندىن سىرت يەنە ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىمۇ «تەڭرىنى خاتىرىلەش كۈنى» رەتلىك كىيىنىپ، تىزىلىپ كۈڭزى ئىبادەتخانىسىغا كىرىپ، كۈڭزىغا تاۋاپ قىلىشنى تەلەپ قىلغان. نەزىر-چىراق مۇراسىمىدا داقا-دۇمباق چېلىپ، مەدھىيە ناخشىلىرى ئېيتىلاتتى، ئاندىن يەرگە باش ئۇرۇپ سەمىمىيىتىنى بىلدۈرەتتى.

«تەڭرىگە چوقۇنۇپ، كۈڭزىنى ھۆرمەتلەش» نى «بۈگۈنكى كۈندە ۋەتەننى قۇتقۇزۇشتىكى جىددىي ۋەزىپە» قىلمىش — ياڭ زېڭشىننىڭ خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشتىكى بىر خىل ۋاستىسى. ئۇنىڭ ئەسلى مەقسىتى — «ھەممە ئادەم تەڭرىنىڭ قۇدرىتىدىن قورقۇپ، كۈڭزى تەلىماتىنى ھۆرمەتلەپ، بۇرۇنقى سەۋەنلىكلىرىگە تۆۋە قىلسا تەبىئىي ھالدا يامان ئادەملەر ئازىيىپ، ياخشى ئادەملەر كۆپىيىدۇ. قالايمىقانچىلىق كۈنلەر ئازىيىپ، تىنچ كۈنلەر كۆپىيىدۇ»(61)، «جاھاندا خاتالىقىنى تۈزىتىپ تۆۋە قىلغان ئادەمدىن بىرى كۆپەيسە، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدىغانلاردىن بىرى ئازىيىدۇ»(62) دېگەندىن ئىبارەت. ئۇ: ئەگەر «تەڭرىگە چوقۇنماي

كۇگزىنى ھۇرمەتلىمەيدىغان» بولسا «ئادەملەرنىڭ نەسلى بۇزۇلماي قالمايدۇ، جاھان قالايمىقان بولماي قالمايدۇ»(63) دەپ قاراپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە فېئوداللىق ئەدەب-ئەخلاق قائىدىسىنى تەشۋىق قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسىنى چۈشەپ قويماقچى بولغان.

بۇلاردىن بىز ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭدا خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئىزاھات:

(1)، (3)، (4)، (8)، (58) - «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر»، 4 - جىلد.

(5، 7) «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر»، 13 - جىلد.

(6)، (11)، (12)، (13)، (14)، (17)، (18)، (21)، (31) «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر»، 19 - جىلد.

(9) «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاق ئېلىش ئۈچۈن لاۋزى تەلىماتىنى ئوقۇشتىن خاتىرىلەر»، 4 -، 6 - جىلد.

(10) دېڭ شياۋپىڭ: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدا»، (خەنزۇچە) 50 - بەت.

(15، 16، 20، 54) «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، 6 - جىلد.

(19) ماشۇلۇن: «لاۋزى توغرىسىدا باھا»، 179 - بەت.

(22، 23، 30) «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاق ئېلىش ئۈچۈن لاۋزى تەلىماتىنى ئوقۇشتىن خاتىرىلەر»، 1 - جىلد.

(26)، (27)، (28)، (29)، (32)، 33، (34)، (35)، (37) سەۋەنلىكلەردىن ساۋاق ئېلىش ئۈچۈن لاۋزى تەلىماتىنى ئوقۇشتىن خاتىرىلەر»، 2 - جىلد.

(24)، (25)، «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر»، 14 - جىلد.

36، 38، (39)، (40)، (41)، (42)، (43)، (44)، (55) «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاق ئېلىش ئۈچۈن لاۋزى تەلىماتىنى ئوقۇشتىن خاتىرىلەر»، 5 - جىلد.

(45، 46، 56، 57، 59، 62، 63) «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر»، 17 - جىلد.

(47) «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر»، 16 - جىلد.

(48، 50، 58، 60)، (61) «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر» 7 - جىلد.

(49) «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، 8 - توم، 2 - قىسىم.

(51) «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، 1 - توم، 2 - قىسىم.

(52) «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر»، 15 - جىلد.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىبراھىم ھەمدۇللا

# يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىدىن خاتىرە★

5- ئاينىڭ 5- كۈنى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپى خۇاڭ خۇچىڭ ئاقسۇنىڭ مۇۋەققەت ۋالىلىقىغا يۆتكەلدى، ۋاڭ باۋچيەن ئۇنىڭ ئورنىغا باش كاتىپ بولدى. 5- ئاينىڭ 12- كۈنى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى خۇاڭ خۇچىڭنى ئۇزىتىش ۋە ۋاڭ باۋچيەننى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن يىغىن ئاچتى.

5- ئاينىڭ 7- كۈنى، ماۋدۇن ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن «جۇڭگو يېڭى ئەدەبىيات ھەرىكىتى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەپ، «4- ماي» ھەرىكىتىدىن بۇيانقى يېڭى ئەدەبىيات ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. دوكلات يىغىنىغا كۆپرەك ئۆلكىلىك قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى قاتناشتى. ماۋ دۇننىڭ بۇ دوكلاتى 5- ئاينىڭ 8- كۈنىدىكى شىنجاڭ گېزىتىگە تولۇق تېكىستى بىلەن بېسىلدى.

5- ئاينىڭ 8- كۈنى، دۇەن شىمۇ بۆرتالا ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى، 1941- يىلى 8- ئايدا ھاكىملىققا ئۆستۈرۈلدى. ئۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىللەردە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرىغا كۇرس ئېچىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلدى، يېزىلارغا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش - ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ داۋلىرىنى چۈشەندۈردى، ئاشلىق جۇغلاش، قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشلىرىغا پائال يېتەكچىلىك قىلدى، ئاشلىق ئىسكىلاتىدىن 3 نى كېڭەيتىپ قۇردى ۋە 3 مىڭ دەندىن كۆپرەك ئاشلىق جۇغلىدى. 1940- يىلى ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكەلگەن ماجاۋسۇڭمۇ ئاممىغا چۆكۈپ، ئوقۇشقا دەۋەت قىلىش ھەرىكىتى قوزغاپ، مەكتەپلەرنى كېڭەيتتى. 1941-

★ بېشى ئۆتكەن ساندا.

يىلىغا كەلگەندە، بۇ ناھىيىدىكى ھۆكۈمەت باشقۇرغان مەكتەپلەر 4 كە، خۇسۇسىلار باشقۇرغان مەكتەپ 3 كە، ئوقۇغۇچىلار سانى 833 كە يەتتى.

5 - ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمى، شىنجاڭ شۆيۈەن، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلار ناخشا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىدە «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارمىيىنى تەبرىكلەيمىز»، «سۇڭخۇاجياڭدا»، «پىدائىيلار مارشى»، «دۈشمەننى قىرىش ناخشىسى»، «بىز تەيىخاڭشەندە»، «قىلىچ مارشى»، «گومىنداڭ - گوڭچەنداڭ ھەمكارلىقى مارشى» قاتارلىق ناخشىلار ئوقۇلدى.

5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، تاشيول قۇرۇلۇشىغا سەپەرۋەرلىك قىلىش يۈزىسىدىن ئۈرۈمچى باش تاشيول ئىدارىسىدا ئۆلكىلىك تاشيول خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى. جاڭ جۇڭشى يىغىندا دوكلات بەردى، ماۋ دۈن «يول ياساش ناخشىسى» نى يازدى. مۇشۇ يىغىنغىچە، ئۈرۈمچى - غۇلجا تاشيولى (720 كىلومېتىر) ياسىلىپ بولدى، ئۈرۈمچى - قۇمۇل تاشيولى (750 كىلومېتىر)، ئۈرۈمچى - چۆچەك تاشيولى (690 كىلومېتىر) رېمونت قىلىنىپ بولدى.

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، شېڭ شىسەي ئاقسۇ مائارىپ ئىدارىسىغا باشلىق بولغىنىغا ئاران 4 ئاي بولغان لىن جىلۇنى كۇچا ناھىيىسىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىملىقىغا يۆتكىدى. لىن جىلۇ 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كۇچاغا كېلىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ كۇچا خەلقىگە ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، خەلق ئۇنى «بىزنىڭ ياخشى ھاكىمىمىز» دەپ مەدھىيىلىدى. ئۇنىڭ كۇچادىكى ئىش - ئىزلىرى چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، ماۋزېمىننىڭ كېسىلى ئېغىرلاشتى ۋە شېڭ شىسەينىڭ تەستىقلىشى بىلەن داۋالىنىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتتى. 1940 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قايتىپ كېلىپ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىق ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇردى.

5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى «تونۇگۈن قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە دراما مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى» دېگەن خەۋەرنى باستى. خەۋەردە «دۈبەن» دېگەن سۆزدىكى «بەن» خېتى «بېيەن» دەپ خاتا بېسىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن 2 - كۈندىكى گېزىتتە تۈزىتىش بېرىلدى. بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپلەنگەن شېڭ شىسەي گېزىتخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ شاۋچۈەنگە ۋە تەھرىر - كوررېكتورلارغا چارە كۆرۈپ گۇنا يازدى ۋە ئۇلارنىڭ مائاش دەرىجىسىنى چۈشۈردى، كېيىن، شۇنىڭغا ئوخ -

شاش خاراكتېردىكى بىر مەسىلە سەۋەبى بىلەن ۋاڭ شاۋچۇەنگە يەنە چارە كۆرۈلدى. خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا ئامالسىز قالغان ۋاڭ شاۋچۇەن پارتىيە تەشكىلىنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىپ، «ئائىلە قىيىنچىلىقى ۋە كېسەللىك» بانىسى بىلەن شۇ يىلى 12- ئايدا رۇخسەت سوراپ يەنئەنگە قايتتى.

5- ئاينىڭ كېيىنكى يېرىملىرى، 3- قارار ئۇچقۇچىلار كۇرسى ۋە 2- قارار مىجاينىكلار كۇرسىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈشىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇرۇلدى. لۇي لىپىڭ، يەن جىڭگاڭ قاتارلىقلار ھەيئەت ئەزالىققا سايلاندى.

5- ئاينىڭ كېيىنكى يېرىملىرى، شىنجاڭ شۆبىۋەن ئوقۇغۇچىلىرى «يېڭى شىنجاڭ مارشى» دېگەن ئۈچ پەردىلىك دىرامىنى سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. بۇ ئەسەرنى شىنجاڭ شۆبىۋەن ئوقۇغۇچىلىرىدىن 12 كىشى يازغان، ماۋ دۇننىڭ خېلى ئەجرى سىڭگەن. ئارتىسلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ شۆبىۋەننىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، ئاساسلىق روللارنى چاۋگوجېن، داڭ گوخۇەنلەر ئوينىغان، بەي دافاڭ رېژىسسورلۇق قىلغان. بۇ دىراما شىنجاڭنىڭ «12- ئاپرېل» ئىنقىلابىنىڭ ئالدى- كەينىدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي ئەھۋالىنى سىپاشتۇرۇش ئارقىلىق «6 سىياسەت» نىڭ غەلىبىسىنى تەشۋىق قىلدى. ماۋ دۇن 5- ئاينىڭ 26- كۈنىدىكى شىنجاڭ گېزىتىدە «‹يېڭى شىنجاڭ مارشى› نىڭ ئاشكارا ئوينىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆيۈملۈك تاماشىبىنلارغا» سەرلەۋھىلىك تونۇشتۇرۇش ماقالىسى ئېلان قىلدى. «يېڭى شىنجاڭ مارشى» بىرىنچى قېتىم شىنجاڭنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن چوڭ تىپتىكى دىراما بولۇپ قالدى.

5- ئاينىڭ كېيىنكى يېرىملىرى. ماۋ دۇن شىنجاڭ گېزىتخانىسىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن «كېچە» نىڭ يېزىلىش جەريانىنى سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلاشقا ئۈرۈمچىدىكى ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلىدىغان ياشلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك قاتناشتى. ماۋ دۇننىڭ سۆز تېزىسى «‹كېچە› قانداق يېزىلغان» دېگەن تېما بىلەن شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 6- ئاينىڭ 1- كۈنىدىكى قوشۇمچە سانى «بوستان» دا ئېلان قىلىندى.

5- ئاينىڭ كېيىنكى يېرىملىرى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۇچقۇچىلار ئەترىتى شۆبىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى نۇتۇق سۆزلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى. لۇي لىپىڭ «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغاندىن كېيىنكى ۋەزىپىلىرىمىز»، فاڭ خۇەي «ئالدىنقى سەپتىكى پايدىلىق ۋەزىيەتكە نىسبەتەن بولۇشقا تېگىشلىك تونۇش» دېگەن تېمىلاردا نۇتۇق سۆزلىدى.

5-ئايدا، چېن تەنچيۇ موسكۋادىن يەنئەنگە قايتىشتا ئۈرۈمچىگە چۈشتى، 6-ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ شىنجاڭدا قېلىپ دېڭ‌فانىڭ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بولۇپ «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» ۋە 8-ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇشنى ئۇختۇردى، چېن‌تەنچيۇ شىنجاڭدا شۈي جې دېگەن ئىسمىنى قوللاندى.

7-ئاينىڭ 6-كۈنى، ئۆگەنگەن ھەربىي تېخنىكىنى ئەمەلىيەتتە تېخىمۇ ياخشى قوللىنىش ئۈچۈن، «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» چېن تەنچيۇنىڭ رەھبەرلىكىدە بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دالا مەشقىنى باشلىدى. مەشق ئورنى باجاخۇ بولدى. دالا مەشقى ئۈچ ئايغا يېقىن داۋاملىشىپ، 9-ئاينىڭ كېيىنكى يېرىملىرى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى. مەشق ئارقىلىق ھەربىي كوماندىر-جەڭچى سىياسىي، ئىدىيە، ھەربىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن كۆپ ئۆستى.

7-ئاينىڭ 7-كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ خوتەن باسمىسى ماشۇنىڭ تەييارلىشى بىلەن رەسمىي بېسىلىپ چىقتى. ئۇنىڭدا ماۋزېدۇڭنىڭ «ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرى مەخسۇس تونۇشتۇرۇلدى. ھەرقايسى سانلاردا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش خەۋەرلىرى، پەن تۇڭ، ماجاۋسۇڭ، چېن گۇاڭجۇ قاتارلىق كوممۇنىستلار يازغان ماقالىلار بېسىلدى. بۇ گېزىتنىڭ خەنزۇچىسى (ماي باسما) ئالتە-يەتتە يۈز نۇسخا، ئۇيغۇرچىسى (مىخ مەتبەئە) بەش مىڭ نۇسخا بولۇپ، خوتەندىكى ھەرقايسى ئىدارە-جەمئىيەت، ئاممىۋى تەشكىلات ۋە كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى، مۇشۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە بۇ گېزىتنى چىقىرالىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ۋە شىنجاڭ گېزىتى خوتەن شۆبىسىنىڭ باش تەھرىرلىكىگە ئۆستۈرۈلدى.

7-ئايدا، شىنجاڭ شۆيۈەن ئوقۇغۇچىلىرى دۇجۇڭيۈەن، گوچۈنزې، ماۋدۇن، جاڭ‌جۇڭشى ۋە باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قوللىشى، ياردەم بېرىشى بىلەن شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ مەكتەپ ژۇرنىلى - «يېڭى نۇر» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1-سانىنى نەشر قىلدى. دۇجۇڭيۈەن ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن بېغىشلىما يازدى ۋە: «شىنجاڭ شۆيۈەن شىنجاڭدىكى ئالىي بىلىم يۇرتى، ئۇنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ مەجمۇئەسى بولۇشى، ئۇنى شىنجاڭغا تەقدىم قىلىشى كېرەك... بۇ ژۇرنال شىنجاڭدىكى تۆت مىليون ئاممىغا مەنىۋى ئوزۇق بېرىشى، شۇ تۆت مىليون ئاممىدىن ھەرگىز ئايرىلماسلىقى لازىم» دەپ كۆرسەتتى. دۇجۇڭيۈەن، گوچۈنزې، ماۋدۇن، جاڭ‌جۇڭشى قاتارلىقلار

«يېڭى نۇر» غا ماقالە يېزىپ تۇردى. «يېڭى نۇر» باسما شارائىتى قاتارلىق قىيىنچىلىقلار تۈپەيلى بىر سان چىقىپلا توختىدى. 1940-يىلى 8-ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ تۆت سان چىققان بولسىمۇ، 1941-يىلىنىڭ باشلىرى يەنە توختاپ قالدى.

7-ئايدىن 8-ئايغىچە، دۇجۇڭيۈەن شىڭشىسەينىڭ ماقۇللىقى بىلەن 200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قاتناشقان «شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ يازلىق تەتىلدە ئىلىغا بېرىپ ساياھەت قىلىش ئۆمىكى» نى تەشكىللىدى ۋە شىمالىي شىنجاڭغا بېرىپ، بىر تەرەپتىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. دۇجۇڭيۈەن ئۆمەك باشلىقى بولدى، گوچۈنزى، جاڭجۇڭشى بىللە باردى... ئۇلار بارغانلىكى يېرىدە نۇتۇق سۆزلەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى، ھۆكۈمەتنىڭ ئالتە سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى. ئىلىنىڭ ۋالىيسى جاۋشۇڭ ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە كۈتۈۋالدى. ئۇلار ئىلىدا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت پائالىيەت ئېلىپ باردى، نۇتۇق سۆزلەش، تىياتىر قويۇشتىن باشقا يەنە مەشئەل نامايىشىمۇ ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى پائالىيەت زور ئۈنۈمگە ئېرىشتى، ئوقۇغۇچىلار ھەم تەربىيە ئالدى ھەم چېنىقتى. جەمئىيەتتىكى تەسىرىمۇ چوڭ بولدى. بۇھال شىڭشىسەينىڭ دۇجۇڭيۈەنگە بولغان ئۆچمەنلىكىنىمۇ كۈچەيتتى.

8-ئاينىڭ 1-كۈنى، «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» نىڭ 2-جىلدىنىڭ 10-11-سانلىرى نەشىردىن چىقتى. بۇ سانلاردا ماۋدۇننىڭ «ۋاڭجىڭۋېي ئېقىمىدىكىلەرنىڭ مىكروسكوپ ئاستىدىكى نومۇسسىزلىقى»، «ئاق تېررورلۇق ئاستىدىكى ئىسپانىيە»، «‹ناتسىستلار› نىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى كىرزىسنى قۇتقۇزالمايدۇ»؛ جاڭجۇڭشىنىڭ: «چېخوسلوۋاكىيە بېسىۋېلىنغاندىن كېيىنكى ياۋروپا سىياسىي ۋەزىيىتى» قاتارلىق ماقالىلىرى بېسىلدى.

8-ئايدا، داڭلىق سەنئەتكار جاۋدەن، شۈيتاۋ، ۋاڭۋېي، جۇجىنىڭ، يېلۇشى، يۈپېيشەن، چېن يىڭ، چېن ۋەنپېن، بى لىيە قاتارلىقلار ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ماۋدۇن باشقۇرۇۋاتقان شىنجاڭ مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە «كۈرەش» تىياتىرىنى ئوينىدى. شىنجاڭ گېزىتى 9-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن ئېتىبارەن جاۋدەن، ۋاڭۋېي قاتارلىقلار ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن بۇ تىياتىرنىڭ سەھنە كىتابىنى باستى ھەمدە «كۈرەش» تىياتىرىنىڭ ئوينىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن 9-ئاينىڭ 17-كۈنى ئالاھىدە سان چىقاردى. دۇجۇڭيۈەن، ماۋدۇن قاتارلىقلار ماقالىلار يېزىپ: بۇ قېتىمقى ئويۇن شىنجاڭ خەلقىگە ئىلغار مەزمۇن ۋە يېڭى ماھارەت ئېلىپ كەلدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ تىياتىر ئىشلىرى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى، دەپ كۆرسەت-

تى. 10 - ئاينىڭ باشلىرى، بۇ ئويۇننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينالغانلىقىنى تەبرىكلەش سادالىرى ئىچىدە، جاۋدەن، ۋاڭۋېيى قاتارلىقلار كومپارتىيە ئەزاسى يۇسۇن، بەي داڧاڭ قاتارلىقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ كەسپىي خاراكتېرنى ئالغان «شىنجاڭ تەجرىبە تىياتىر ئۆمىكى» نى قۇردى. بۇ ئۆمەك مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلۇشنى مەزمۇن قىلغان تىياتىرلارنىڭ شىنجاڭدا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىدا زور رول ئوينىدى.

يازدا، شىنجاڭ بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئىمتىھان مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىدا، قىزلار ئوتتۇرا مەكتەپىنىڭ باشلانغۇچ مەكتىپى 1 - لىككە ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ مۇنداق ئەلا نەتىجىگە ئېرىشىشى - باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى جاڭپىڭيىڭ ۋە باشقا كوممۇنىست ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرىدىن ئايرىلمايدۇ.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، گېرمانىيە فاشىستلىرى پولشاغا ھۇجۇم قىلدى، 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئومۇمييۈزلۈك پارتلىدى. 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ گېزىتى «ماۋزېدۇڭ ئەپەندىنىڭ ھازىرقى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى توغرىسىدىكى سۆھبىتى» نى باستى.

9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» نىڭ 2 - جىلد 12 - سانى نەشىردىن چىقتى. بۇ سانغا جاڭ جۇڭشىننىڭ «جۇڭگو مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ سەككىز يىلدىن بۇيانقى ئەھۋالى»، دۇجۇڭيۈەننىڭ «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى سانائەت ھەمكارلىق ھەرىكىتى»، «‹18 - سېنتەبىر› نىڭ سەككىز يىلى»، ماۋدۈننىڭ «ئەنگلىيە، فرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبىتىنىڭ ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېتىشىدىكى تۈگۈن» قاتارلىق ماقالىلىرى بېسىلدى.

9 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى دېڭفا مەركەزنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن يەنئەنگە قايتتى، (مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولدى) ئۇ، مەركىزىي كومىتېتقا شىنجاڭ ئەھۋالىدىن دوكلات قىلدى ۋە: «شېڭشىسەي ئۆزىنىڭ مەۋقەسىنى بەلگىلەپ بولدى...، 3 - گۇرۇھ بولمىدىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇردى، پارتىيىمىزنىڭ كادىرلىرىنى چەتكە قاقتى. ئاممىۋى خىزمەت ئىشلىتىشىمىزگە يول قويمايۋاتىدۇ، ئاممىۋى خىزمەت ئىشلىگەنلەرنى پۈتۈنلەي بۆكتۈرۈۋاتىدۇ» دەپ ئەھۋال تونۇشتۇردى.

9 - ئايدا، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇئېنلەي سۇنغان بىلىكىنى داۋالىتىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىۋېتىپ ئۈرۈمچىگە چۈشتى.

ئۇ «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» نىڭ دالامەشىق ئورنىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى كوماندىر-جەڭچىلەرنى يوقلىدى ۋە مەركىزىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن ئۇلاردىن ئەھۋال سورىدى؛ خەلقئارا ۋەزىيەت، مەركەزنىڭ «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» غا بولغان غەمخورلۇقى جاڭگوتاۋنىڭ خاتالىقى قاتارلىق 3 مەسىلە سۆز قىلدى. جاڭگوتاۋنىڭ خاتالىقى مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا: سىلەر ھېچقانداق جاۋابكارلىققا ئىگە ئەمەس، ھەممىڭلار قەيسەر، سادىق ياخشى يولداشلار، مەركىزىي كومىتېت سىلەرگە ئىشىنىدۇ، دېدى. ئۇ: ئۇرۇش شارائىتى بولغاچقا، بۇرۇن بىزدە مەدەنىيەت ۋە ھەربىي تېخنىكىلارنى بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە پۇرسەت بولمىغانىدى، ھازىر سىلەرگە مۇنداق ياخشى پۇرسەت ۋە شارائىت يارىتىلدى، يولداشلار ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇپ ھەر خىل ھەربىي تېخنىكىنى ئوبدان ئىگىلىۋېلىشى لازىم، دەپ ئىلھاملاندۇردى. مۇئاۋىن رەئىس جۇئېنلەي ئۈرۈمچىدە تۇرغان قىسقىغىنە مەزگىل ئىچىدە شېڭ شىسەي بىلەن تۆت قېتىم سۆھبەتلەشتى. سۆھبەتتىكى مەركىزىي مەسىلە ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى بولدى. بىر قېتىملىق سۆھبەتتە، شېڭ شىسەي دېڭ فا ۋە باشقا كوممۇنىستلارغا تۆھمەت قىلدى. بۇ، شېڭ شىسەينىڭ ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى يامانلاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى روشەن ئىپادىلىدى.

9 - ئايدا، شىنجاڭ گېزىتى «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىنىڭ سەككىز يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىككى ھەپتە تەشۋىقات ئېلىپ باردى. 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە «18 - سېنتەبىر ۋەقەسىنىڭ سەككىز يىللىقىنى خاتىرىلەش تەشۋىقات تېزىسلىرى» نى ئۇزمەي بېسىپ، «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىنىڭ جەريانى، ياپون فاشىستلىرىنىڭ شەرقىي شىمالدىكى سەككىز يىللىق قانلىق ھۆكۈمرانلىقى، «18 - سېنتەبىر» نىڭ سەككىز يىللىقى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش، شىنجاڭ خەلقىنىڭ «18 - سېنتەبىر» نى خاتىرىلەشتىكى جەڭگىۋار ۋەزىپىلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى بايان قىلدى. شىنجاڭ گېزىتى يەنە 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە «18 - سېنتەبىرنىڭ سەككىز يىللىقى» سەرلەۋھىلىك باشماقالە ۋە ئون پارچىغا يېقىن خاتىرىلەش ماقالىلىرى ئېلان قىلدى.

9 - ئايدا، چېن ۋېنيىنسۇ (چېن ۋېنيىڭ — لىن جىلۇنىڭ ئايالى) يەنئەندىن ئۈرۈمچىگە كەلدى. بىر ئايدىن كېيىن ئۇ كۇچا ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلىقىغا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن ۋۇنەيىن (ۋۇشاكېمىڭ) قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىغا ئەۋەتىلدى.

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» نىڭ 3 - جىلد 1 - سانى نەشىردىن چىقتى. بۇنىڭغا دۇجۇڭيۈەنىڭ: «ۋاڭ جىڭۋېي ئېقىمىدىكى داشقاللارنى ئەيىپلەيمىز»، ماۋدۇننىڭ: «تاجاۋۇزچى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ئىچ پۇشۇقى»، جاڭ-

جۇڭگونىڭ «ئىككى قېتىملىق جاھان ئۇرۇشى توغرىسىدا» قاتارلىق ماقالىلىرى بېسىلدى. دۇجۇڭيۈەن ئۆز ماقالىسىدا: ۋاڭجىڭۋېي ئېقىمىدىكى اشقاللار — «مۇناپىقلار، خەلقنىڭ دۈشمەنلىرى، ئۇلارنىڭ نىقابىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئەپتى-بەشىرىسىنى خەلققە تونۇتمىساق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

10-ئايدا، چېن تەنچيۇ «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» دىن شىپىلياڭخوڭ، شاۋيۈنخەن (شاۋپىڭ)، خۇشاۋبىڭ، ۋاڭمىڭچاۋ قاتارلىق تۆت كىشىنى ئۆلكىلىك مال دوختۇرلۇق مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلار 1940-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئوقۇش تۈگەتتى. شاۋيۈنخەن يەنئەنگە خىزمەتكە كەتتى، قالغان ئۈچى ئۆرۈمچى مال دوختۇرخانىسىدا دوختۇرلۇق قىلدى.

10-ئايدا، مەدەنىيەت جەمئىيىتى مەدەنىيەت كۇرسى ئاچتى. بۇ كۇرسقا ماۋدۇن، جاڭجۇڭشى مەسئۇل بولدى ۋە يېڭى پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن، ئىقتىساد، تارىخ-جۇغراپىيەدىن دەرس ئۆتتى. جاۋدەن ئويۇن قويۇشتىن، شۆي تاۋ تىياتىر نەزەرىيىسىدىن، بەي دافاڭ دراما يېزىشتىن، يۈسۈن مۇزىكىدىن، جۇجىمىڭ سەھنە تېخنىكىسىدىن، ۋاڭۋېي سەنئەت گىرىمىدىن دەرس بەردى. ئۇلار نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىككى يىلدا 13 مىللەتتىن 200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەپ چىقتى. بۇ ئوقۇغۇچىلار ھەر قايسى جايلارغا بارغاندىن كېيىن، شۇ يەردىكى ھەر مىللەت مەدەنىيەت جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈردى.

10-ئاينىڭ 15-كۈنى، لىن جىلۇ كوچا، شايا ناھىيىلىرىدىكى دېھقان-چارۋىلارنى ئىبرىق-ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا تەشكىللىدى، 20 كۈندە ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر، كەڭلىكى بەش چى، چوڭقۇرلۇقى بەش چى كېلىدىغان ئۆستەڭ ياسالدى. 11-ئاينىڭ 16-كۈنى تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى كوچا يېڭى ئۆستىڭىگە باشلاندى. يېڭى ئۆستەڭنىڭ ياسىلىشى ئىككى ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور پايدا يەتكۈزدى.

10-ئايدا، ساكۇڭلياۋ شىنجاڭ گېزىتخانىسى ئۈچۈن سېتىۋالغان ئۇسكۈنە ۋە تەكلىپ قىلىنغان 30 نەچچە كىشىنى ئېلىپ شياڭگاڭدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ گېزىتىنىڭ باسما شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

10-ئاينىڭ 28-كۈنى، شېڭ شىسەي دۇجۇڭيۈەنگە بولغان زىيانكەشلىكىنى

كۆچەيتكەنلىكتىن دۇجۇڭيۇەن ئۆز خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى ۋە ئىستىپا سوراپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە دوكلات سۇندى. دوكلاتتا مۇنداق دېيىلدى: «تېز ئاغرىقىم تېخى ساقايمايلا، ئاشقازان، گېمورروي قاتارلىق كونا كېسەللىرىم يەنە قوزغالدى. شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدىغان ئادەم بولغاچقا، ۋەزىپەمدىن ئىستېپا بەرسەم ھۆكۈمەت ئىشىغىمۇ، شەخسىي ئىشىمغىمۇ تەسىر يەتمەيدىكەن. ئۇزۇن مۇددەت خاتىرجەم دەم ئېلىش ۋە داۋالىنىشنى نەزەردە تۇتۇپ مەزكۇر دوكلاتنى يازدىم، مەكتەپ مۇدىرلىقىدىن ئىستىپا سوراپ يازغان بۇ دوكلاتىمنى تەستىقلاپ بېرىشلىرىڭنى سورايمەن». 10-ئاينىڭ 31-كۈنى، دۇجۇڭيۇەنىڭ بۇ دوكلاتى تەستىقلاندى ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ئۆز ئۆيىدە نەزەربەنت قىلىندى. مەكتەپ ئىلمىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى گوچۇنزېيمۇ 1940-يىلى 2-ئايدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى.

10-ئايدا، شىنجاڭ مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى تىياتىر بۆلۈمىنى «تىياتىر ھەرىكىتى كومىتېتى» قىلىپ كېڭەيتىپ، تەجرىبە تىياتىر ئۆمىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋەتتى. ماۋدۇن بۇ كومىتېتنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. بەي داڭ، يۇسۇن قاتارلىقلار تىياتىر ھەيئىتى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى سۈپىتى بىلەن رەھبەرلىك ئىشلىرىغا قاتناشتى.

تەجرىبە تىياتىر ئۆمىكى تىياتىر ھەرىكىتى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە باللار تىياتىر ئۆمىكىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەملەشتى ھەمدە ئۇنىڭ «جۇڭگو ئۆسمۈرلىرى»، «قاناتلىق يولۋاس»، «قامال لىنىيىسى»، «قوڭغىراق» قاتارلىق تىياتىرلارنى ئوينىشىغا ياردەم بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتىمۇ ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭ بىلەن «ياتاقخانا»، «جاھانگىرلىككە قارشى باتۇرلار»، «دالىغا نەزەر»، «كەچ قالدىڭىز» قاتارلىق ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىياتىر ئىجادىيىتىمۇ جانلىنىشقا باشلىدى، مەسىلەن ئۇيغۇر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «كۆرەش قىزى»، قازاقلارنىڭ «توي لىق»، ئۇيغۇرلارنىڭ «پىردىخۇن»، شىبەلەرنىڭ «دالىدا» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى.

11-ئاينىڭ 1-كۈنى، «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» نىڭ 3-جىلد 2-سانى نەشىردىن چىقتى. بۇ سان «ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا بېغىشلانغان مەخسۇس سان» بولۇپ، ئۇنىڭغا دۇجۇڭيۇەنىڭ «جۇڭگو دىپلوماتىيىسى نەگە بارىدۇ؟» دېگەن ئوبزورى، جاڭ جۇڭشىنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 22 يىلى» دېگەن ماقالىسى، ماۋزېدۇڭنىڭ «مىللىي مەسىلە ھەل بولدى» دېگەن تەرجىمىسى، ۋاڭ باۋچيەن (تەخەللۇسى سەنلىيەن) نىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىنچلىق دىپلوماتىيىسىنىڭ غەلىبىسى»، ليۇجىڭجۇڭ (تەخەللۇسى پېيشىڭ) نىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقى يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمىسىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىستىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا بىر نەزەر» دېگەن ماقالىلىرى، سا-

كوكلياۋنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقى ئاياللىرى»، «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاممىۋى تېخنىكا تەربىيىسى» دېگەن تەرجىمىسى قاتارلىق ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ 22 يىللىقىنى خاتىرىلەشكە بېغىشلانغان ماقالىلار بېسىلدى. ماۋزېدۇڭنىڭ «لۇشۈن ئەپەندىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا خاتىرىلەيلى» دېگەن ماقالىسىمۇ دۇشۇ ساندا ئېلان قىلىندى.

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلدى. ۋاڭ باۋچيەن بۇ جەمئىيەتنىڭ باشلىقلىقىغا، جاڭ جۇڭشى، ماۋدۇن، شۇي مېڭچۇ قاتارلىق ئون كىشى ئىشلىققا سايلاندى. لىشىخۇي جاڭ جۇڭشى، شۇي مېڭچۇنى دائىمىي ئىشلىققا سايلىدى. بۇ جەمئىيەت تەركىبىدە تەشكىلات بۆلۈم، تەتقىقات بۆلۈم، مەدەنىيەت - ئالاقە باغلاش بۆلۈم تەسىس قىلىنىپ، ماۋدۇن تەتقىقات بۆلۈم باشلىقلىقىغا، شۇي مېڭچۇ تەشكىلات بۆلۈم باشلىقلىقىغا، جاڭ جۇڭشى مەدەنىيەت - ئالاقە باغلاش بۆلۈم باشلىقلىقىغا بەلگىلەندى. شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى سانىدا جاڭ جۇڭشىنىڭ «جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىلىرى»، ماۋدۇننىڭ «سەمىمىي ئۈمىد» دېگەن ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. ماۋدۇن بۇ ماقالىسىدا جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ 22 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ماۋدۇننىڭ «20 يىلدىن بۇيانقى سوۋېت ئەدەبىياتى»، ساكوكلياۋنىڭ «بۈگۈنكى سوۋېت سەنئىتى» دېگەن ماقالىلىرىنى ۋە مولوتوۋنىڭ (جاڭ جۇڭشى تەرجىمە قىلغان) «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سىياسىتى» دېگەن سۆزىنى ئېلان قىلدى.

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، چېن تەنچيۇ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت - ناھىيىلىردە خىزمەت قىلىۋاتقان پارتىيە ئەزالىرىغا خەت يېزىپ، پارتىيىنىڭ شىنجاڭدىكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ۋە خىزمەت فاڭجېنىنى بايان قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: بىزنىڭ شىنجاڭدىكى خىزمەت ۋەزىپىمىز ۋە فاڭجېنىمىز شىنجاڭنىڭ باشتىن - ئاخىر جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى جاھانگىرلارنىڭ قانلىق قولىغا چۈشۈرۈپ قويماسلىق؛ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بۇ ئارقا سەپنى ۋە خەلقئارالىق مۇھىم قاتناش يولىنى مۇستەھكەملەش؛ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئىناق، دوستانە تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن «6 سىياسەت»نى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنى قەتئىي، ئىزچىل - كېسىل ئىجرا قىلىش كېرەك. چۈنكى، «6 سىياسەت» شىنجاڭنىڭ

ئالاھىدە شارائىتىغا ئەڭ ئۇيغۇن كېلىدىغان سىياسەت.

چېن تيەنچيۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىز پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا بىرلىكسەپ سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك. لېكىن، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە بولغاچقا بەزى ئىشلارنى ئىچكى ئۆلكىلەردىن پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئىچكى ئۆلكىلەردە بىرلىكسەپنى مۇستەھكەملەيمىز، لېكىن ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل تەشەببۇسلىرىمىزدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمىز، ئۆز تەشكىلىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز، «ئىزم» نى تەشۋىق قىلىمىز، ئامما ئارىسىدىكى تەسىرىمىزنى كېڭەيتىمىز.... شىنجاڭدا بولسا ئەھۋال باشقىچە، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى - تاشقى سىياسىتى ئىلغار، ئىنقىلابىي، ئىنقىلابنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن. شۇڭا، بىز بۇ ھۆكۈمەت بىلەن قارىمۇقارشى بولغان تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماستىن بەلكى بۇ ھۆكۈمەتكە سادىق بولۇشىمىز، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ «6 سىياسەت» نى ئۆزۈل - كېسىل ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، بۇ سىياسەتنىڭ غەلىبىسى — بىزنىڭ شىنجاڭدىكى غەلىبىمىز بولىدۇ. ئەگەر شىنجاڭدا «6 سىياسەت» كە ئوخشىمايدىغان باشقىچە تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولساق، سۇبيېكتىپ ئارزۇيىمىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوبيېكتىپ جەھەتتە بۇزغۇنچىلىق رولىنىلا ئوينايدۇ. شۇڭا، شىنجاڭدىكى خىزمەت ۋەزىپىمىزنى تەشكىلىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، «ئىزم» نى تەشۋىق قىلىش ياكى ئۆز كۈچىمىزنى كېڭەيتىش ئەمەس بەلكى «6 سىياسەت» لىك ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، دەپ بەلگىلىدۇق.

خىزمەت پوزىتسىيىسى مەسىلىسىدە، ئۇ مۇنداق دېدى: بىز ئىنقىلابنىڭ خىزمەتچىلىرى. بىز ياللانما ئەمگەكچىلەر ئەمەس بەلكى ئاڭلىق ئىنقىلابىي جەڭچىلەر. بىز ئۆزىمىزنىڭ خىزمىتىمىزگە سادىق بولۇشىمىز، ئاكتىپ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.... بىز «سادىقلىق»، «ئاكتىپلىق»، «مەسئۇلىيەتچانلىق» نى بارلىق خىزمەتچىلىرىمىزنىڭ خىزمەت ئىستىلى قىلىشىمىز كېرەك.

خىزمەت ئۇسۇلى مەسىلىسىدە، ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىز جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتماقچى بولىدىكەنمىز، ئاساسلىقى يېڭى، ئىلغار كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈشىمىز ۋە ئۇلارنى يۆلىشىمىز كېرەك، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە كونا، قالاق كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىنى ئازايتىشىمىز كېرەك. شۇڭا، بىز مەسىلىلەرگە قارىغاندا ۋە ئۇنى تەھلىل قىلغاندا، سۇبيېكتىپ ئارزۇغىلا تايىنىپ ئوبيېكتىپ شارائىتقا كۆز يۇمماسلىقىمىز لازىم.... بۈگۈنكى كۈندە ئەڭ مۇھىم ۋە ئالدىنقى ئورۇندىكى خىزمەت «6 سىياسەت» بايرىقى ئاستىدا ھەر مىللەت ئىلغار ياشلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، «6 سىياسەت» كە ھەقىقىي سادىق زور بىر تۈركۈم كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ ئىلغار ياشلارنى ۋە كادىرلارنى «6 سىياسەت» نى ئىجرا قىلىش، «6 سىياسەت» لىك ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئاساسىي كۈچى قىلىش كېرەك.... يولداشلىرىمىز كىشىلەر

بىلەن بولغان مۇئامىلىدە كەمتەر بولۇشى، خارجى ئىشلاردا تەمكىن بولۇشى، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا قاتتىق بويسۇنۇشى، پاك، ئېغىر - بېسىق، ئىشچان بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى لازىم.... يولداشلىرىمىز نەگىلا بارسۇن، قانداق شارائىتكە دۇچ كەلسۇن كوممۇنىستلىق سوپىتىنى ۋە پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى قەتئىي ساقلىشى لازىم.

ئۇ يەنە مۇنداق ئۈچ مەسىلىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويدى:

ئاڭ مەسىلىسى: بىز باشتىن - ئاخىر مۇقىم، ئىنقىلابى، ئىلغار ئاڭنى ساقلىشىمىز لازىم. خىزمەتتە پارلاق ئىستىقبالغا ئىشەنچىدە بولۇشى كېرەك، راھەت - پاراغەتكە بېرىلمەيدىغان، يوقسۇزلۇققا تەۋرەنمەيدىغان، بېسىم ئالدىدا تىز پۈكمەيدىغان قەيسەر شىجائەت، ئىگىلمەس - سۇنماس جەڭگىۋار روھ بولۇشى لازىم. غەلىبىنى كۆرۈپ كۆرەڭلىمەسلىك، قىيىنچىلىققا بولۇققاندا چۈشكۈنلەشمەسلىك كېرەك.

تۇرمۇش مەسىلىسى: يولداشلىرىمىز شەخسى تۇرمۇشنى قاتتىق تەكشۈرۈشى، چاپا - مۇشەققەتكە چىداشتەك ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

ئۆگىنىش مەسىلىسى: ئالدى بىلەن نەزەرىيە ۋە سىياسىي سەۋىيىنى ئۆستۈرۈش كېرەك، بۇ بىزنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە خىزمەتتە كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىكى قابىلىيەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

ئىچكى تۈزۈلۈش — ئۆگىنىش (نەزەرىيە، سىياسىي ئۆگىنىش)، خىزمەت (ھۆكۈمەت سىياسىتى، خىزمەت ئۇسۇلى قاتارلىق) ۋە تۇرمۇش (ئىدىيىۋى ئاڭ ۋە ماددىي تۇرمۇش قاتارلىق) نى تەتقىق قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى مەركەز قىلىشى كېرەك. مەخپىي خىزمەت تۈپەيلى، يىغىنلار كۆپ بولماسلىقى لازىم. ئەڭ ياخشىسى يېرىم ئايدا بىر قېتىم بولۇشى تۈزۈك.... پارتىيە بەدىلى ھەر ئايدا تاپشۇرۇلۇشى كېرەك. شارائىت يار بەرسە، خىزمەت ئەھۋالى، ئىچكى تۈزۈلۈش ۋە ھەرقايسى يولداشنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ئەھۋالىدىن يازما دوكلات يوللانسا بولىدۇ.

11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ماۋزىمىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە يىغىندىن تۈزۈلگەن «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈچلەرنىڭ چېگرىدىن چىقىپ كېتىشىنى چەكلەش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلدى. بۇنىڭدا: بىر كىشىنىڭ چېگرىدىن ئېلىپ چىقىدىغان ئالتۇن جابدۇقى ئىككى سەر، كۈمۈش جابدۇقى بەش سەر، ئارتۇقى مۇسادىرە قىلىنىدۇ ھەمدە شىنجاڭنىڭ پۇل - مۇئامىلە ئىشلىرىنى قالايمىقان قىلغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپكە بۇزغۇنچىلىق قىلغان قاتاردا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇ «12 ماددا» نىڭ ئېلان قىلىنىشى ئال-

تۈن - كومۇچىنىڭ سىرتقا ئېقىشىنى چەكلىدى ۋە شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا پايدىلىق رول ئوينىدى.

11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، داۋالىنىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ماڭغان شې لياڭ (شې لياڭسەي)، يۈ لياڭخۇي (لوزۇ يۈەن)، شې جاڭمىڭ، لو يۈنجاڭ، خۇ زىمىڭ، يې خېيۇ، چېن جىنيا، جاڭ ۋېنچۇ (جاڭ يىپىڭ)، زىڭ مىڭيۇ قاتارلىق ئون نەچچە كىشى ئۈرۈمچىگە كەلدى. سوۋېت — فىنلاندىيە ئۇرۇشى تۈپەيلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقالماي ياڭ ماۋخۇ مېھمانخانىسىدا ئورۇنلىشىپ بىر تەرەپتىن داۋالاندى، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش قىلدى.

11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، چېن تەنچيۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىن دوكلات قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: يېقىندىن بۇيان شىنجاڭ ۋەزىيىتى ياخشىلىنىش بۇ ياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە داۋاملىق يامانلىشىۋاتىدۇ. (1) ئالتاي قازاقلىرى ئىچىدە ۋاقە يۈز بەردى. ھۆكۈمەت ئايروپىلان، ئەسكەر چىقىرىپ 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۇلارنى تازىلىماقچى. ۋاقەگە قاتناشقان قازاقلار 1500 كىشىگە كۆپەيدى ئۇلاردا 200 تالدىن ئارتۇق قورال بار. ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ قورال - ياراقلارنى يىغىۋېلىشىغا قارشى تۇرۇۋاتىدۇ. (2) شېڭ شىسەي «قوزغىلاڭ قىلىشنى پىلانلاش ئەنزىسى» دېگەن بىرنېمىنى پەيدا قىلىپ، دۇجۇڭيۈەنگە زىيانكەشلىك قىلدى ھەمدە جاۋدەن، شۈي تاۋ، شى مى، جۇڭشى، ماۋدۇن قاتارلىقلارنى «تروتسكىچى»، «تەشكىللىك ھالدا شىنجاڭغا كېلىپ دۇجۇڭيۈەننىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىگە قاتناشتى» دېدى. روشەنكى، بۇ چوڭ سۈيقەست. (3) كومپارتىيىگە قارشى ھەرىكەت يەنىلا داۋاملاشماقتا. يولداشلىرىمىز تۆھمەت - شىكايەتلەرگە ئۇچراپ تۇرۇۋاتىدۇ. بەزىلەر «ئىچكىرىدىن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى تروتسكىچى»، «شىنجاڭ كوممۇنىستلار تەرىپىدىن قىزىللاشتۇرۇلىدىغان بولدى» دېگەن ئىغۋالارنى تارقاتماقتا... ھەرقايسى ئىدارىلارنىڭ باشلىقلىرى يەن تۈڭغا قارشى تۇرۇۋاتىدۇ. شېڭ شىسەي مەلۇم ھەربىي كۇرسىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا سۆز قىلىپ: كومپارتىيە ئىچكى ئۆلكىلەرگە كېرەك، شىنجاڭغا كېرەك ئەمەس، كىمكى سىلەرنى كومپارتىيىگە تونۇشتۇرغان بولسا، ئۇ چوقۇم تروتسكىچى، سىلەر ئۇنى يۇقىرىغا دوكلات قىلىڭلار، «6 سىياسەت» تىن گۇمانلانغۇچىلار بولسا ئۇنىمۇ دوكلات قىلىڭلار، دەپتۇ. شېڭ شىسەي ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى ئالدىراشلىقىنى باھانا قىلىپ، مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلىپ كەلدى. (4) كومپارتىيىگە قارشى ھەرىكەتمۇ جىددىيلىشىۋاتىدۇ. يېقىنقى بىرقانچە ئايدىن بېرى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىلىرىدا ۋە باشقا ئورگانلاردا ئىشلەۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل كىشىلەر كۆپلەپ ئالماشتۇرۇلۇۋاتىدۇ. دوكلاتتا يەنە: شېڭ شى-

سەي ئالتاي قازاقلىرىنىڭ توپىلىڭىغا سوۋېتلىكلەر قوماندانلىق قىلدى، غۇلجىدىكى كونسۇلخانىنىڭ ئارقا ھويلىسىدا ئىككى جەسەت چىقتى، دەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۆھمەت چاپلاپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كەيپىيات پەيدا قىلىشنىڭ باھانىسى، دەپ كۆرسەتتى.

1939 - يىلىنىڭ ئاخىرى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. ئىئانە ئۈچۈن توپلانغان پۇلنىڭ ئۆزىلا ئىككى مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. پۇل ئىئانە قىلىش ھەرىكىتىگە ھەر مىللەت، ھەرساھە خەلقى پائال قاتناشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 60 — 70 ياشلىق بوۋاي - مومايلارمۇ، 7 — 8 ياشلىق باللارمۇ بار. ھەتتا تىلەمچىلەرمۇ تىلەپ تاپقان پۇللىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئىئانە قىلدى. ئىئانە توپلاش ھەرىكىتىدىكى قىزغىنلىق، ئىئانە قىلىنغان پۇلنىڭ كۆپلىكى — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش قىزغىنلىقىنىڭ تازا ئەۋجىگە چىققانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

1939 - يىلى، ماۋزېمىننىڭ پائال قوللىشى بىلەن ئۈرۈمچىگە يېڭىدىن سېلىنغان رادىئو ستانسىسى پۈتتى، بۇنىڭغا 150 مىڭ يۈەن ئامېرىكا دوللىرىلىق مەبلەغ سېلىندى.

12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، چى تيەنمىڭ ۋاپات بولدى.

چى تيەنمىڭ مانجۇ بولۇپ، ئەسلى ئىسمى چى يەنپېي. ئۇ 1910 - يىلى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنەن شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1933 - يىلى چىڭخۇا داشۆسىنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ باكلاۋېرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. شۇندىن كېيىن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزىي تەتقىقات يۇرتى تارىخ — تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ياردەمچى تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەپ، خارابىلارنى ئېچىشتا خېلى تۆھپە قوشقان. ئۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن 1937 - يىلى يەنئەنگە بېرىپ شىمالىي شەنشى گۇڭشۆسىدە ئوقۇغان ۋە شۇ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1938 - يىلى ئەتىياز، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۇنى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتكەن. 7 - ئايدا، شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ كاتىپلىقىغا، قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەنگەن. 1939 - يىلى ئەتىياز، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكەلگەن. 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كېزىك كېسىلى بىلەن قۇمۇلدا ۋاپات بولدى.

## 1940 - يىلى

1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئاقسۇ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى خۇاڭ خوچىڭ قېرى، ئاجىز، كېسەل - مەجرۇھلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش توغرىسىدا مەمۇرىي مەھكىمە نامىدىن 965 - نومۇرلۇق كۆرسەتمە ئېلان قىلدى. بۇ كۆرسەتمىدە: ۋىلايىتىمىزدە بىر قىسىم كەمبەغەللەرنىڭ كوچىلاردا، كۆۋرۈك باشلىرىدا ھەتتا كىشىلەرنىڭ ئىشىكلىرىدە تىلەمچىلىك قىلىۋاتقانلىقى بايقالدى...... ھەرقايسى ناھىيىلەر ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ئۇلارنى ۋە كۈننى ئالالمايدىغان ئىگە - چاقىسىزلارنى ئايدا 30 جىڭ ئۇن بىلەن تەمىنلىشى، ئۇلارغا ئاددىي قول - ھۈنەر ئۆگىتىپ تىرىكچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك، دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ كۆرسەتمە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئارقا - ئارقىدىن ساخاۋەتخانىلار قۇرۇلۇپ، كەمبەغەللەرگە ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئىقتىسادىي ياردەم بېرىلدى.

1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، شىنجاڭدىن يەنئەنگە قايتتى. ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» نىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرىنى يەنئەنگە قايتۇرۇشنى قارار قىلدى، باش قوماندان جۇدې 1939 - يىل 11 - ئايدا «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» نى قايتۇرۇش توغرىسىدا شېڭ شىسەيگە تېلېگرام ئەۋەتتى. شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ ھەربىي بۇيرۇق شتابىغا ۋە جياڭ جيېشىگە تېلېگرام يوللاپ، شۆي شياڭچيەن قىسمىنىڭ قالدۇق قىسمىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنى قوشۇنغا قايتۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق سورىدى. 1939 - يىل 12 - ئايدا، شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىنىڭ شۆي شياڭچيەن قىسمىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنى قوشۇنغا قايتۇرۇشنى ئەستىقلىغانلىقى توغرىسىدا گومىنداڭنىڭ ھەربىي بۇيرۇق شتابى ئەۋەتكەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» غا ئىككى قېتىم يوليورۇق بېرىپ تېلېگرام ئەۋەتتى. بىرىنچى قېتىمدا، چوڭ ئەترەت (تۆۋەن دەرىجىلىك) تىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئايروپىلان بىلەن، قالغان يولداشلارنىڭ ئاپتوموبىل بىلەن قايتىپ كېلىشى توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. ئىككىنچى قېتىمدا، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ئوتتۇرىسىدا قاتتىق سۈركىلىش بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، يولدا بىرەر ئاۋارىچىلىككە يولۇقۇپ قالماسلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، كۈچلۈك كادىرلارنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى چېن تەنچيۇ مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ۋە شۇ چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، ئاۋىئاتسىيە ۋە مال دوختۇرلۇق كەسپىنى ئۆگىنىۋاتقان كۇرسانتلار ۋە بىر قىسىم كادىرلارنى قالدۇرۇپ قويۇپ، «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» نىڭ قالغان 360 نەپەر كوماندىر - جەڭچىلىرىدىن 329 نەپىرىنى ئاپتوموبىل بىلەن يەنئەنگە قايتۇرۇشنى قارار قىلدى، ئۇلارنى بىر يىلىك قىلىپ تەشكىللەپ، زېڭ يۈيلىياڭنى يىگجاڭ، يۈي شىنخۇانى سىياسىي كومىسسار، زۇكەيشېڭنى مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار، سۇجىننى سەنمۇجاڭ قىلىپ تەيىنلىدى. شېڭ شىسەي كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى دىڭ باۋجېننى ئىككى نەپەر مۇھاپىزەتچى بىلەن بىللە ئەۋەتتى. شېڭ شىسەي چىقارغان 30 نەچچە ئاپتوموبىل 11 - كۈنى شىنجاڭدىن ئايرىلدى. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى چېن تەنچيۇ سۆز قىلدى. ئۇلار يولدا نەچچە قېتىم گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، دىڭ باۋجېن ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا خەۋپ - خەتەرلەردىن قۇتۇلۇپ، 1940 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يەنئەنگە يېتىپ باردى.

داۋزىجيەن، ياۋيۈنلياڭ، سۇڭ چېڭدې قاتارلىق ئەترەت باشلىقلىرىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار، كېسەللەر ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 31 نەپەر كىشى شېڭ شىسەي گومىنداڭ ھەربىي بۇيرۇق شتابىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئايروپىلان بىلەن 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدا لەنجۇغا يېتىپ باردى، ئاندىن كېيىن ئاپتوموبىل بىلەن يەنئەنگە قايتتى.

1 - ئايدا، كۇچا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى لىن جىاۋ ۋە باج ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جياڭ ليەنمۇ ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ماۋزېمىننىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن 20 نەچچە خىل باجنى تىجارەت بېجى، قان بېجى، ھاراق - تاماكىنى مەخسۇس ئىستېمال قىلىش بېجى، ماركا بېجى قاتارلىق 10 نەچچە خىلغا قىسقارتتى. باجنىڭ يەڭگىللىتىلىشى باج خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

1 - ئايدا، «شىنجاڭ گېزىتى» 1 - ئايدىن باشلاپ، «كىتابخانىلاردىن خەت»، «پارچە بىلىملەر»، «ئۇششاق ساۋاتلار»، «كىچىك لۇغەت» قاتارلىق مەخسۇس ستونلارنى ۋە «يەتتە كۈنلۈك ۋەقەلەر»، «ئېقىم مەسىلىلىرى توغرىسىدا سۆھبەت» قاتارلىق مەخسۇس سەھىپىلەرنى ئېچىپ، ماركسىزم - لېنىنىزم ئاساسىي بىلىملىرىنى ۋە ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنى تەشۋىق قىلدى. يېڭى ئېچىلغان بۇ سەھىپىلەردە ماركسىزم - لېنىنىزمغا دائىر ئاتالغۇلارغا ئىزاھات بېرىلدى. مەسىلەن، ماركسىزم، لېنىنىزم، كاپىتالىزم،

بۇرژۇئازىيە، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم دېگەنگە ئوخشاش ئاتالغۇلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ گېزىتى يەنە جاڭجۇڭشى تەرجىمە قىلغان «يېڭى پەلسەپىدىن لېكسىيە» دېگەن كىتابنىڭ 1-، 2-قىسمىنى 15 مىڭ نۇسخىدىن بېسىپ تارقاتتى.

1-ئايدا، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ بىرقانچە خىل گېزىت-ژۇرناللار چىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ 7-شۆبىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا «باشلامچى» گېزىتى ئۈرۈمچىدە شاپىگىراپ بىلەن بېسىپ چىقىرىلدى. مائارىپ نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا «مائارىپ خەۋەرلىرى» دېگەن ئايلىق ژۇرنال چىقىرىلدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشمىسى مەدەنىيەت بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىدا «قۇتۇلۇش رەسىملىك ژۇرنىلى» (پەسىللىك) چىقىرىلدى. بۇ گېزىت-ژۇرناللار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ يوللىرىنى تەشۋىق قىلدى.

1-ئايدا، چېن تەنچيۇ جى خېنى فېڭ شۈەرنىڭ ئورنىغا بېرىپ تەرجىمە-ئالاقە خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن، 8-ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرۇش ئورنىغا يۆتكىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن ۋاڭ شۇنجىڭنى 8-ئارمىيىنىڭ ئىش باشقۇرۇش ئورنىغا ئورۇنلاشتۇردى.

2-ئاينىڭ 1-كۈنى، «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» نىڭ 3-جىلد 5-سانىغا ماۋدۇنىڭ «ئاممىبابلاشتۇرۇش، ئاممىۋىلاشتۇرۇش ۋە جۇڭگولاشتۇرۇش»، بەيدافاڭنىڭ «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت بايلىقلىرى ۋە تاشقى مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىيات جەريانى»، ساكۇڭلياۋنىڭ «‹5-ماي› ئىزاھنامىسىگە باھا» دېگەن ماقالىلىرى بېسىلدى.

2-ئاينىڭ 3-كۈنى، ئاتاقلىق ئالىم شېن جىڭيۈەن شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپى بىلەن شىنجاڭغا لېكسىيە سۆزلەشكە كەلدى. شىنجاڭ گېزىتى «شەھىرىمىزدىكى ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرى شېن جىڭيۈەن ئەپەندىنى كۈتۈۋالدى» دېگەن ماۋزۇدا شېن ئەپەندىنىڭ بۇ قېتىمقى شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىنى خەۋەر قىلدى. شېڭ شىسەي شېن جىڭيۈەننى قىزغىن كۈتۈۋالدى. شېن ئەپەندى شىنجاڭدا لېكسىيە سۆزلەپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا چۇڭچىڭغا قايتىپ كەتتى.

2-ئاينىڭ 13-كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى ھەر قايسى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ

ۋاڭجىڭۋېينى ئەيىپلەش يۈزىسىدىن يوللىغان تېلېگراممىسىنى ئېلان قىلدى.

2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى ماۋزېدۇڭنىڭ «ئىككىنچى قېتىملىق جاھانگىرلىك ئۇرۇشى توغرىسىدىكى نۇتۇق تېزىسلىرى» نى كۆچۈرۈپ باستى. ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ نۇتۇق تېزىسلىرىدا، ئۇرۇشنىڭ يېڭى باسقۇچى، ئۇرۇشنىڭ سەۋەبلىرى، ئۇرۇشنىڭ مەقسىتى، ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرى، ئۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى ۋە بىزنىڭ ئۇرۇشقا قاراتقان ئىنقىلابىي سىياسەتلىرىمىز قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنغان.

2 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، ساكوۋكلىياۋ شېڭشىسەي بىلەن دۇجۇڭيۈەننىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ قويۇش ئىشىدا ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا تۇرۇۋېرىشنى خالىماي، ماۋزېمىننىڭ قوللىشى بىلەن چۈگچەككە قايتىپ كېتىش توغرىسىدا شېڭشىسەيگە تەلەپ قويدى. بۇ ئىش دەل گومىنداڭنىڭ مىللىي قورۇلتاي ئېچىشقا تەييارلىنىۋاتقان پەيتىگە توغرا كەلگەچكە، مىللىي قورۇلتايغا دائىر ئىشلارنى تىڭتىڭلاپ بېقىش ئۈچۈن، شېڭشىسەي ساكوۋكلىياۋنىڭ چۈگچەككە قايتىشىغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ساكوۋكلىياۋ شىنجاڭدىن ئايرىلىپ ئىچكى ئۆلكىگە قايتتى.

2 - ئايدا، ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىنىڭ تېخنىكى پېڭرېنفا ئىش ئۈستىدە تۇرۇۋاتقاندا، شېڭ شىسەينىڭ ئايرودۇرۇمدىكى تېخنىك ئەسكەرلىرىنىڭ مەشغۇلات قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن، ئايروپىلاننىڭ پىلدىرلىغۇچى سوقۇۋېتىپ يارىلاندى ۋە داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، قۇربان بولدى.

پېڭرېنفا جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ گەنجۇ دېگەن يېرىدىن بولۇپ، 1930 - يىلى ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسىگە قاتناشقان، 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرنى باشتىن كەچۈرگەن، 1938 - يىلى يەنئەندىن شىنجاڭغا ئاۋىئاتسىيە تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە كەلگەن.

2 - ئايدا، جو ئېنلەي، دېڭ يىڭچاۋ، رېن بىشى ۋە چېن زۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يەنئەنگە قايتىش سەپىرىدە ئۈرۈمچىگە چۈشتى. جو ئېنلەي بۇ يەردە پارتىيە ئەزالىرىغا ئۈچ مەسىلە ۋە «6 سىياسەت» قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆز قىلدى. جو ئېنلەي يەنە دۇ جۇڭيۈەننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، دۇ جۇڭيۈەننى ئۆزى چۈشكەن ئايروپىلان بىلەن ئىچكىرىگە ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى شېڭ شىسەيگە ئېيتتى، شېڭ شىسەي كېيىنكى قېتىملىق نۆۋەتچى ئايروپىلان بىلەن يولغا سېلىشقا ماقۇل بولدى. بۇ ئۇنىڭ ئىشنى ئەتەي ئارقىغا سۈرگەنلىكى ئىدى. جو ئېنلەي شىنجاڭدىن ئايرىلىدىغان چېغىدا، جاڭ جۇڭشىنىڭ يەنئەنگە بېرىشقا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى شۈي مېڭچۈغا تاپىلىدى.

ئەتىيازدا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، مالىيە نازارىتى دېھقانلارغا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئۈچۈن 395 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىكىنىڭ باشقا ئىشلىرى ئۈچۈن 610 مىڭ يۈەن پۇل قەرز بېرىشنى، ھەر خىل ئۇرۇقلاردىن 69٠780 دەن تارقىتىشنى، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىكى دېھقانلارغا سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن سوپەتلىك چىگىتتىن 30 تونىنا ئۆسۈمسىز قەرز بېرىشنى قارار قىلدى. بۇ ئىش يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» نىڭ 3 - جىلد 6 - سانىغا شېن جىيۈەننىڭ «نۆۋەتتىكى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت»، جاڭ جۈشىنىڭ «ئامېرىكا — ياپونىيە سودا شەرتنامىسى مەسىلىسىنىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشى»، «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك سوۋېتلەرنى ئۆزگەرتىپ سايلاشنىڭ نەتىجىسى»، «سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ 1939 - يىللىق يەكۈنى»، ساكۇگىلياۋنىڭ «جۇڭگو تىل - يېزىقىنى لاتىنلاشتۇرۇش مەسىلىسى»، جۇ دەنخۇانىڭ «8 - مارت» خەلقئارا ئاياللار بايرىمىنى خاتىرىلەيمىز»، لى خې (تەخەللۇسى شياۋلى) نىڭ «ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ يېقىنقى نەيرەڭدىكى سىياسىي ھۇجۇمىنى قانداق تارمار قىلىش كېرەك» دېگەن ماقالىلىرى بېسىلدى.

3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ باۋچيەن، مۇئاۋىن باشلىقى خۇاڭ خوچىڭ 137 - نومۇرلۇق كۆرسەتمە ئېلان قىلىپ ئۈچتۇرپان ناھىيىسى خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنى ياخشىلاش يۈزىسىدىن، ئاقسۇ — ئۈچتۇرپان — قاراقول تاشيولىنى ياساش ئۈچۈن 500 دەن بۇغداي بەردى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئۈچۈن 800 دەن بۇغداي قەرز بەردى، يەنە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ياتاق ئۆيلىرىنى ياساش ئۈچۈن 100 دەن بۇغداي بەردى.

3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋاڭ مونى شىنجاڭ گېزىتى قەشقەر شۆبىسىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلىدى. ۋاڭ مو 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئىش ئورنىغا يېتىپ باردى. قەشقەر گېزىتى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە چىقىرىلاتتى. خەنزۇچە گېزىت تۆت فورماتلىق كىچىك گېزىت بولۇپ، شاپىگراف بىلەن بېسىلىپ ئۈچ كۈندە بىر سان چىقاتتى، ھەربىر سانى 600 نۇسخا تارقىلاتتى. ئۇيغۇرچە گېزىت ئىككى فورماتلىق بولۇپ دىخ مەتبەئە بىلەن بېسىلىپ، ھەپتىسىگە ئۈچ سان چىقاتتى، ھەربىر سانى ئۈچ مىڭ نۇسخا ئەتراپىدا تارقىتىلاتتى. قەشقەر شۆبە گېزىتىدە بۇرۇن خەۋەر قوبۇل قىلىش ئۈسكۈنىلىرى يوق ئىدى. ۋاڭ مو باش مۇھەررىر بولۇپ بارغاندىن كېيىن، ئۈچ لامپىلىق تۇراقلىق توك رادىئو قوبۇللىغۇچ سېتىۋالدى ۋە ئۆزى خەۋەر-

لەرنى قوبۇل قىلدى ھەم باشماقالا يېزىپ تۇردى. 1942 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ۋاڭ مو يەنە شىنجاڭ گېزىتى باش مۇھەررىرلەر بۆلۈمىنىڭ تەھرىرلىكىگە يۆتكەلدى.

3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ۋاڭ باۋچيەن، خېڭ خوچىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، 23 - نومۇرلۇق كۆرسەتمىگە ئىمزا قويۇپ، ۋىنسۇ ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش توغرىسىدا سەككىز مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇلار تۆۋەندىكىچە: (1) مەزكۇر ناھىيىدىكى نېفىت، سىڭسىر تاش، تۇز، كۆمۈر، تۆمۈر كانلىرىنى ۋە بۇ كانلارنىڭ كۆلىمى بىلەن مەھسۇلات مىقدارىنى تەكشۈرۈش؛ (2) بوز يەر ئېچىپ، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ، سۇ ئىنشائاتى ۋە تېرىلغۇ يەرنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش؛ (3) قۇشخانا قۇرۇپ، كېسەل ماللارنى ئۆلتۈرۈشتىن ساقلىنىش؛ (4) پاختا تېرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، دېھقانلارنىڭ دارامىتىنى ئاشۇرۇش؛ (5) ئۈزۈم دەرىخىنى كۆپەيتىپ، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش دارامىتىنى ئاشۇرۇش؛ (6) تېزلىكتە دېھقانلار جەمئىيىتى قۇرۇش؛ (7) ئورمانلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، مۇھاپىزەت ئىشلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى تەييارلاش؛ (8) دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇچتۇرپاننىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش توغرىسىدىمۇ ئالتە تۈرلۈك پىكىر قويدى.

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، ماۋزېمىن چارۋىلاردىن باج ئېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ چارۋىلاردىن باج ئېلىش بويىچە مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش نىزامى» نى تۈزۈپ چىقىپ، ئېلان قىلىپ ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشىغا سۇندى. 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ماۋزېمىن يەنە ئالتە ماددىلىق كۆرسەتمە چىقىرىپ، تىرىك چارۋىلارنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنى تۈگىتىپ، چارۋا بېجى كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ۋەزىپىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلاش ئۈچۈن، مالىيە نازارىتى يەنە 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «باج خادىملىرىنىڭ چارۋىچىلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلىشى لازىملىقى، چارۋىچىلارنى ئوزۇق - تۈلۈك بېرىشكە مەجبۇرلاشقا ياكى قاقتى - سوقتى قىلىشقا ۋە باج ئېلىش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدىغانلىقى» توغرىسىدا ئومۇمىي بۇيرۇق چىقاردى.

4 - ئايدا، «12 - ئاپرېل» نى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، جاۋ دەن، شۆي تاۋ، بەي دافاڭ، يۈي سۇن قاتارلىقلار رەھبەرلىكىدىكى «تەجرىبە تىياتىر ئۆمىكى» ئۆزلىرى تەييارلىغان «يېڭى شىنجاڭ ياشىسۇن» دېگەن درامىنى ئويناپ چىقتى.

جاۋ دەن، شۈي تاۋ، يې لۇچيەن قاتارلىقلار دراممىدا رول ئالدى، 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ماۋدۇن بۇ درامىنىڭ ئويۇنلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن، «‹يېڭى شىنجاڭ ياشىسۇن› ئويۇنالغاندىن كېيىن» دېگەن ماقالا يېزىپ، شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلدى.

«تەجرىبە تىياتىر ئۆمىكى» يەنە «يۇرت-ئۈم» (1940 - يىل 1 — 2 - ئاي)، «تۈۋرۈكسىز زەربە» (1940 - يىل 5 - ئاي)، «جاھانگىرلىككە قارشى قەھرىمانلار»، «ھارپا كېچىسى» (1940 - يىل 11 - ئاي) قاتارلىق تىياتىرلارنى ۋە «كىچىك قارىۋاي»، «ئاكا - ئۇكىلار»، «ياپون باسقۇنچىلىرىغا زەربە بېرەيلى» (1940 - يىل 4 - ئاي)، «قانلىق ‹18 - سىنتەبىر›»، «ئاخىرقى پىلان»، «ئىتائەتچان پۇقرا»، «ئاختۇرۇش» (1940 - يىل 9 — 10 - ئاي) قاتارلىق بىر كۆرۈنۈشلۈك درامىلارنى ئويناپ چىقتى. جاۋ دەن، بەي دافاڭ قاتارلىق كىشىلەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئويناپ چىققان «ئانار گۈل» دراممىسىغا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ياردەملەشتى. يۇقىرىدىكى درامىلارنىڭ ئاشكارا ئويۇنلىشى ئۈرۈمچىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇردى. 1940 - يىلىدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭنىڭ تىياتىر ھەرىكىتى كەڭ تۈردە ئومۇملىشىش ۋە ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا كىردى ھەمدە ئاممىنى ئويغىتىش، دۆلەتنى، مىللەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش رولىنى ئوينىدى.

4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى ماۋدۇننىڭ «مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە كېلىچىكى»، شۈيناۋنىڭ «تىياتىر ۋە ئىنقىلابىي ھەرىكەت»، شى مېينىڭ «شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دائىر بىرقانچە مەسىلە»، شېن جىڭيۈەننىڭ «جاھانگىرلىككە قارشى ھەربىيلەر بىلەن ئۆزۈش تۇغرىسىدا سۆھبەت» قاتارلىق ماقالىلىرىنى باستى.

4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، چېن تەنچيۇ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان كوممۇنىستلارغا خەت يېزىپ مۇنۇلارنى ئۇقتۇرۇپ قويدى: (1) شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە ئىقتىسادىي شارائىتى ۋە مۇھىتىنى نەزەردە تۇتۇپ شىنجاڭدا پارتىيىگە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرمايمىز، كوممۇنىزمنى تەشۋىق قىلمايمىز، ھەتتا پارتىيە تەشكىلىنىمۇ قۇرمايمىز. چۈنكى، 1) شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى ئىقتىسادىي شارائىتىدا پرولېتارىياتنىڭ ئاممىۋى ئاساسى ھازىرلانمىدى. 2) شىنجاڭنىڭ بىر خىل مۇرەككەپ سىياسىي مۇھىتى پارتىيە تەشكىلىنىڭ بولۇشىغا ۋە ئۇنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا ئىمكان بەرمەيدۇ. (2) بىزنىڭ شىنجاڭدىكى خىزمىتىمىز ئىچكى ئۆلكىلەردىكىدىن پەرقلىنىدۇ. ئىچكى ئۆلكىلەردە قارىمۇ قارشى ئىككى پارتىيە ھەمكارلىشىۋاتىدۇ، بىر خىل ھەمكارلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا سىنىپىي زىددىيەت بار... شىنجاڭدىكى خىزمەتتە بولسا ئەھۋال باشقىچە. بىز شىنجاڭغا پارتىيىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە «6 سىياسەت» نى ئىجرا قىلىشقا

ياردەملەشكىلى، «6 سىياسەت» لىك ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشكە ياردەم بەرگىلى كەلدۇق. چۈنكى، «6 سىياسەت» شىنجاڭنىڭ ھازىرقى شارائىتىغا ئەڭ ئۇيغۇن كېلىدىغان ئالىغار سىياسەت... شۇڭا، «6 سىياسەت» نىڭ غەلىبىسى بىزنىڭ شىنجاڭدىكى غەلىبىمىز بولىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ قىياپىتىمىزنى ئاشكارىلىماسلىقىمىز، مۇستەقىل ياكى «6 سىياسەت» كە قارىمۇ قارشى بولغان تەشەببۇسلاردا بولماسلىقىمىز لازىم. بۇنداق قارىمۇ قارشىلىق جاھانگىرلىك ۋە ئەكسىيەتچىلەرگىلا پايدىلىق. (3) ...يەتتە يىلدىن بۇيان «6 سىياسەت» نى ئىجرا قىلىش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. لېكىن شىنجاڭنىڭ سىياسىي مۇھىتى مۇرەككەپ، ئىجتىمائىي توسالغۇ بەك زور بولغاچقا، «6 سىياسەت» ئۆزۈل - كېسىل ئىجرا قىلىنمىدى. بەزىدە ئەگرى - توقايلىقلار ئىچىدە ئاستا ئىلگىرىلەش شەكلىنى قوللىنىشقىمۇ توغرا كەلدى... بىز «6 سىياسەت» نىڭ ئۆزۈل - كېسىل غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ قەتئىي، سەۋرچان ۋە جاپالىق كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. (4) جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشمىسى شىنجاڭدىكى بىردىنبىر سىياسىي تەشكىلات، ئۇ «6 سىياسەت» نى ئاساس قىلىدۇ،... خىزمەت قىلىۋاتقان يولداشلىرىمىز ئىمكان قەدەر بۇ تەشكىلاتقا قاتنىشىشى كېرەك. (5) يولداشلارنىڭ جايلاردىكى گۇرۇپپىلىرى پارتىيە گۇرۇپپىسى تۈسىنى ئالماي نەزەرىيە تەرەققىياتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا، تۇرمۇش تەكشۈرۈشكە ۋە خىزمەتلەردە پىكىر ئالماشتۇرۇشقا ئاسانلىق تۇغدۇرىدىغان، يولداشلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت شەكلىنى ئېلىش لازىم.... قىسقىسى، يولداشلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت كۆرۈنۈشتە بەكمۇ زىچ بولۇپ كەتمىسۇن... جايلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان يولداشلار خىزمەت ئېھتىياجى بولمىغان ئەھۋالدا مەسئۇل يولداشنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ ئۆزئارا خەت يېزىشماسلىقى كېرەك. پارتىيە تەشكىلى بولمىغانلىقى پارتىيە بەدىلى ئايمۇ - ئاي تاپشۇرۇلۇشى لازىم. (6) بەزى يولداشلار... بىز «6 سىياسەت» نى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلدۇق، زور تىرىشچانلىقلار كۆرسەتتۇق، خىزمەتتە خېلى نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق، لېكىن بەزىلەرنىڭ چەتكە قېقىشى، كەمسىتىشى ھەتتا زىيانكەشلىك قىلىشىدىن خالىي بولالمايۋاتىمىز، دەپ قاراۋاتىدۇ.... (7) چەت ناھىيىلەردە خىزمەت قىلىۋاتقان بەزى يولداشلار ئېھتىيات ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ... خاتالىق ئۆتكۈزۈش، ئارقىدا قېلىش، چىرىكلىشىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك: 1) مۇستەقىل ئىشلەش. 2) ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش. 3) ئاگاھلىق چىنىقىش... پارتىيە بىزدىن ھەرقانداق شارائىت، ھەرقانداق مۇھىتتا بولشېۋىكچە ئېسىل سۈپەتنى مۇستەھكەم ساقلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

١ - ئاينىڭ 24 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى ماۋزېدۇڭ، جۇدې، پېڭ دېخۇەي، جو ئېنلەي، رېن بىشى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ «12 - ئاپرېل» كۈنىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن شېڭ شىسەيگە ئەۋەتكەن تەبرىك تېلېگراممىسىنى باستى.

ھۆرمەتلىك مۇشتەرىلەر دىققىتىگە:

كوررېكتورىمىزنىڭ دىققەتسىزلىكى تۈپەيلى، ژۇرنىلىمىزنىڭ 88-يىللىق 2-سانىدا بەزى سۆزلەر خاتا بېسىلىپ كەتكەن. شۇڭا تۆۋەندىكى جەدۋەل بويىچە تۈزىتىپ ئوقۇشىڭىزلارنى تۆۋەنلىك بىلەن ئۈمىد قىلىمىز.

| بەت | قۇر ي | قۇر ت | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|
| 42 | | 6 | پەرەر | پەرەز |
| 52 | 3 | | ۋىن بوگى | ۋېنبېرگ |
| 71 | 12 | | خەرىنە | خەزىنە |
| 72 | | 14 | تەبىنلەيتتى | تەيىنلەيتتى |
| 78 | 8 | | خامىرلەر | خاتىرىلەر |
| 81 | 6 | | ياسالايدۇ | باسالايدۇ |
| 90 | 6 | | سەھرىتىپ | سەمرىتىپ |
| 105 | 10 | | كوممارتىيىنىڭ | كومپارتىيىنىڭ |
| 111 | | 4 | خەتەرلىكىگە | بىخەتەرلىكىگە |
| 112 | | 6 | خ ك پ | ج ك پ |
| 114 | | 19 | چ ك پ | ج ك پ |
| 120 | | 1 | ھەربىي | غەربىي |
| 126 | 5-9 | | ئۆلكىلىك | ئۆلگىلىك |

# ھىجرىيە ۋە مىلادىيە كالىندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

(چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن جەدۋەل بىلەن كۆرسىتىلدى)

| ھىجرىيە يىل تەرتىپى / مىلادىيە يىل تەرتىپى / ئايلىرى | 1361 | | | 1400 | | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1944 – 1945 | | | 1980 – 1981 | | | |
| ھىجرىيە ئاي تەرتىپى | كۈنلەر | مىلادىيە ئايلىرى | ھەپتە | كۈنلەر | مىلادىيە ئايلىرى | ھەپتە | |
| 1 | 24 | 10 | 3 | 13 | 10 | 7 | ھەر ئىككى كالىندارنىڭ |
| 2 | 23 | 11 | 5 | 12 | 11 | 2 | كۈن، ھەپتىلىرى ئوخشاش |

## ھىجرىيە يىلىنىڭ ئاي ئىسىملىرى ۋە تەرتىپى

| | |
|---|---|
| 1 . ئەلمۇھەررەم | Əlmuⱨərrəm |
| 2 . سەپەر | Səpər |
| 3 . رەبىئۇل ئەۋۋەل | Rəbiul əwwəl |
| 4 . رەبىئۇسسانى | Rəbius sani |
| 5 . جامادىيەل ئەۋۋەل | Jamadiyəl əwwəl |
| 6 . جامادىيەل ئاخىر | Jamadiyəl ahir |
| 7 . رەجەپ | Rəjəp |
| 8 . شەئبان | Xə·ban |
| 9 . رامازان | Ramazan |
| 10 . شەۋۋال | Xəwwal |
| 11 . زۇلقەئدە | Zulⱪə’də |
| 21 . زۇلھىججە | Zulⱨijjə |

| 265 | 1321<br>1903-1904 | 1322<br>1904-1905 | 1323<br>1905-1906 | 1324<br>1906-1907 | 1325<br>1907-1908 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 30·3·2 | 18·3·6 | 8·3·4 | 25·2·1 | 14·2·5 |
| 2 | 29·4·4 | 17·4·1 | 7·4·6 | 27·3·3 | 16·3·7 |
| 3 | 28·5·5 | 16·5·2 | 6·5·7 | 25·4·4 | 14·4·1 |
| 4 | 27·6·7 | 15·6·4 | 5·6·2 | 25·5·6 | 14·5·3 |
| 5 | 26·7·1 | 14·7·5 | 4·7·3 | 23·6·7 | 12·6·4 |
| 6 | 25·8·3 | 13·8·7 | 3·8·5 | 23·7·2 | 12·7·6 |
| 7 | 23·9·4 | 11·9·1 | 1·9·6 | 21·8·3 | 10·8·7 |
| 8 | 23·10·6 | 11·10·3 | 1·10·1 | 20·9·5 | 9·9·2 |
| 9 | 21·11·7 | 9·11·4 | 30·10·2 | 19·10·6 | 8·10·3 |
| 10 | 21·12·2 | 9·12·6 | 29·11·4 | 18·11·1 | 7·11·5 |
| 11 | 19·1·3 | 7·1·7 | 28·12·5 | 17·12·2 | 6·12·6 |
| 12 | 18·2·5 | 6·2·2 | 27·1·7 | 16·1·4 | 5·1·1 |

| 266 | 1326<br>1908 | 1327<br>1909 | 1328<br>1910 | 1329<br>1911 | 1230<br>1911-1912 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 4·2·3 | 23·1·7 | 13·1·5 | 2·1·2 | 22·12·6 |
| 2 | 5·3·5 | 22·2·2 | 12·2·7 | 1·2·4 | 21·1·1 |
| 3 | 3·4·6 | 23·3·3 | 13·3·1 | 2·3·5 | 19·2·2 |
| 4 | 3·5·1 | 22·4·5 | 12·4·3 | 1·4·7 | 20·3·4 |
| 5 | 1·6·2 | 21·5·6 | 11·5·4 | 30·4·1 | 18·4·5 |
| 6 | 1·7·4 | 20·6·1 | 10·6·6 | 30·5·3 | 18·5·7 |
| 7 | 30·7·5 | 19·7·2 | 9·7·7 | 28·6·4 | 16·6·1 |
| 8 | 29·8·7 | 18·8·4 | 8·8·2 | 28·7·6 | 16·7·3 |
| 9 | 27·9·1 | 16·9·5 | 6·9·3 | 26·8·7 | 14·8·4 |
| 10 | 27·10·3 | 16·10·7 | 6·10·5 | 25·9·2 | 13·9·6 |
| 11 | 25·11·4 | 14·11·1 | 4·11·6 | 24·10·3 | 12·10·7 |
| 12 | 25·12·6 | 14·12·3 | 4·12·1 | 23·11·5 | 11·11·2 |

| 267 | 1331<br>1912-1913 | 1332<br>1913-1914 | 1333<br>1914-1915 | 1334<br>1915-1916 | 1335<br>1916-1917 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 11·12·4 | 30·11·1 | 19·11·5 | 9·11·3 | 28·10·7 |
| 2 | 10·1·6 | 30·12·3 | 19·12·7 | 9·12·5 | 27·11·2 |
| 3 | 8·2·7 | 28·1·4 | 17·1·1 | 7·1·6 | 26·12·3 |
| 4 | 10·3·2 | 27·2·6 | 16·2·3 | 6·2·1 | 25·1·5 |
| 5 | 8·4·3 | 28·3·7 | 17·3·4 | 6·3·2 | 23·2·6 |
| 6 | 8·5·5 | 27·4·2 | 16·4·6 | 5·4·4 | 25·3·1 |
| 7 | 6·6·6 | 26·5·3 | 15·5·7 | 4·5·5 | 23·4·2 |
| 8 | 6·7·1 | 25·6·5 | 14·6·2 | 3·6·7 | 23·5·4 |
| 9 | 4·8·2 | 24·7·6 | 13·7·3 | 2·7·1 | 21·6·5 |
| 10 | 3·9·4 | 23·8·1 | 12·8·5 | 1·8·3 | 21·7·7 |
| 11 | 2·10·5 | 21·9·2 | 10·9·6 | 30·8·4 | 19·8·1 |
| 12 | 1·11·7 | 21·10·4 | 10·10·1 | 29·9·6 | 18·9·3 |

| 268 | 1336<br>1917-1918 | 1337<br>1918-1919 | 1338<br>1919-1920 | 1339<br>1920-1921 | 1340<br>1921-1922 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 17·10·4 | 7·10·2 | 26·9·6 | 15·9·4 | 4·9·1 |
| 2 | 16·11·6 | 6·11·4 | 26·10·1 | 15·10·6 | 4·10·3 |
| 3 | 15·12·7 | 5·12·5 | 24·11·2 | 13·11·7 | 2·11·4 |
| 4 | 14·1·2 | 4·1·7 | 24·12·4 | 13·12·2 | 2·12·6 |
| 5 | 12·2·3 | 2·2·1 | 22·1·5 | 11·1·3 | 31·12·7 |
| 6 | 14·3·5 | 4·3·3 | 21·2·7 | 10·2·5 | 30·1·2 |
| 7 | 12·4·6 | 2·4·4 | 21·3·1 | 11·3·6 | 28·2·3 |
| 8 | 12·5·1 | 2·5·6 | 20·4·3 | 10·4·1 | 30·3·5 |
| 9 | 10·6·2 | 31·5·7 | 19·5·4 | 9·5·2 | 28·4·6 |
| 10 | 10·7·4 | 30·6·2 | 18·6·6 | 8·6·4 | 28·5·1 |
| 11 | 8·8·5 | 29·7·3 | 17·7·7 | 7·7·5 | 26·6·2 |
| 12 | 7·9·7 | 28·8·5 | 16·8·2 | 6·8·7 | 26·7·4 |

| 269 | 1341<br>1922 - 1923 | 1342<br>1923 - 1924 | 1343<br>1924 - 1925 | 1344<br>1925 - 1926 | 1345<br>1926 - 1927 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 24.8.5 | 14.8.3 | 2.8.7 | 22.7.4 | 12.7.2 |
| 2 | 23.9.7 | 13.9.5 | 1.9.2 | 21.8.6 | 11.8.4 |
| 3 | 22.10.1 | 12.10.6 | 30.9.3 | 19.9.7 | 9.9.5 |
| 4 | 21.11.3 | 11.11.1 | 30.10.5 | 19.10.2 | 9.10.7 |
| 5 | 20.12.4 | 10.12.2 | 28.11.6 | 17.11.3 | 7.11.1 |
| 6 | 19.1.6 | 9.1.4 | 28.12.1 | 17.12.5 | 7.12.3 |
| 7 | 17.2.7 | 7.2.5 | 26.1.2 | 15.1.6 | 5.1.4 |
| 8 | 19.3.2 | 8.3.7 | 25.2.4 | 14.2.1 | 4.2.6 |
| 9 | 17.4.3 | 6.4.1 | 26.3.5 | 15.3.2 | 5.3.7 |
| 10 | 17.5.5 | 6.5.3 | 25.4.7 | 14.4.4 | 4.4.2 |
| 11 | 15.6.6 | 4.6.4 | 24.5.1 | 13.5.5 | 3.5.3 |
| 12 | 15.7.1 | 4.7.6 | 23.6.3 | 12.9.7 | 2. 6.5 |

| 270 | 1346<br>1927-1928 | 1347<br>1928-1929 | 1348<br>1929-1930 | 1349<br>1930 - 1931 | 1350<br>1931 - 1932 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 1·7·6 | 20·6·4 | 9·6·1 | 29·5·5 | 19·5·3 |
| 2 | 31·7·1 | 20·7·6 | 9·7·3 | 28·6·7 | 18·6·5 |
| 3 | 29·8·2 | 18·8·7 | 7·8·4 | 27·7·1 | 17·7·6 |
| 4 | 28·9·4 | 17·9·2 | 6·9·6 | 26·8·3 | 16·8·1 |
| 5 | 27·10·5 | 16·10·3 | 5·10·7 | 24·9·4 | 14·9·2 |
| 6 | 26·11·7 | 15·11·5 | 4·11·2 | 24·10·6 | 14·10·4 |
| 7 | 25·12·1 | 14·12·6 | 3·12·3 | 22·11·7 | 12·11·5 |
| 8 | 24·1·3 | 13·1·1 | 2·1·5 | 22·12·2 | 12·12·7 |
| 9 | 22·2·4 | 11·2·2 | 31·1·6 | 20·1·3 | 10·1·1 |
| 10 | 23·3·6 | 13·3·4 | 2·3·1 | 19·2·5 | 9·2·3 |
| 11 | 21·4·7 | 11·4·5 | 31·3·2 | 20·3·6 | 9·3·4 |
| 12 | 21·5·2 | 11·5·7 | 30·4·4 | 19·4 ·1 | 8·4·6 |

| 271 | 1351<br>1932 - 1933 | 1352<br>1933 - 1934 | 1353<br>1934 - 1935 | 1354<br>1935 - 1936 | 1355<br>1936 - 1937 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 7.5.7 | 26.4.4 | 16.4.2 | 5.4.6 | 24.3.3 |
| 2 | 6.6.2 | 26.5.6 | 16.5.4 | 5.5.1 | 23.4.5 |
| 3 | 5.7.3 | 24.6.7 | 14.6.5 | 3.6.2 | 22.5.6 |
| 4 | 4.8.5 | 24.7.2 | 14.7.7 | 3.7.4 | 21.6.1 |
| 5 | 2.9.6 | 22.8.3 | 12.8.1 | 1.8.5 | 20.7.2 |
| 6 | 2.10.1 | 21.9.5 | 11.9.3 | 31.8.7 | 19.8.4 |
| 7 | 31.10.2 | 20.10.6 | 10.10.4 | 29.9.1 | 17.9.5 |
| 8 | 30.11.4 | 19.11.1 | 9.11.6 | 29.10.3 | 17.10.7 |
| 9 | 29.12.5 | 18.12.2 | 8.12.7 | 27.11.4 | 15.11.1 |
| 10 | 28.1.7 | 17.1.4 | 7.1.2 | 27.12.6 | 15.12.3 |
| 11 | 26.2.1 | 15.2.5 | 5.2.3 | 25.1.7 | 13.1.4 |
| 12 | 28.3.3 | 17.3.7 | 7.3.5 | 24.2.2 * | 12.2.6 |

| 272 | 1356<br>1937 - 1938 | 1357<br>1938 - 1939 | 1358<br>1939 - 1940 | 1359<br>1940 | 1360<br>1941 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 14.3.1 | 3.3.5 | 21.2.3 | 10.2.7 | 29.1.4 |
| 2 | 13.4.3 | 2.4.7 | 23.3.5 | 11.3.2 | 28.2.6 |
| 3 | 12.5.4 | 1.5.1 | 21.4.6 | 9.4.3 | 29.3.7 |
| 4 | 11.6.6 | 31.5.3 | 21.5.1 | 9.5.5 | 28.4.2 |
| 5 | 10.7.7 | 29.6.4 | 19.6.2 | 7.6.6 | 27.5.3 |
| 6 | 9.8.2 | 29.7.6 | 19.7.4 | 7.7.1 | 26.6.5 |
| 7 | 7.9.3 | 27.8.7 | 17.8.5 | 5.8.2 | 25.7.6 |
| 8 | 7.10.5 | 26.9.2 | 16.9.7 | 4.9.4 | 24.8.1 |
| 9 | 5.11.6 | 25.10.3 | 15.10.1 | 3.10.5 | 22.9.2 |
| 10 | 5.12.1 | 24.11.5 | 14.11.3 | 2.11.7 | 22.10.4 |
| 11 | 3.1.2 | 23.12.6 | 13.12.4 | 1.12.1 | 20.11.5 |
| 12 | 2.2.4 | 22.1.1 * | 12.1.6 | 31.12.3 | 20.12.7 |

| 273 | 1361<br>1942 | 1362<br>1943 | 1363<br>1943 - 1944 | 1364<br>1944 - 1945 | 1365<br>1945 - 1946 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 19·1·2 | 8·1·6 | 28·12·3 | 17·12·1 | 6·12·5 |
| 2 | 18·2·4 | 7·2·1 | 27·1·5 | 16.1.3 | 5·1·7 |
| 3 | 19·3·5 | 8·3·2 | 25·2·6 | 14·2·4 | 3·2·1 |
| 4 | 18·4·7 | 7·4·4 | 26·3·1 | 16·3·6 | 5·3·3 |
| 5 | 17·5·1 | 6·5·5 | 24·4·2 | 14·4·7 | 3·4·4 |
| 6 | 16·6·3 | 5·6·7 | 24·5·4 | 14·5·2 | 3·5·6 |
| 7 | 15·7·4 | 4·7·1 | 22·6·5 | 12·6·3 | 1·6·7 |
| 8 | 14·8·6 | 3·8·3 | 22·7·7 | 12·7·5 | 1·7·2 |
| 9 | 12·9·7 | 1·9·4 | 20·8·1 | 10·8·6 | 30·8·3 |
| 10 | 12·10·2 | 1·10·6 | 19·9·3 | 9·9·1 | 29·9·5 |
| 11 | 10·11·3 | 30·10·7 | 18·10·4 | 8·10·2 | 28·10·6 |
| 12 | 10·12·5 | 29·11·2 | 17·11·6 | 7·11·4 | 27·11·1 * |

| 274 | 1366<br>1946 - 1947 | 1367<br>1947 - 1948 | 1368<br>1948 - 1949 | 1369<br>1949 - 1950 | 1370<br>1950 - 1951 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 26.12.2 | 16.12.7 | 16.12.4 | 24.11.1 | 14.11.6 |
| 2 | 25.1.4 | 15.1.2 | 15.1.6 | 24.12.3 | 14.12.1 |
| 3 | 23.2.5 | 13.2.3 | 13.2.7 | 22.1.4 | 12.1.2 |
| 4 | 25.3.7 | 15.3.5 | 14.3.2 | 21.2.6 | 11.2.4 |
| 5 | 23.4.1 | 13.4.6 | 2.4.3 | 22.3.7 | 12.3.5 |
| 6 | 23.5.3 | 13.5.1 | 2.5.5 | 21.4.2 | 11.4.7 |
| 7 | 21.6.4 | 11.6.2 | 31.5.6 | 20.5.3 | 10.5.1 |
| 8 | 21.7.6 | 11.7.4 | 30.6.1 | 19.6.5 | 9.6.3 |
| 9 | 19.8.7 | 9.8.5 | 29.7.2 | 18.7.6 | 8.7.4 |
| 10 | 18.9.2 | 8.9.7 | 28.8.4 | 17.8.1 | 7.8.6 |
| 11 | 17.10.3 | 7.10.1 | 26.9.5 | 15.9.2 | 5.9.7 |
| 12 | 16.11.5 | 6.11.3 * | 26.10.7 | 15.10.4 | 5.10.2 * |

| 275 | 1371<br>1951 - 1952 | 1372<br>1952 - 1953 | 1373<br>1953 - 1954 | 1374<br>1954 - 1955 | 1375<br>1955 - 1956 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 3.11.2 | 22.10.4 | 13.10.2 | 3.10.6 | 24.10.3 |
| 2 | 3.12.4 | 21.11.6 | 12.11.4 | 1.11.1 | 23.11.5 |
| 3 | 1.1.5 | 20.12.7 | 11.12.5 | 30.12.2 | 22.12.6 |
| 4 | 31.1.7 | 19.1.2 | 10.1.7 | 29.1.4 | 21.1.1 |
| 5 | 29.2.1 | 18.2.3 | 8.2.1 | 27.2.5 | 19.2.2 |
| 6 | 30.3.3 | 20.3.5 | 10.3.3 | 29.3.7 | 20.3.4 |
| 7 | 28.4.5 | 18.4.6 | 8.4.4 | 27.4.1 | 18.4.5 |
| 8 | 28.5.6 | 18.5.1 | 8.5.6 | 27.5.2 | 18.5.7 |
| 9 | 26.6.1 | 16.6.2 | 6.6.7 | 25.6.3 | 16.6.1 |
| 10 | 26.7.3 | 16.7.4 | 6.7.2 | 25.7.5 | 16.7.3 |
| 11 | 24.8.4 | 14.8.5 | 4.8.3 | 23.8.6 | 14.8.4 |
| 12 | 23.9.5 | 13.9.7 | 4.9.5 | 24.9.1 | 13.9.6 |

| 276 | 1376<br>1956 - 1957 | 1377<br>1957 - 1958 | 1378<br>1958 - 1959 | 1379<br>1959 - 1960 | 1380<br>1960 - 1961 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 12·10·7 | 2·10·4 | 23·10·2 | 13·10·6 | 1·9·3 |
| 2 | 11·11·2 | 1·11·6 | 22·11·4 | 12·11·1 | 1·10·5 |
| 3 | 10·12·3 | 30·12·7 | 21·12·5 | 11·12·2 | 30·11·6 |
| 4 | 9·1·5 | 29·1·2 | 20·1·7 | 9·1·4 | 30·12·1 |
| 5 | 7·2·6 | 28·2·3 | 18·2·1 | 8·2·5 | 28·1·2 |
| 6 | 9·3·1 | 30·3·5 | 20·3·3 | 9·3·7 | 27·2·4 |
| 7 | 7·4·2 | 28·4·6 | 18·4·4 | 7·4·1 | 27·3·5 |
| 8 | 7·5·4 | 28·5·1 | 18·5·6 | 7·5·3 | 25·4·7 |
| 9 | 5·6·5 | 26·6·2 | 16·6·7 | 5·6·4 | 24·5·1 |
| 10 | 5·7·7 | 26·7·4 | 16·7·2 | 6·6·6 | 23·6·3 |
| 11 | 3·8·1 | 24·8·5 | 14·8·3 | 4·7·7 | 22·7·4 |
| 12 | 2·9·3 | 23·9·7 | 13·9·5 | 3·8·2 | 21·8·5 |

| 277 | 1381<br>1961 - 1962 | 1382<br>1962-1963 | 1383<br>1963-1964 | 1384<br>1964-1965 | 1385<br>1965-1966 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 19.9.7 | 8.9.4 | 30.9.2 | 18.9.6 | 7.9.3 |
| 2 | 19.10.2 | 8.10.6 | 30.10.4 | 18.10.1 | 7.10.5 |
| 3 | 17.10.3 | 6.11.7 | 28.11.5 | 16.11.2 | 5.11.6 |
| 4 | 17.12.5 | 6.12.2 | 28.15.7 | 16.12.4 | 5.12.1 |
| 5 | 15.1.6 | 4.1.3 | 26.1.1 | 14.1.5 | 3.1.2 |
| 6 | 14.2.1 | 3.2.5 | 25.2.3 | 13.2.7 | 2.2.4 |
| 7 | 15.3.2 | 4.3.6 | 25.3.4 | 14.3.1 | 3.3.5 |
| 8 | 14.4.4 | 3.4.1 | 24.4.6 | 13.4.3 | 2.4.7 |
| 9 | 13.5.5 | 2.5.2 | 23.5.7 | 12.5.4 | 1.5.1 |
| 10 | 12.6.7 | 1.6.4 | 22.6.2 | 11.6.6 | 31.5.3 |
| 11 | 11.7.1 | 30.7.5 | 21.7.3 | 10.7.7 | 29.6.4 |
| 12 | 10.8.3 | 31.8.7<br>* | 20.8.5 | 9.8.2 | 29.7.6<br>* |

| 278 | 1386<br>1966 - 1967 | 1387<br>1967 - 1968 | 1388<br>1968 - 1969 | 1389<br>1969 - 1970 | 1390<br>1970 - 1971 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 28.8.4 | 16.8.6 | 5.8.4 | 26.7.2 | 15.7.6 |
| 2 | 27.9.6 | 15.9.3 | 4.9.6 | 25.8.4 | 14.8.1 |
| 3 | 26.10.7 | 14.10.4 | 3.10.7 | 23.9.5 | 12.9.2 |
| 4 | 24.11.2 | 13.11.6 | 2.11.2 | 23.10.7 | 12.10.4 |
| 5 | 23.12.3 | 12.12.7 | 1.12.3 | 21.11.1 | 10.15.5 |
| 6 | 22.1.5 | 11.1.2 | 31.12.5 | 21.12.3 | 10.12.7 |
| 7 | 20.2.6 | 10.2.3 | 29.1.6 | 19.1.4 | 8.1.1 |
| 8 | 22.3.1 | 11.3.5 | 28.2.1 | 18.2.6 | 7.2.3 |
| 9 | 20.4.2 | 9.4.6 | 29.3.2 | 19.3.7 | 8.3.4 |
| 10 | 20.5.4 | 9.5.1 | 28.4.4 | 18.4.2 | 7.4.6 |
| 11 | 18.6.5 | 7.6.7 | 27.5.5 | 17.5 3 | 6.5.7 |
| 12 | 18.7.7 | 7.7.3<br>* | 26.6.7 | 16.6.5 | 5.6.2<br>* |

| 279 | 1391<br>1971 - 1972 | 1392<br>1972 - 1973 | 1393<br>1973 - 1974 | 1394<br>1974 - 1975 | 1395<br>1975 - 1976 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 4.7.3 | 22.6.1 | 11.6.5 | 2.6.3 | 22.6.6 |
| 2 | 3.8.5 | 22.7.3 | 11.7.7 | 2.7.5 | 22.7.1 |
| 3 | 1.9.6 | 19.8.4 | 9.8.1 | 31.8.6 | 19.8.2 |
| 4 | 1.10.1 | 18.9.6 | 9.9.3 | 30.9.1 | 18.9.4 |
| 5 | 30.10.2 | 17.10.7 | 8.10.4 | 29.10.2 | 17.10.5 |
| 6 | 29.11.4 | 17.11.2 | 7.11.6 | 28.11.4 | 16.11.7 |
| 7 | 28.12.5 | 16.12.3 | 6.12.7 | 27.12.5 | 15.12.1 |
| 8 | 26.1.7 | 15.1.5 | 5.1.2 | 26.1.7 | 14.1.3 |
| 9 | 24.2.1 | 13.2.6 | 3.2.3 | 24.2.1 | 12.2.4 |
| 10 | 25.3.3 | 15.3.1 | 5.3.5 | 26.3.3 | 14.3.6 |
| 11 | 23.4.4 | 13.4.2 | 3.4.6 | 24.4.4 | 12.4.7 |
| 12 | 34.5.6 | 13.5.4 | 3.5.7 * | 24.5.5 | 12.5.2 |

| 280 | 1396<br>1976 - 1977 | 1397<br>1977 - 1978 | 1398<br>1978 - 1979 | 1399<br>1979 - 1980 | 1400<br>1980 - 1981 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 10.6.3 | 30.5.1 | 19.5.4 | 8.5.1 | 27.4.6 |
| 2 | 10.7.5 | 29.6.3 | 18.6.6 | 7.6.3 | 27.5.1 |
| 3 | 8.8.6 | 28.7.4 | 17.7.7 | 6.7.4 | 25.6.2 |
| 4 | 7.9.1 | 27.8.6 | 16.8.2 | 5.8.6 | 25.7.4 |
| 5 | 6.10.2 | 25.9.7 | 14.9.3 | 3.9.7 | 23.8.5 |
| 6 | 5.11.4 | 25.10.2 | 14.10.5 | 3.10.2 | 22.9.7 |
| 7 | 4.12.5 | 23.11.3 | 12.11.6 | 1.11.3 | 21.10.1 |
| 8 | 3.1.7 | 23.12.4 | 12.12.1 | 1.12.5 | 20.11.3 |
| 9 | 1.2.1 | 21.1.6 | 10.1.2 | 30.12.6 | 18.12.4 |
| 10 | 2.3.3 | 20.2.7 | 9.2.4 | 29.1.1 | 17.1.6 |
| 11 | 31.3.4 | 21.3.1 | 10.3.5 | 27.2.2 | 15.2.7 |
| 12 | 30.4.6 * | 20.4.3 | 9.7.4 * | 28.3.4 | 17.3.2 |

# Journal of Xinjiang University

(Philosophy and Social Sciences, Uighur Edition)

No. 3. 1988 (Total: No. 35)

## Contents

An Inquiry into the Theory of Socialism's Primary Stage ·············· *WuShuqing· WeiXinghua· Gaofang· XiGuangqing· ChenXianda* 1

On the Distinguishing Feature of Distributiun According to work in Socialism's Primary Stage ······························ *Abliz Imin and Omar Bəkri* 22

Hozha bahayidin Nahexbandi and Zagatai Literature ······························ *Abduxükür Mamat imin* 33

The National Features of Literature ······························ *Ayxam Hamut* 44

The Biographical Tradition of Central Asia· Western Asia and Xinjiag ······························ *Ablimit Rozi* 52

A Preliminary Inquiry into the Etywology of the word "Tajik" ······························ *Xiren Kurban* 62

Information and the Reform of News ······························ *Muhtar Mahsut* 67

The Contrast Between the Han and Uighur Poly-figure Numbers And its translation ······························ *Ahmət Yəhy* 74

Sun Yat-sen's Grand Plan About the Development of Xinjiang ······························ *DengShaohui* 79

A Peliminary Discussion on the Essence of YangZengxin's Closed-doorism and Obscurantist Policy ······························ *ChenHuisheng* 94

The Records of the Struggles of the Chinese Communist Party in Xinjiang During the Period of the New-democratic Revolution ······························ The Editorial Group of "The Records" 111



ئىلانباي قەدىمكى شەھەر خارابىسى


شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

新疆大学学报

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

（哲学社会科学维文版）

季　　刊

发行范围：　公开发行

تۈزگۈچىسى: «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى

باشقۇرغۇچىسى: شىنجاڭ داشۆ

باش مۇھەررىر: نىجات ئەھمەتجان

شىنجاڭ داشۆ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتاخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65—1035/C

بۇ ژۇرنال ئاشكارا تارقىتىلىدۇ. ۋاكالەت نومۇرى 58—13 . باھاسى 0.50 يۈەن